# تارىم

4

1992

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

ئابدۇراخمان قاھار پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ھازىرغىچە «ئەمەت ھاجى»، «ۋاپا»، «رۇستەم» قاتارلىق 30 غا يېقىن ھېكايە، «ئادەملەر، ماڭا رەھىم قىلماڭلار»، «كەچۈر مېنى، نازاكەت!»، «تۇغلۇق ــ چوغلۇق» قاتارلىق 7 پوۋېست، «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى توملۇق رومان يازدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ۋاپا» ھېكايىلەر توپلىمىنى، «ھايات سىرى» ناملىق رومانىنى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «كەچۈر مېنى، نازاكەت!» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.



ئۇ خوتەندە قەلەمكەشلەر ئارىسىدا.



ئۇ غۇلجا ناھىيە دۆڭمازار يېزىسىدا.



# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

4

1992

42-يىل نەشرى

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


م. هوشۇر ........ ئۆلۈككە خەت (هېكايە) ........ 4
ق. جېلىل ........ ئاددىي ئادەملەر (هېكايە) ........ 22
ئە. هاشىم ........ ئىككى مەسەل ........ 44
پ. ئىلياس ........ ئارمانلار يېلىنجايدۇ (پوۋېست) ........ 57
ن. توختى ........ نەسرلەر ........ 97
م. ئىمىن ........ راست ۋە يالغان (هېكايە) ........ 102


## شېئىرلار


س. ئەزىزى ........ يۈرەك ئالقىشلىرى ........ 47
م. خۇرسەندى ........ ئىككى شېئىر ........ 51
م. ئەبەيدۇللا ........ ئۈچ شېئىر ........ 54
ئى. ئىزاقى ........ ئىككى غەزەل ........ 55
م. راشىدىن ........ كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەر ........ 87
ھ. ئىبراھىم ........ غەزەللەر ........ 90
ت. روزى ........ ئاي نۇرىدىن كۈلگەن مىسرالار ........ 94
م. ياسىن ........ شېئىرلار ........ 95
خ. ئابلىمىت ........ ئۈزۈلمەس كۈي ........ 96
ت. ئوبۇلقاسىم ........ تۈيۈقلار ........ 96


## ماقالە ۋە ئوبزورلار


ئې. ئەبەيدۇللا ........ چىن قەلب كۈيى ........ 125

ئا. مۆھەممەتئىمىن ........... ئىككى شېئىر توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز .... 127
م. رەھىم ........... ئىككى شىڭگىل ئەسلىمە ........... 129
ئا. ئەزىزى ........... تېپىمھان ئېلىيېۋ رەڭلىك مېتاللار كانىدا ........ 131
ك. ئابدۇرېھىم ........... مۇھىمى، تەنقىدچىلىك ئىستىلى ........... 134

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

تۇرگېنېۋ ........... بېرىيۇك (ھېكايە) ........... 137

## ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

چىن شاۋۋېي ........... بىي داۋغا قايتا باھا ........... 146

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدا ئەسەر
قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........... 159
يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ۋاپات بولدى ........... 160

بۇ ساننىڭ رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.





ئەمتىمىن ھوشۇر

# ئۆلۈك خەت

(ھېكايە)

## 1

بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بولىدىغان، سالام-سائەتتى جايىدا، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان ناھايىتى قائىدىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى دوختۇرخانىدا بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئۆمرى ھېلىقىدەك بىر تەرىپى ئېگىز، بىر تەرىپى پەس، ھەر بىر زىخچىسىدا ئون تالدىن ئۇرۇقچىسى بار كونا رۇس چوتىنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ غەلىتە بىر قىلىقىنى بايقاپ قالدۇق.

باشتا بۇ ئىشقا بىزمۇ دىققەت قىلماپتۇق. مەھەللىدىكى پېنسىيىگە چىققان بىرنەچچىمىز ھەركۈنى دېگۈدەك كىچىك بەندىگىلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ، كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىپ قارتا ئوينايتتۇق. كۆۋرۈك يېنىدا پارچە-پۇرات نەرسە-كېرەكلەرنى ساتىدىغان بىر نەچچە دۇكانمۇ بار ئىدى. بىز قارتا ئوينىغاچ ئۆتكەن-كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشىپ، كۆرگەن بىلگەن يېڭىلىقلىرىمىز بولسا بىر-بىرىمىزگە يەتكۈزۈشەتتۇق. ياز كۈنلىرى كۆۋرۈك ئاستىدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ تۇرغان سۈزۈك سۇ سالقىن شامال پەيدا قىلىپ كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. سۇ بويىدىكى يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ كۆۋرۈك بېشىغا كۆكۈللۈك سايە تاشلاپ تۇراتتى. بىز ئۈچۈن بۇ يەر ھەرقانداق بىر پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ باغچىسىدىن راھەتلىكرەك ئىدى... ھېلىقى قوشنا بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا ئارىلاشمايتتى. بەزىدە ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ قوللىرىنى ئۇشۇقلاپ: «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قويۇپ، يېنىمىزدىن كۈلۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇھىم بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ بولغان ئادەملەردە بولىدىغان خۇرسەندىچىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ھوي، بۇ ئادەم دائىم ئۆيىدىن چىقىپلا «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەيدۇ، زادى كىمگە خەت يازىدۇ؟ — دەپ قالدى بىرەيلەن. بىزمۇ:

— راست، ئۇ كىمگە خەت يازىدۇ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن باللىرى مۇشۇ شەھەردە، باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق بولىدىغان، قىزىق ئىش-ھە! — دېيىشتۇق.

شۇنداق دېيىشىپ تۇراتتۇق، قوشنىمىز يەنە ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى ۋە بىزگە يېقىنلاشقانىدا:

— ئۇنىڭغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىۋەتتىم، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— كىمگە؟ — دېيىشتۇق بىر-ئىككىمىز تەڭلا.

— خوتۇنۇمغا ... مېنىڭ خەت يېزىشىدىغان باشقا كىمىم بار دەيسىلەر، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ھەممۇ چۈشۈۋاتقان قار تامدىن ئېزىپ كەتتىم، ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ يىل نەزىرلىرىنىڭ پولۇسىنى يەپ بولغىنىمىزغىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ ئولتۇرغان ھەممىمىز جامائەت بىلەن بىللە رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تاۋۇتقا ئەگىشىپ چىقىپ يەرلىكىدە قويغانىدۇق. بۇ چاقچىقى، ئۇنىڭ قەبرىسىنى قىلىن شىۋاق ئوتلار بېسىپ كەتكىنى ئېنىق ئىدى.

ئەزىمجان يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇندىن كېيىن بىزنىڭ گەپلىرىمىزمۇ قولاشماي قالدى. ئاغزىمىزدا دېمىسەكمۇ كۆڭلىمىزدە قوشنىمىزنى «بىچارە ئالجىپتۇ-دە!» دەۋاتقىنىمىز كۆزىمىزدىنلا چىقىپ تۇراتتى. قېرىغاندا شۇنداق كۈنلەرگە قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن! ئويۇنىمىزمۇ ئويۇن بولماي قالدى. قارتىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىدۇق.

2

بۇ گەپلەر شۇ كۈنلا ئۆيدىكى خوتۇنلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خوتۇن خەق دېگەن تۇرەۋۇشنى يەنە باشقىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان جامائەت-تە.

— ۋاي بىچارە، يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ تازا زېرىكىپتۇ-دە! — دېدى مېنىڭ ئايالىم.

— زېرىكىپتۇ؟! بىز ئايىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېيىشتۇققۇ!

— ئوھۇش ... تۇپتۇزۇكلا ئادەم ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمىدەپ ئايىنىپ قالاتتى، زېرىككەن گەپ.

— نېمىدىن زېرىكىدۇ؟

— نېمىدىن زېرىكەتتى، ئۇ ئادەم سىلەردەك دوقمۇشقا چىقىپ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى بىلمىسە، ئۆيىچە، قورۇدا، تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ زېرىكمەمدۇ؟ قولۇم-قوشنا بولغاندىن كېيىن، مۇڭدىشىپ ياتقۇدەك بىرەر لايىقىنى تېپىپ ئۆيلەپ قويساڭلار بولامدۇ.

ئەتىسى كۈرۈك بېشىغا يىغىلغاندا ئاغىنىلەرگە خوتۇنىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىنى يەتكۈزدۈم. قىزىق يېرى، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ھەممەيلەننىڭ ئۆيدىكىلىرى شۇ گەپنى قىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىز ئەرخەقلەر بەزى ئىشلارغا

كەلگەندە ھەقىقەتەنمۇ كالتە پەم ئوخشايمىز... شۇنىڭ بىلەن قارتا ئويناشنىمۇ ئۇنتۇپ، قىزىق مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ ئەتراپتىكى ئۆزىمىز بىلىدىغان تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ چىقتۇق.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى ھېلىقى مۇئەللىم بالا قانداق؟ — دېدى بىرەيلەن، — بالىسىمۇ يوق، چالا-پۇچۇق بىر ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتكىنىنى دېمىسە، قىز دېسىمۇ بولىدۇ.

— بولمايدۇ، ئۇ بەك ياش، — دەپ قەتئىي رەت قىلدۇق.

— ئاۋۇ تۇرداخۇن ناۋاينىڭ قورۇسىدىكى سەتەڭچۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن، — كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ-دە، كاساپەتنىڭ...

— قويۇڭلار! — دېيىشتۇق ھەممەيلەن، — ئۇ كوچىدىن كىرمەيدىغان ئابدال خوتۇن، ھامىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئوبدانراق بىرىنى تاپايلى.

— ماۋۇ داۋالاش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئوكۇل ئۇرىدىغان چوكانچۇ؟ ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ خېلى بولدى.

— ئۇنىڭغۇ بولىدىغان پاكىز ئايال، بىراق بالىلىرى جىق-دە، قوشنىمىزغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەرمىزمىكىن.

— ھە راست، مانا مۇنۇ دوقمۇشتىكى ماشىنىچى خېنىمنىڭ گېپىنى قىلمايسىلەرغۇ؟... پاھ سېھىرلىكىنى، ئۇنىڭ يېنىدا جاڭ-جاڭ سوغۇقتا يالىڭاچ ياتساڭمۇ تەرلەپ چىقىسەن...

— يېشىمۇ قىرىقتىن ئېشىپ قالدى، تازا باپ خوتۇن، بىراق ھالى چوڭ...

ئۇ بىر نېمە دېدى، بۇ بىر نېمە دېدى، ئاخىرىدا بىرەيلەن:

— ئاغىنىلەر، ئاۋۋال ئەزىمجاننىڭ ئۆزى بىلەن بىر پاراڭلىشىپ، ئۆيلىنىش خىيالىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىپ باقايلى جۇمۇ. بولمىسا، سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپ قالغاندەك ئىش بولمىسۇن، — دېدى.

بۇ گەپنى ھەممىمىز توغرا تاپتۇق. مۇنداق ئىشلارنى گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان، گېپى يۇمشاق شىرىنجان دەيدىغان بىر دوختۇر بار ئىدى. ئۇمۇ ئىلگىرى ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، كۆۋرۈك يېنىغا بىر دۇكان ئېچىپ، سەكسەن خالتا قىلىپ، كەسپىنى تىببابەتچىلىككە ئۆزگەرتىۋالغانىدى. بۇ ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسىتىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق؛ ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپىرەك يىراق سەھرا، قىرلاردىن كېلەتتى. دورىلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ دۇكىنىنىڭ تاملىرىدىكى مىخلارغا قۇرۇتۇلغان پاقا، كەسلەنچۈك، ئېيىق تاپىنى، قانداقتۇر مۈڭگۈزلەر، يىلان قاسراقلىرى دېگەندەك بىر نېمىلەرنى ئېسىۋېتەتتى. خېرىدار يوق چاغلاردا ئۇمۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ ئويۇنىمىزغا ئارىلىشىپ قالاتتى. دوختۇرنىڭ ئۆيىمۇ ئەزىمجان بىلەن تام قوشنا ئىدى. ئۇ:

— بولىدۇ، بۈگۈن كەچتىلا مەن ئۇ ئاغىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراڭلىشىپ باقاي، — دېدى.

ئەتىسى ھەممىمىز كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغاندا، دوختۇردىن:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدۇق.

— راستىنلا ساراڭ بوپتۇ! — دېدى ئۇ.

ئوقساق دوختۇر كەچكە يېقىن ئەزىمجاننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرا - چىقارمايلا، ئەزىمجان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ خوتۇنۇمنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ مەن ساراڭمىدىم؟ بۇ ئىش قانۇنغا سىغامدۇ؟ ھەرقايسىڭ قوشنا تۇرۇپ مېنى مۇشۇنداق يامان ئىشقا سالا قىلىشساڭ بولامدۇ؟ شۇڭلاشقىمۇ سەن خەقنى ئارىلاشمايتتىم. چىق ئۆيۈمدىن! — دەپ دوختۇرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

— تۇۋا! — دېيىشىپ ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق، — خوتۇنى ئۆلگەنگە ئىككى يىل بولاي دېگەن ئادەم ئەمدى ئۆيلەنسە قانداقمۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالغانلىق بولىدۇ؟

— ھوي ئاغىنىلەر، ھەيران بولماڭلار! — دېدى دوختۇر، — بۇمۇ بىر خىل روھىي كېسەل. مەن شۇنداق بايقىسام، بىزغۇ ئەزىمجاننىڭ خوتۇنىنى جامائەت بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ كەلدۇق، دەيمىز. ئەمما ئۇ خوتۇنىنىڭ روھى ھازىرغىچە ئېرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ... تونۈگۈن ئۇ قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، تامغا رەھمەتلىك مەرىيەمنىڭ يوغان بىر رەسىمىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۆزى گىلەم ئۈستىدە ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئايالىغا قاراپ ياتىدۇ. مۇنداق ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋېرىدۇ. خوتۇنى بىلەن ھەر كۈنى غايىبانە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ. ئۇ سىز بىلەن بىز ئويلىغاندەك ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس، ئۇنى ئارامىدا ياشىغىلى قويايلى.

شۇندىن باشلاپ، ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولدى. بەزىدە قارتا ئويناۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قېلىپ: «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قالسا، «ھە، ئوبدان بوپتۇ!» دەپلا قويىدىغان بولدۇق.

ئاردىن بىر يىل ئۆتمەي ئۇ قوشنىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتتى. يەرلىكىنى ئايالىنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئېلىپ دەپنە قىلدۇق.

3

دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ ئۆلۈممۇ بۇ دۇنيانىڭ بىر قىزىقى ئوخشايدۇ. ھېلىقى قوشنىمىز شۇ؟ ئۆلۈپ كەتكەنچە ئۆلۈپ كەتكەن بولدى. لېكىن بىزنىڭ قارتا سورۇنىمىزدا ئۇزاققىچە ئۇنىڭ غەلىتە ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ تۇردى. بىرى:

— ھېلىقى رەھمەتلىك ئەزىمجاننى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كۆمگىنىمىز ياخشى بولدى. باشقا يەرگە كۆمگەن بولساق گۆرىدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايتتى، — دېسە، يەنە بىرەيلەن قوشۇپ:

— بۇ چاققىچە ئۇ ئاغىنىمىز ئىچ گۆرىنى تاقىلاپ تېپىشىپ، خوتۇنىنىڭ

قېشىمغا چىقىرىۋالدىغۇ دەيمەن، — دەيتتى. يەنە بەزىلەر:

— تووۋا، ئەزىمجان شۇ چاغلاردا خوتۇنىغا راستتىنلا خەت يېزىپ يۈرگەن بولغىيمىدى؟

— خەت يازغان بولسا، ئادرېسىنى نېمە دەپ يازغانىدىكىن؟

— ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنۇم مەرىيەمخانغا تەگسۇن، دەپلا يازغان بولسا، پوچتىكەشلەرمۇ بۇ خەتنى نەگە ئاپىرىشنى بىلەلمەي تازا بېشى قاتقاندۇ؟

— ئايروپىلان زاكاز قىلغانىمىدۇ ياكى... — دېيىشىپ، چاقچاق ئارىلاش مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ھېيت-ئايەملەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ قالساق، ئەزىمجاننىڭ بېشىغا بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتۇق.

بىر كۈنى كۆۋرۈك بېشىغا ئاغىنىلەردىن بۇرۇنراق بېرىپ قاپتىكەنمەن، دوختۇر دۈكىنى تەرەپتىن بېشىنى چىقىرىپ مېنى چاقىردى. يېتىنلاپ بېرىۋىدىم، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قوشنىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ باققىنىڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— نېمە خەت، قايسى قوشنىنىڭ؟ — دېدىم مەن.

— ھېلىقى، رەھمەتلىك ئەزىمجاننىڭ خەتلىرىنىچۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئۇ راستتىنلا خەت يېزىپ تۇرغانمىكەن؟ سىزنىڭ قولىڭىزغا قانداق چۈشۈپ قالدى؟

ئەسلىدە، ئەزىمجان جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغاندا دوختۇر ئاغىنىمىز ئۇنىڭ بېشىدا ئىكەن. رەھمەتلىك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر بولاقنى ئېلىپ دوختۇرغا سۇنۇپ:

— ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۇنۇتماي يەرلىكىمگە بىللە كۆمۈۋېتىڭلار، ماڭا قىلغان قوشنىدارچىلىقىڭلار شۇ بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇنىڭ ھېلىقى مەرىيەمخانغا يېزىلغان خەتلەر ئىكەنلىكىنى دوختۇر چۈشىنىپتۇ. بىز «ئەزىمجان ئايالىغا راستتىنلا خەت يېزىپ تۇرغان بولسا، ئۇنى پوچتىغا سالغانمىدۇ، زادى نېمە قىلغاندۇ؟» دەپ ئەقلىمىزنى يەتكۈزەلمەي كېتىپتىمىز. بايا ئۇ يازغان خەتلەرنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا خوتۇنىغا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن يىغقان ئىكەن. دوختۇر بۇ خەتلەر توغرىسىدا ئەزىمجاننىڭ بالىلىرىغىمۇ ئۇنچىقماپتۇ. ئەزىمجان دېگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللىمۇ كۆمۈۋەتمەپتۇ.

— توپىغا كۆمۈۋەتكەن بىلەن چىرىپ تۈگەيدۇ شۇ، — دېدى دوختۇر، — مانا بۇ خەتلەرنى قوشنىمىزدىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن دەپ ساقلاپ قويدۇم. سىزگە بېرەي، ئوقۇپ بېقىڭ. خېلى قىزىق گەپلەر بار. ئەمما بىر شەرت ئۆزىڭىز بىلسىڭىز، بىراۋنىڭ سىرىنى باشقىلارغا يېيىپ يۈرۈش ياخشى ئىش ئەمەس. ئوقۇغاندە مەزمۇنىنى ھېچكىمگە تىنماڭ!

دوختۇر پاكىز يېپەك رەختىكە ئورالغان بىر بولاقنى ئېلىپ ماڭا بەردى. بىزنىڭ ھەممىمىزدە مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىشكە ئوتتەك قىزىقىدىغان بىر مىجەز بولىدۇ. ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئەتتىمدە، خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بېرەي، ئەزىمجان

بىر خېتىمنى ئانا مۇنداق باشلاپتۇ:

«مەرىيەم!

يېقىندىن بېرى پات-پات چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشۈمدە دائىم سېنى كۆرىمەن. سېنى كۆرمەي كىمنى كۆرەتتىم دەيسەن؟ ئويلاپ باقسام، دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا يېقىنراق ئادىمىم بولمىغانىكەن... باللارنى باقتۇق، چوڭ قىلىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلدۇق. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، بىزگە ئېتىنمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاخىرىدا يەنە ئىككىمىز يالغۇز قېلىۋىدۇق، سەنمۇ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ، سەندىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن. بۇنىڭ ھەممىسى ياراتقان ئىگىمنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار. دۇنيادا نېمە ئارمىنىم قالدى دېسەڭ، بۇ دۇنياغا سەن بىلەن كېتەلمىگەنلا ئارمىنىم قالدى. سەن كېتىپ تولىمۇ غېرىبسىندىم.

... يېقىندىن بېرى يەنە كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈشۈمدە بولسىمۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئويغانسامۇ ئۆينىڭ بىر يېرىدە يەنە سەن ماڭا قاراپ تۇرغاندەك، بازارغا ماڭغىلى ئاتلىنىۋاتقىنىمدا، يەنە ئادىتىڭ بويىچە: قاراڭ، بىر نېمىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرمەڭ، قىلىدىغان سودىلىقىڭىزنى بىر قەغەزگە يېزىۋېلىڭ، پۇلنى مەھكەمرەك بىر يەرگە سېلىڭ، يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىڭ! — دەپ جېكىلەۋاتقاندەك تۇيۇلىسەن. ۋاي-ۋۇي! مەن بىر يەرگە بارماقچى بولسام، سەن خۇددى مېھرىبان ئانا كىچىك بالىسىنى يولغا سالغاندەك شۇنداق قىلىدىغان ئىشلارنى چېكىپ ئۇزىتىپ قوياتتىڭ، ئۆمرۈڭ مېنى كۈتۈپ، مەن ئۈچۈن پايپاسلاپ ئۆتتى. مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ ئۆزۈڭ تۇيۇقسىز يىقىلدىڭ-دە، مەندىن بۇرۇن ئالەمدىن كەتتىڭ. قارىغاندا، ئەمدى مېنى يالغۇز قالدى دەپ قەبرەڭدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايۋاتقان ئوخشايسەن. روھىڭنىڭ قايتىپ يېنىمغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئاخشام ئىشىكلەرنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغانلىقىنى، شىپىرلاپ يېنىمدىن ئۆتكەن يېنىك ئاياغ تىۋىشىڭنى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئويغانسامۇ، ئۇخلىسامۇ سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ھېس قىلىدىغان بولدۇم...»

يەنە بىر خېتىنى ئۇ مۇنداق يېزىپتۇ:

«مەرىيەم!

قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ياخشىراق ئۇخلالمىدىم، دەپ داتلايدىغان ئادەملەرگە ھەيرانمەن. چۈش كۆرمىسە ئۇيقۇنىڭ نېمە لەززىتى؟! كېچە مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ياشىرىپ، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، نېپىز شىپمىك كۆڭلەك بىلەن ئالدىمدا تۇرغۇدەكسەن. ھە، جەننەتتىكى ھۆرلەر شۇنداق كىيىنىدىكەن-دە! دەپ ئويلاپتۇدەكمەن، شۇ چاغدا كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ شۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇلغا چۈشۈپسەنكى، ئاغزىمنى ئېچىپ، ھەيرانلا قاپتىمەن.

ياش ۋاقتىڭدا ئانچە-مۇنچە ئۇسسۇل ئويناپ قويىدىغىنىڭ ئېسىمدە، بۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپ ئىدى. ئۇ كەملەردە ھەر بىر مەھەللىدە دېگۈدەك سەنئەت كۆرۈكلىرى بولىدىغان، سېنىڭ ئارتىس بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش

سەھنىگە بىر چىقىپ باقسۇڭ بار ئىدى. ياشلىقتا ئادەمنىڭ شۇنداق غەلىتە-غەلىتە ئارزۇلىرى بولىدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، قاپقارا بۇرۇت قويۇپ، ياخشى ئارغىماقتىن بىرنى مىنىپ، مەھەللىمىزنىڭ كوچىلىرىدىن بىر ئۆتۈپ باققۇم كېلىدىغان... كېيىن توي قىلدۇق، باللىق بولدۇق، تۇرمۇشنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىغا پېتىشمىزچە پاتتۇق، ھېلىقى خىياللىرىمىز نەلەردە قالدى، ئۇنتۇپلا كەتتۇق.

ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلمىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىمەن. بۇ ئالەمدىن بالدۇرراق خوشلىشىپ قېشىڭغا قايتىپ بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىمەن. ماڭا ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىكى ھۆرلەرنىڭ لازىمى يوق، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، تۇرمۇش مۇشەققىتىدىن چىرايلىرىنى قورۇق باسقان بولسىمۇ، يەنە كۆزلىرىدىن ساداقەتمەنلىك، مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆزۈڭ بولساڭ بولىدى...»

قوشنىمىز باللىرى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يېزىپتۇ:

«... كېچە سەن مەندىن باللارنى سوراپ قالدىڭ. تېخى شۇنچە قىسقا، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرەلمەيلا غايىب بولىسەن، قالغان گەپلەرنى ساڭا خېتىمدە يازاي.

باللار پات-پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. قىزلار كىر-قاتلىرىمنى يۇيىدۇ. دادا سىزگە يالغۇزلۇقتا ئېغىر بولدى، بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ بېرىڭ، بىللە تۇرايلى، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. ھازىرچە تېنىم ساق، ئىش-كۈشلىرىمنى ھۆددىسىدىن چىقىشقا چامىم يېتىدۇ، ئاناڭلار تۇتقان ئۆينىڭ چىرىغىنى مەن بولسامۇ ئۆچۈرمەي تۇراي، دەيمەن. بىر كۈنى ئوغلىمىز: بولمىسا مەن سېنىڭ يېنىڭغا كۆچۈپ كېلەي، دېدى. ئۇنىڭغىمۇ بولدى قىل، بۇ كىچىككىنە قورۇنىڭ نەرىگە پاتىمىز، رەھمەت! دېدىم. باللار ئۆزىمىزنىڭ بولغان بىلەن، كۆيئوغۇللار، كېلىنلەر يات، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق مىجەز-خۇلقى بار-دە. ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى، سېنىڭ ھەر كۈنى كەچتە قېشىمغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى ئۇلارغا قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن؟ شۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىمەن. سەن چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزۈم يېگانە يېتىپ تاتلىق خىياللارنى سۈرىدىغان شۇ ھالەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمايمەن.

... بالا دېگەن يەنە بالىدە! يېقىندىن بېرى ئىككى قىزىڭ ئۆيگە تاپ باستۇرماي كېلىپ، ئاپام تۇتقان مۇنۇ نان تەگلىسىنى مەن تۇتۇپ قالاي... ئاپامنىڭ قولى تەگكەن ئاۋۇ چىنە-تاۋاقلار ماڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن... رەھمەتلىك ئاپام بىر قېتىم ماڭا دىماۋۇ پەلتويىمنىڭ ياسىنى كونا بولغان بىلەن سوكنىسى ياخشى، ساڭا باشقىدىن جۆندەپ بېرىمەن، دېگەن... دەپ، قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ مېڭىپ، ئۆينى خېلىلا قۇرۇقداپ قويدى. ئوغۇل كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىزلارنىڭ نېمە قىلغىنىنى بۇ! دەپ ئاچچىقلاپ، ئۇنداق بولسا، ماۋۇ گىلەمنى بولسىمۇ مەن تۇتۇپ قالاي، دەپ بىر پارچە گىلەمنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ كۆزۈم يۇمۇلىدىغان بولسا، بۇلار

مۇشۇ قورۇ-جايىمۇ تالىشىپ ئۆلۈشىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ دەپ قالدىم. ئەگەر ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىمىزنىڭ تېزىشىنى چىقىرىدىغان بولسام، بۇ بالىلارنى جېدەل-ماجىراغا سېلىپ تىرىك تۇرۇپلا كۆڭۈل ئازابىغا پېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، دېگەن خىيالغا كەلدىم.

بىر ئىشقا ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئۆيدىن شۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىشتى (مەيلىغۇ، بىزدىن قالسا شۇلارغا قالىدۇ). سېنىڭ تامدىكى ھېلىقى رەسىمىڭنى ھېچقايسىسى تالىشىپ باقمىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنىڭ رەسىمىنى ئاسىدۇ، دېگىنە ياكى ئۇلار مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ ئايىغاندۇ...»

ئۇنىڭ يەنە بىر خېتىدە مۇنداق ۋەقە يېزىلىپتۇ:

«... سېنىڭ ھېلىقى دوستۇڭنى مۇنچىلىك لاۋزا خوتۇن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى ئۇ دەرۋازىنى قاقمايلا ھويلىغا بەخۇدۇك كىرىپ كەلدى. خۇشال بولۇپ ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ قاتىلىنىپ كەتكەن ئېگىز ئۆتۈكىنى پەگاغا سېلىپ، ئۇستىدىكى چەت ئەلنىڭ كىلەڭسىز ئېغىر پەلتوسىنى ئىلغۇغا ئېسىپ (ھازىر مۇشۇنداق كىيىنىدىغان مودا چىقتى)، ئالدىرىماي چىقىلىپ قىلىن كۆرپىگە ئولتۇردى. خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەن-گېزەك بىلەن چاي بەردىم. ئۇ ھەر بىر بارمىقىغا ئىككى-ئۈچتىن ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرى بىلەن ناۋات چايىنى قوشۇقتا ئېلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ شۇنچىلىك تېتىمسىز گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى، ئۆيگە كىرىپلا، دېگىنىدەكە پۇشايمان

قىلىپ قالدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ مېنى ئۆيلىنىۋېلىشقا سالا قىلىپ كەپتۇ.

— ئەزىمجان، رەھمەتلىك دوستۇم مەرىيەم ياخشى مەزلۇمتى، ئىككىمىز ئوبدان ئۆتكەن،— دەپ گەپنى باشلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىز قوشاق قېتىپ، —ۋاي، شۇ دوستۇمغا بەرگەن قازاننى ماڭا بەرگەن بولساڭچۇ خۇدايىم، ۋاي، ياخشىلار كېتىپ، يامانلار قالىدىغان ئالەمكەنغۇ بۇ ئىلاھىم،— دەپ يىغىنى سالدى. ئاران تۇرغان ئادەم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، مەنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئارقىدىنلا ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئەمدى ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئەزىمجان، سېلىنىڭ مۇنداق يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ، ياش چوڭ بولغاندا قازان بېشىدا ئۆزلىرىنىڭ مۆدۈرۈپ يۈرۈشلىرى كېلىشمىگەن ئىش، مەرىيەم تۇتقان بۇ ئۆينى لايىقىدا بىرسى كېلىپ ئاۋات قىلسۇنمىكىن دەيمەن، دېدى.

— ماڭا قاراڭ، مەرىيەم تېخى يېقىندىلا كۆز يۇمدى. مەن خۇش بولاي، مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماڭ، ئۇنىڭ روھى قورۇنىدۇ، — دېدىم. ئۇ:

— يىلى توشسۇن، قىرقى ئۆتسۇن دەيدىغانغا سىلى بىر خوتۇن كىشىمىدەلە؟ !— دېۋىدى:

— ئۇ گەپلىرىڭىز راست، بەزى نائىنساپ ئادەملەر خوتۇنى ئۆلۈپ قىرقى توشا-توشمايلا ئۆيلەنگىلى قوپىدىكەن، — دېسەم، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن؟

— قىرقىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەنسىڭىزغۇ خېلى ئىنساپ قىلغىنى، مانا مېنىڭ رەھمەتلىك ئېرىمنى ئالسىلا، ئۇنىڭ

يۇرۇنقى خوتۇنى ئۆلۈپ، ئەتىسى مەھەل-
لىدىكىلەر بىلەن يەتىلەپ كىرگىنىمدىلا
ماڭا كۆزى چۈشۈپتىكەن، مەرىيەم ئۆلۈپ
يىلىدىن ئاشتى ئەمەسمۇ؟! — دېدى.
دوستۇڭ دەپ يۈزىنى قىلمىغان
بولسام ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارماقچىدىم.
ئىلاجى يوق، چىشىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم.
ئەگەر يات بىر خوتۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ
ياتىدىغان بولسام (ئۇنداق كۈننى خۇدا
كۆرسەتمىسۇن)، سېنىڭ گۆرۈڭدە ئۆرە
ئولتۇرىدىغىنىڭنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئۇ خې-
يالىمنى بۆلۈپ، — بىر ماشىنىچى دوستۇم
بار ئىدى، شۇنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ
قوياي دەپ كىرىشىم. ئۆزىنى باشلاپلا
كېلەيمىغۇ دېۋىدىم، ئۇنداق قىلىن-قېي-
تىنشلاردىن بولمىغاچقا ياق دەپ ئۇنىمى-
دى. ياش قۇرامىغۇ سىلىگە تازا باپ. بىر
كۆرۈپلا كۆڭۈللىرى يوقىرىسە مانا مەن،
كېچىسى ئاش-تاماقلىرىنى ئېتىپ خىز-
مەتلىرىدە بولىدۇ، كۈندۈزى ماشىنىچىلىق
قىلىپ پۇل تاپىدۇ. ئەۋل خوتۇن، پۇل
خوتۇن، دېگەن مانا شۇ... گەپ قىلمايد-
لىغۇ؟ يولىمىسا، پەس. كۆۋرۈكتىكى پەزى-
لەتخان قارا قاشقا ھېكىپ باقايمۇ يە؟
دۇتار دېگەننى شۇنداق چالىدۇ، رەھ-
مەتلىك دوستۇم مەرىيەمغۇ ئەرنى كۆ-
تۈشنى بىلەتتى-يۇ، ئەمما سەھرا قىزىتى-
دە! ئەرنى كۈتۈش دېگەننى مانا پەزى-
لەتخاندىن سورىسىلا. تالادىن كىرسىلە
ئاستىلىرىغا قوشلاپ كۆرپە سېلىپ، پۇت-
قوللىرىنى تۇتۇپ، دۈمبىلىرىنى مۇشتىلاپ
ھاردۇقلىرىنى چىقىرىدۇ؛ ئىچىلىرى پۇشسا
دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈللىرىنى
ئاچىدۇ. ئۇسسۇلغىمۇ قالتىسىتى بۇ دوستۇم،
ھازىر سەمرىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ،
مەن ياش دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ
يۈرۈيدىغان، يېڭىنا غۇچتەك بېلى بار
ھازىرقى ئىنجىقلاردىن ئۆلۈكى ئارتۇق...
شۇنداق ئاغزى بېسىلماي بىر كۈن
ۋالاقشىدى. نېمە دەيتتىم:

— قېنى ئويلىشىپ باقاي، — دەپ
يولغا سالدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن قارىسام،
ھېلىقى دوستۇڭ يەنە يەڭدەك قاشلىقىنى
ئېتىپ، يۈزىنى پەرەڭدەك بوياپ، غىتىل-
داپ مېڭىپ بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ
كېلىۋاتىدۇ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ،
قانداق قىلىدىكىن دەپ دەرۋازىنىڭ يېنى-
دىكى تامغا چاپلىشىپ تىككىمدە تۇرۇۋالدىم.
دەرۋازىنى خېلى ۋاققىچە قېقىپ، ئىتتى-
رىپمۇ ئاچالماي:

— ماۋۇ ئادەم قايسىبىر كېسەك ئال-
تۇنلىرىنى قىزغىنىپ كۈندۈزىمۇ دەرۋازى-
سىنى مەھكەم ئېتىۋالىدىكىنا! — دەپ
غۇدۇڭشىغىنىچە، كېتىپ قالدى.

ئالتۇننىڭ گېپى چىقىپتىدۇ، چۈچۈپ
كەتتىم. ئاشۇ دوستۇڭنىڭ ماڭا باشقىلارنى
سالا قىلىشى يالغانمىكىن دەيمەن. بىر
ئامال قىلىپ ئۇ مېنى ئازدۇرۇپ ئۆزى
تېگىۋالماقچى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ
ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىلىرىمىزدىن
ئازراق خەۋىرى بارمۇ-قانداق؟ شۇ
سېرىق نىجىسنىڭ ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم.
ئاكام رەھمەتتى ئۆزىگە تەگكەن
مىراسلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ، يە-
نە مەندىكى شۇ نەرسىلەرنىڭ دەۋاسىنى
قىلىپ بىر ئۆمۈر ئارازلىشىپ ئۆلۈپ
كەتكەنىدى. ھېلىقى قالايمىقان يىللار-
دا ئۇنى نەگە يوشۇرۇشىمىزنى بىلمەي

كۆڭلىمىز ئەندىشىدىلا ئۆتكەنتى. ئاخىرىدا، يەرگە كۆمۈلۈپتىپلا قۇتۇلدۇقمىكىن دېسەك، ئۇنىڭ دەككە - دۈككىچىلىكى ئۆلگۈچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ...»

يەنە بىر خەتتە دوختۇر توغرىسىدىمۇ قىزىق گەپلەر بار ئىكەن:

«...كېچە چۈشۈمدە سېنى ناھايىتى مەيۈس ھالدا كۆردۈم. سەن يىراق بىر يەردىن ماڭا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك، سەن، شۇنچە شەرەتلىسەممۇ يېنىمغا كەلمىگۈدەكسەن. چىرايىڭدىكى قورۇقلار چوڭقۇرلىشىپ، چاچلىرىڭدىكى ئاقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇدەك... مەرىيەم نېمانچە، مۇڭلۇق، دىلى سۇنۇق كۆرۈنىدۇ، دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئويغىنىپمۇ قولۇم ھېچ ئىشقا بارمىدى. كەچكە يېقىن، تامدىكى سۈرىتىڭگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتسام، ھېلىقى تام قوشنىمىز — ساختىپەز دوختۇر:

— نۇ ھۇي ئەزىمجان، ياستۇقنى مۇشۇنداق قىرلاپ قويۇپ، مەرىيەمخاننىڭ رەسىمىگە قاراپلا ياتىدىغان گەپما؟ — دەپ كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ شېرىپجان، تازا مىجەزىم يوق تۇرىدۇ، — دېدىم.

بۇ دوختۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىمۇ تېخىدىكى تايىنلىقتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كۆۋرۈك يېنىدىكى بازارغا دۇكان ئېچىپ، ئۆزىنچە تېۋىپمەن، دەپ تومۇر تۇتۇپ ئادەم ئالدايدىغان بولۇۋالدى. ئاغزىغا قارىساڭ، ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايمەن، دەيدۇ، ئۆزىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالسىمۇ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بارىدۇ... دوختۇر كۆيۈنگەندەك قىلىپ يېنىمغا چىقىپ كىرىپ كېلىرىمنى قايرىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، تومۇرۇمنى تۇتتى.

— سىزدە ھېسسىي مۇشتەرەك قالايمىقانلىشىپتۇ. پىشقان گۆشنى قېتىققا مىلەپ يەپ بېرىڭ. كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلسە ئىتنىڭ جۈمە كۈنى مايىقلىغان نىجاسىتىنى قۇرۇتۇپ... باشىڭىز يېرىمىدا ئاغرىيدۇ دەمسىز؟ ھە، بۇنى تىببابەتتە شەقىقە دەيمىز... ئاياللارغا قىزىقمىغىنىڭىزغا قارىغاندا، سىزدە قۇۋۋىتى ھايۋانىمۇ پەسىيىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ دورىسى مەجۇنى لوبۇبى ئەسرارى ئەتتىببىيا، مەجۇنى ھادەتۇلھايات بولسىمۇ بولىدۇ... شەربىتى شىۋدىرغانى، ھە، ياق، شاتەرەزە ئەرەقى ئىچىپ باقامسىز يا؟! — دەپ قانداقتۇر شەرۋەتلەر، مەجۇن، ئارىلاشما بالايى - بەتتەرلەرنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىغىلى تۇردى. ئاتىدىن — ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز ئەزىمجان، داۋالاشنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇلى تاماق بىلەن داۋالاشقا يەتمەيدۇ. مانا ئۆيىڭىزدە ئەلۋەتتە خامنى پىششىق، سوغۇقنى ئىسسىق، پاسكىنىنى پاكىز قىلىدىغانغا بىر ئايال ھەمراھىڭىز بولۇشى كېرەك - تە! — دەپ ئۆزىنىڭ قېشىمغا كىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

گېپىنىڭ ئۇرامىغا قارىسام، كۆۋرۈك بېشىغا ئولىشىپ قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر مەسلىھەتلىشىپ، مېنىڭ بېشىمنى ئوڭلاپ قويماقچى بوپتۇدەك. تام قوشنا بولغاچقا، دوختۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزۇندىن بېرى مېنىڭ غېمىمنى يەپ يۈرۈپتۇدەك... كېيىن ئۇ نېمىلەرنى دېدى قۇلىقىمغىمۇ كىرمىدى. خىيالىم

يىللارنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا كەتتى.
ھېلىقى ئەنسىز كۈنلەر ئېسىڭىزدە-
دۇ؟ شۇ چاغدا مېنىمۇ تەركىبى يۇقىرى
دەپ «تۆت خىل ئۇنسۇر» لارنىڭ ئارى-
سىغا قېتىپ قويۇشقانىدى. ھەر كۈنى
كۆرەش يىغىنىدا ئۆرە تۇرۇپ، كەچتە
ئۆيگە قايتىپ كېلىپمۇ خاتىرجەم ئۇخلى-
يالمايتتۇق. ھېلىقى كېچە - كېچىلەپ
دۇمباق چېلىپ، داس - چېلەكلەرنى
داراڭشىتىپ چىقىدىغان ئەجىزە - مەجۇ-
زىلەر ھېلى بىرسىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇ-
رۇشسا، ھېلى بىرسىنى باغلاپ كېتى-
شەتتى... بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇلار
بىزنىڭ دەرۋازىنى گۈمباڭشىتىپ ئۇرۇش-
قا باشلىدى. ئىككىمىز چۆچۈپ ئويغىنىپ
نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي ئۆينىڭ
ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدۇق. سەن مېنى
تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ
كەتكەنىدىڭ: مەن ھېلىقى نەرسىلەر-
نى ئاختۇرۇپ تېپىۋالسا بېشىمىزغا بالا
بولامدىكىن، دەپ ھودۇقاتتىم، ئېسىمنى
يىغىپ:

— مەرىيەم بول، ھېلىقى نەرسىنى
نەگە قويغانتىڭ، ھېلىقىنى! — دەپ سېنى
ئالدىراتتىم.

— نېمە ھېلىقىنى؟ — دېدىڭ سەن
ئېسىڭگە ئالالماي، — ئۇنى ئۆتكەندىلا
كۆمۈۋەتكەن ئەمەسمىدۇق.

— ھېلىقى، بىر نېمىگە لازىم بولۇپ
قالار، دەپ ئايرىپ قالغىنىمىزنىچۇ؟

— ھە، مانا، مانا، — دەپ كىچىك
تېرە خالتىنى تېپىپ قولۇمغا
تۇتقۇزدۇڭ.

دەرۋازا تېخىمۇ قاتتىق تاراقشى-
غىلى تۇرغانىدى. ھويلىغا چىقىپ، تېرە
خالتىنى تەۋەككۇل قىلىپ ئۆگزىگە ئاتا-
تتىم - دە، دەرۋازىنى ئاچتىم. بىرنەچچە
قول چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆزۈمگە تەگلا
چۈشتى.

— ئۆيۈڭگە سىرتتىن كېلىپ قون-
غان ئادەم بارمۇ؟ — دېدى ئۇلار.

— يوق! - دېدىم.

ئۇلار ھويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى
بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز
يۈگۈرتتى - دە، كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە شوتىنى قويۇپ،
ئاستا ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، ھېلىقى
خالتا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ! نېمە گەپ
بولدى، ئاخشام قورقۇنچلۇقتا قاتتىقراق
ئاتقان بولسام قوشنىلار تەرەپكە چۈشۈپ
كەتتىمۇ - قانداق؟ دەپ دوختۇرنىڭ
ھويلىسىغا ئېگىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ
ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن بىنىغىدا!
ئېگىزدە تۇرۇپ بىر نېمىنى پەرق ئەت-
كىلى بولمىدى. كوچىغا چىقىپ، دوخ-
تۇرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن
ئېپلا قىلىپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم.
تام تۈۋىدىكى كۆكاتلارنى شۇنچە مال-
تىلاپ قارىدىم، يوق. خۇدانىڭ قۇدرىتى
بىلەن ھېلىقى خالتا مەن تاشلىغاندا!
يەرگە چۈشمەي، ئاسمانغا چىقىپ كەت-
كەندەكلا غايىب بولغانىدى...

خالتا يوقالغاندىن كېيىن، ئىچىمنى
مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك بولۇپ تۈگمەشىپلا
كەتتىم. بىر ھەپتە ئۆتتى، سەن ساقلاپ
يۈرگەن گۆرۈچ - مايلىرىڭنى چىقىرىپ،
بىر قازان پولۇ دەملىدىڭ. دوختۇرنى
ئۆيگە چاقىرىپ چىقتۇق. تاماق يېيىلىپ
بولغاندىن كېيىن، مەن ئېغىز ئېچىپ:

— شىرىپجان، ئۆزىڭىز بىلىسىزە

بالىلىرىمىز ئۇششاق، بالىلار چوڭ بول-
غاندا لازىملىقىقا دال بولۇپ قالامدىكىن،
دەپ ساقلاپ يۈرگەن ئازغىنە بىر نەر-
سىمىز بار ئىدى... ئۆزىڭىزغۇ ئېغىنىزغا
ئالغۇچىلىكى يوق، دادامدىن قالغان
ئەرزىمەسلا بىر نېمە ئىدى... سىز ئاڭ-
لىدىڭىزمىكىن، ئۇ كۈنى كېچىدە تەكشۈ-
رىدىغانلار كېلىپ دەرۋازىمىزنى قاتتىق
ئۇرۇپ كەتتى. قورقۇنچلۇقتا ھېلىقىنى
ئەپچىقىپ ئۆگزە تەرەپكە بىر ئىرغىتىپ-
تىكەنمەن، بەكرەك تاشلىۋەتتىممۇ - قان-
داق، سىلەرنىڭ ھويلىغا چۈشۈپ كەتكەن
ئوخشايدۇ، ئەتىگىنى شوتىنى قويۇپ
ئۆگزىگە چىقسام يوق، ھەقاچان شېرىپ-
جانلار تەرەپكە چۈشكەن بولسا، قوشنا
بولغاندىكىن ئېلىپ قويۇپ كېيىن بېرە-
ۋېتىدىغۇ، دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋەردىم...
شۇ ئىشنى بۈگۈن بىر سوراپ باقاي،
دەپ چاقىرتقانىدىم، ـــ دېدىم.

ــ نېمە دەيدىغانسىز؟ زادى
نېمىتى ئۇ، ئۇچۇق بىر دەڭا! دەپ
كۆزىنى چەكچەيتتى ئۇ.

ــ ئازراق ئالتۇن... ــ دېدىم.

ــ ياللا! بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە
ئۇنداق ئوڭاي ئالتۇن تېپىۋالىدىغان
ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، ئەزىمجان، ــ دەپ
ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ياقىسىنى تۇت-
تى، ــ بىزنىڭ باغنىڭغۇ ئىشلىمەي تاش-
لىنىپ قالغاچقا ھەممە يېرىنى كۆكتات
بېسىپ كەتتى. يۈزۈرۈك، چىقىپ قاراپ
باقايلى، تاشلىغان بولسىڭىز بىر يەردە
باردۇ.

ــ مەن قارىدىم.

ــ يوقمىكەن؟! ئۇنداق بولسا
نەگە كېتىدۇ؟ ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنى
مۇ يا ئىنگىسىگە، يا ھۆكۈمەتكە تاپشۇر-
ماي سىڭدۈرۈۋېتەلمەيدۇ، دەڭا!

ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى پەش قىلىشىدا
غەرىزى بار ئىدى. مەن قورقۇپ
كەتتىم.

ــ بوپتۇ شېرىپجان، ئۇغۇ ئازغىنە
نېمە، بەرمىسىڭىزمۇ بەرمەڭ، ھۆكۈمەتكە
تاپشۇرىمەن دېمەڭ. بۇنچىلىك بىر نېمە
چىققان يەردىن يەنە يوغانراقىمۇ
چىقىدۇ، دەپ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ
ئوڭدا - دۈمدە قىلىۋەتمىسۇن، مەنمۇ سىز-
دىن سورىمىغان بولاي، سىزمۇ بۇ گەپنى
ئاڭلىمىغان بولۇڭ... ھەممىمىز ئۆلۈپ
كېتىمىز. راست - يالغىنى ئىگىسىنىڭ
ئالدىغا بارغاندا بىر تەرەپ بولار.

ــ شۇنداق بولغاي، خۇدالىق
ئالەمدە بۇ! قەسەم قىلىپ بېرەلەمسىز - يا؟!

ــ بولدى، مەن سىزگە ئىشەندىم. بۇ
گەپنى بىرىگە تىنمىسىڭىزلا مەن خۇش!

دوختۇر ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇ-
رۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنچە يىللار مەن
ئۇنى كۆزەتتىم. مانا زامان بىرلا ئۆز-
گىرىۋىدى، دوختۇر بېغىنىڭ ھېلىقى
كۆكتات بېسىپ ياتقان يەرلىرىگە تاخ-
تايلىق ئۆيلەرنى سېلىپ، دۇكان ئېچىپ
تاراقشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ قەيەردىكى
دۇنيانى خەجلەپ شۇنچىلىك شەمشىرىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ!
مانا بۈگۈن تۇزۇپلا ئۇنىڭ مېنى ئۆيلەپ
قويغۇسى كېلىپ قاپتۇ. مېنىڭدە يەنە
دۇنيا بار دەپ ئويلايدۇ - دە! يامان
خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەممىنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى... ياكى بولمىسا،
ھېلىقى سىنىڭ دوستۇڭ، بىلەن بۇ-
ئىككىمىزنىڭ تىلى بىرمىكىن، دەيمەن!

شۇ خىياللار بىلەن ئاچچىقىمدا نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن. دوختۇرنى تىللاپ، ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرىۋەتتىم.»

4

بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن، دوختۇرغا خەتلەرنى قايتۇرۇپ بەردىم.

— قانداق، ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوقۇدۇم. بىر ئۆمۈر بالا بېقىپ، جاپا تارتىپ، ھالال ياشاپ قېرىغان بىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگەن جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، — دېدىم.

— ۋاھ، يازغۇچىلاردەك باھا بېرىۋەتتىڭىزغۇ، ھېلىقى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئوقۇغانسىز؟

— ئوقۇدۇم، سىز توغرۇلۇقمۇ قىزىق گەپلەرنى يېزىپتۇ... ئۇنىڭ ئالتۇن توغرىسىدىكى گەپلىرىگە خىيالىي بىر جۆيلۈشىمىكىن دەپلا بىلدىم. ئاخىرىغا بېرىپ ھەممىمىز خېلىمۇ خىل قېرىيدىغان ئوخشايمىز.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! — دەپ گېپىمنى بۆلدى دوختۇر، — مانا شۇ خالتىدىكى دۇنيا ۋەجىدىن بۇ ئاغىنىمىز مەندىن رەنجىپ، دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ ماڭا تونۇزۇكرەك چىراي ئاچماي يۈرگەن. مەن ئۇنىڭ ئۆگزىگە ئاتقان خىمىسى ھويلامغا چۈشۈپ كەتسە يەپ كېتىدىغان ئادەممىدىم؟! مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپتى. ئازىيان دېگەن كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرمايدۇ؟ يېرىپ،

تولا دەپ يەنە چاندۇرماي يۈردۈم. ئەمدى قاراڭ، مۇنۇ خەتلىرىدە ئۇ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنلىرى توغرىسىدا يەنە بىر نېمىلەرنى دەپتۇ. سىز ئىشىنەمسىز؟ مەن ئىشىنىمەن. بۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ناھايىتى باي ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆمرى ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ، بۇۋەكچىلىكتىلا ئۆتكەن، ئاغىنىتى، دادىسىدىن قالغان چوڭ قورۇ ـ جايلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئەزىمجانغا مانا مۇنۇ كىچىككىنە، تار ـ چۇق قېلىپقالغان. ئاڭلىسام، ئەزىمجاننىڭ بالىلىرى بۇ قورۇنىمۇ سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئوبدان باھا قويۇپ سېتىۋالاي دەۋاتىمەن. ئۇ بىچارىنىڭ ئۈچ بالىسىمۇ ئالىدىغىنىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولسۇن، مەنمۇ تېلىيىمنى بىر سىناپ باقاي... چوقۇم ئاشۇ ئەسكى قورۇنىڭ بىر يېرىدە كۆمۈكلۈك ئالتۇن بار!

شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان غەلىتە ئۇچقۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ كىشىنى خەۋپكە، تەۋەككۈلچىلىككە، تەلۋىلىككە ئىتتىرىدىغان ئوتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاز ئۆتمەي ئەزىمجان رەھمەتلىكنىڭ قورۇسىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى مەھەللىنى بىر ئالدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن جاي ئالدىمەن، دېگەنلەر كېلىپ كۆرگىلى تۇردى. دوختۇر دۇكىنىمۇ ئاچماي، ھەر كۈنى شۇ قورۇنىڭ ئالدىدا «باشقىلارغا سېتىلىپ كەتمىگەيدى» دەپ ئەنسىرەپ پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى. ئىككى ئېغىزلىقلا

ئۆيى بار، ھازىرقى باھادا جىق بولسا ئون مىڭ سومغا ئارانلا يارايدىغان كاتەكتەك كىچىك بۇ قورۇنىڭ باھاسى قىرىق مىڭ تەڭگىگە چىقتى. ئەزىمجاننىڭ ئوغلى كىمنىڭ ئالغۇسى بولسا، ئۇ ئەللىك مىڭنى ساق سانىسۇن، باج-پاج، تاراق-تۇرۇقلارنى تۆلەپ قولىغا قىرىق سەككىز مىڭ تەڭگە نەق تېگىدىغان بولسۇن. شۇ چاغدا بىز ئۈچ قېرىنداشقا ئون ئالتە كاللىكتىن بىر نېمە تېگىدۇ، بۆلۈشمەككىمۇ ئوڭاي، دەپ چىڭ تۇرۇۋاتاتتى.

ھەي ئىنسانچىلىق! ئۆيلىرى مايماق كەتكەن ھېلىقى ئەسكى قورۇنىڭ مۇنچە پۇللۇق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆمۈكلۈك ئالتۇنلارنىڭ بارلىقىغا مەنىمۇ ئىشىنىپ قالدىم. دوختۇر ئاشۇ ئالتۇنلارنى تېپىۋالسا بىر ئۆزى بېيىپ كېتەرمۇ؟ دەپ تارلىقىم كەلگەندەك بولدى. لېكىن مېنىڭدە ئەللىك مىڭ تەڭگە نېمە ئىش قىلسۇن. ھېچبولمىغاندا، دوختۇرنىڭ يېتىشەلمىگەن يېرىگە ئازراق پۇل قېتىپ شېرىك بولماقچى بولۇپ، دوختۇرنى چېكىپ باقتىم.

بولدى، بولدى، — دەپ ئاغزىمنىمۇ ئاچۇرمىدى دوختۇر، — ھېلىقى خەتتىكى گەپلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويغۇچى بولماڭ - ھە! يالىڭاچ قالساممۇ بىر ئامال قىلىپ ئەللىك مىڭنى ئۆزۈم سانايمەن. ئالتۇننى تاپقاندا سىزنى ئايرىم رازى قىلىمەن.

دوختۇر يېڭى سالغان ئۆيلىرىنى بىر پارچە يېرى بىلەن قوشۇپ ساتتى. دۇكىنىنى دورا دەرمانلىرى بىلەنلا يەنە بىرسىگە ئۆتكۈزدى. ھېلىقى تارچۇقنى بىر نېمىلەر قىلىپ ئاخىرى ئەللىك مىڭغا سېتىۋالدى. ئالقانچىلىك يەرنىڭ شۇنچە بازارلىق بولۇپ كەتكىنىنى چۈشەنمىگەن باشقا ئاغىنىلەر ھەيران بولۇشاتتى. دوختۇرنىڭ مېنى شېرىك قىلىۋالمىغىنىغا قورساق كۆپۈكچىلىكىمدە ئەزىمجاننىڭ ھېلىقى خەتلىرىدىكى ئالتۇن توغرىسىدىكى گەپلەرنى قارتا ئويناۋاتقان ئاغىنىلەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئۇلار ھە، ئەسلىدە مۇنداق گەپكەن-دە! دېيىشىپ، قولىدىكى قارتىلىرىنى تاشلىماي سىقىمدىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قارتا ئويۇنىمىزنىڭمۇ قىزىقى قالمىدى. دوختۇر ئۇ يەردىن قانچىلىك ئالتۇن كولىۋالىدىكىن دەپ تىڭ-تىڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىزمۇ ئالتۇننىڭلا پارىڭىنى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق.

— بىرەر كاللەك بىر نېمە چىقىپ قالسىلا، دوختۇرنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئېشىپ قالىدۇ.

ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، مانا بازار ئىچىدىكى سادىق ھاجىنىڭ كونا جايلىرىنى بۇزغاندا بىرسى كەتمەننى سېلىپ شۇنداقلا تارتىپتىكەن، بىر مۇنچە تىللا چېچىلىپلا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىر-ئىككى تالدىن تېرىۋالغىنى قاپتۇ، ئاڭغىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى خەۋەر تېپىپ كولاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. تازىمۇ يوغان بىر كۈپنىڭ ئىچى لىققىمۇ-لىق ئالتۇنكەن، دەيدۇ.

— ئۇنى دەيسىلەرغۇ، ئەنە ئاۋۇ تاز مەھەللىسىدىكى ھاشىم گادايىنى كىم تونۇمايدۇ؟ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ شاراباراچىلىق بىلەن ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىپلا كۈنى ئۆتكەن نېمىتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىغا ماكچىيىپ كەتكەن بىر كونا چىلاپچا چۈشۈپ قاپتۇ. مۇنداق قىرىپ كۆرسە ئاجايىپ پارقىراپ تۇرغۇدەك. ئازراق يېرىنى

سۇندۇرۇپ ئاپىرىپ زەرگارغا كۆرسەتسە
ساپلا ئالتۇنىكەن دەگا، مانا شۇنى كې-
سىپ سېتىپلا بېيىپ كەتتى. ھازىر «ھا-
شىم گاداي» دېسەڭ، ئۆزىمۇ كۈلىدۇ.
«ھاشىم باي» دەپ داڭقى چىقىپ كەتتى.
— قاسىم گۆركارنىڭ ئىشىنى ئاڭ-
لىمىغانمۇ سىلەر؟ ئۇمۇ بىر غەلىتە ۋەقە.
كونا تۇپراقلىقنىڭ ئورنىغا بىنا سالماق-
چى بولۇپ، جەسەتلەرنى يۆتكەۋاتقاندا
بولغان ئىش. بىر قېتىمدا قاسىماخۇن
بىر ئىچ گۆرگە كىرىپ قارىسا، قۇرۇپ
ئۇستىخانلىرىلا قالغان بىر جەسەتنىڭ
قولتۇقىدا بىر نېمە مەھكەم قىسىقلىق
تۇرغۇدەك. ھېلىقىنى ناھايىتى تەستە
ئاجرىتىپ ئېلىپ، يورۇققا ئەپچىقىپ
قارىسا تازىمۇ يوغان بىر كاللەك ئالتۇ-
نىكەن. خۇشاللىقتا قاسىم گۆركارنىڭ
تىلى گەپكە كەلمەي، مانا شۇنىڭدىن
بېرى كېكەچ بولۇپ قالدىغۇ...
ئاخىرىدا «مۇنۇ ئەزىمجان قوشنى-
مىزنىڭ كۆمگىنى زادى قانچىلىك ئالتۇن
بولغىيتتى؟... كومزەككە سېلىپ كۆمگەنى-
دىمۇ، ماتاغا ئوراپمۇ؟... ئۆينىڭ قەيې-
رىگە كۆمگەندۇ؟» دېگەن مۇلاھىزىلەرگە
چۈشۈپ كېتەتتۇق.
دوختۇر ئەزىمجان كوچا تەرەپتىكى
ئىشىكىنى تاختايلار بىلەن مەھكەم مىخ-
لاپ، ئۆزىنىڭ قورۇسى تەرەپتىن كىرىپ
چىقىدىغان كىچىك بىر ئىشىك ئېچىۋال-
دى. ئارىمىزدىكى «زادى دوختۇر ئۇنىڭ
ئىچىدە نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېتىۋاتقان-
دۇ؟» دەپ تاقەتسىزلەنگەنلەرنىڭ بە-
زىلىرى كوچا تەرەپتىكى دەرۋازىنىڭ
يوچۇقىدىن ئانچە-مۇنچە مارايمۇ قوييۇشات-
تى. دوختۇر ئاۋۋال ئۆزى گۇمان قىل-
غان يەرلەرنى تەۋەككۇل قىلىپ كولاپ
باقتى. ئاندىن ئۆيلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭ
ياغاچ-تاش، بورا-چەگزىلىرىنى ئۆزىنىڭ



قورۇسىغا سۆرەپ ئەپچىقىپ رەتلەپ تىز-
دى. بۇ ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بول-
غاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تاملىرىنى بىر-
بىرلەپ ئۆرۈگىلى تۇردى. ھەممە ئىشنى
ئۇ ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرماي ئۆزى يال-
غۇز قىلاتتى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى
بىلەنلا ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپتىن
كونا ئۆيلەرنىڭ پۇرقىراپ ئاسمانغا كۆ-
تۈرۈلۈۋاتقان چاڭ-توزانلىرىنى كۆرگىلى
بولاتتى. كۆۋرۈك بېشىدىكىلەر چاقچاق
قىلىپ، «دوختۇر ئۆينىڭ تۈپىسىنى تا-
قاپ سورۇۋاتامدۇ نېمە؟» دېيىشەتتى.
ئاخىرىغا بېرىپ مەھەللىدە قاتتىقراق
بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلسىمۇ «نېمە،
بولغاندۇ؟ دوختۇر ھېلىقى ئالتۇننى تېپىپ
ۋالدىمۇ نېمە؟» دەپ باشلىرىمىزنى

سوزوپ ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە
قارايدىغان بوپقالدۇق.

دوختۇر ھويلىنى تولۇق بىر ياز بەل-
گىچە چوڭقۇرلۇقتا ئېتىز چاشقىنىدەك
كولاپ، توپىسىنى گورجەكنىڭ ئارقىسى
بىلەن ئۇرۇپ ئۇششاقلاپ، سەۋر-
چانلىق بىلەن بىر تەرەپكە ئۆرۈپ چىق-
تى. شۇ كۈنلەردە ئۇ تالا-تۈزلەرگىمۇ
چىقمايتتى. چىقىپ قالسىمۇ، ئىشى ئالدى-
راش گۆركاردەك ئۇستىبېشى توپا، سا-
قاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھالەتتە غىل-
پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولاتتى. دوختۇر-
نى تونۇيدىغانلار، ئانچە-مۇنچە كېسەل
كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغانلار
ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ھەيران بو-
لاتتى. بىز ئۇنىڭ نېمە ھەلەكچىلىكتە
يۈرگىنىنى ئىچىمىزدە بىلىپ ئۈنچىقمايت-
تۇق...دوختۇر ھەتتا ئەزىمجاننىڭ چوڭ-
قۇر خالا جايىنىڭ گەندىسىنىمۇ تارتىپ
كۆردى. ئالتۇن تۇرماق بىرەر سۇنۇق
يارماقمۇ چىقمىدى.

كۈزگە يېقىن دوختۇر بىر نەچچە
ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ھېلىقى ھەر
تەرەپكە دۆۋىلىۋەتكەن توپىلاردا كېسەك
تۆكتۈرۈشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئىز
كېسەكچىلەر بىلەن تەڭ ئىشقا چۈشۈپ،
ئۇلارنىڭ بېشىدا تىك تۇراتتى؛ ئىشلەم-
چىلەرنىڭ كەتمىنى بىرەر تاشقا تېگىپ
«تاق» قىلىپ قالىدىغانلا بولسا يۈرىكىنى
تۇتۇپ شۇ ياققا ئۆزىنى ئاتاتتى. شۇن-
داق قىلىپ، كېسەكلەر قۇيۇلۇپ بولغىچە
دوختۇرمۇ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ
كەتتى...

بىچارە دوختۇرغا ئىچىمىز ئاغرىپ
قالدى. يازىچە تارتقان جاپا بىلەن ئۇ-
نىڭ چىرايى قارىداپ، ئورۇقلاپلا كەتكە-
نىدى. تاغدەك دۆۋىلىنىۋېتىلگەن كېسەكلەر-
نى پىرقىراپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى.
ئىككى كۆزى مېيى تۈگەپ كېتىۋاتقان
چىراغدەك خىرە پىلىلداپلا قالغانىدى.
گەپ قىلسا گېپىدىن ئازغىنىپ «كىمنىڭ
كېسەك قۇيىدىغان قېلىپى بار؟» دېيەن
دەپ «كىمنىڭ قېلىپ قۇيىدىغان كېسى-
كى بار؟» دەيتتى. بەزىدە بىزنى «كۆۋ-
رۈك بېشىدا قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر»
دېيەن دەپ «قارتىنىڭ بېشىدا كۆۋرۈك
ئوينايدىغان ئاغىنىلەر» دەپ سالاتتى.
بىر قېتىم ئۇ قېشىمىزغا كېلىپ:

— نېمىشقا ھەممە ئادەمنىڭ ھور-
سىدىن ئىس چىقىدۇ، بىزنىڭ قازاندىن
تۈتۈنمۇ چىقمايدۇ؟! — دېۋىدى، نېمە
دەيدىغاندۇ بۇ ئاداش دەپ قاراپلا
قالدۇق.

بىر كۈنى دوختۇر ھېلىقى قۇيدۇ-
رۇپ قويغان كېسەكلىرىنى ساتماقچى
بولۇپ بازاردىن بىر ئادەمنى باشلاپ
چىقىپتۇ. بىر چاغدا ئىككىسىنىڭ ۋارقى-
رىشىپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. «نې-
مە گەپتۇ؟» دەپ بارساق، دوختۇر
ھەممە كېسەكنى ئەللىك مىڭ سومغا
ساتىمەن دەۋېتىپتۇ، ھېلىقى ئادەم:
«بۇ نېمەڭنى ئەللىك مىڭغا كىم ئالىدۇ؟»
دەپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. خېرىدار:

— ماۋۇ ئادەم ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟.
ھەممە كېسىكىم ئون تۈمەن دەيدۇ. ھا-
زىر خام كېسەكنىڭ مىڭى ئوتتۇز بەش
تەڭگىدىن بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، قىرىق تەڭ-
گىمۇ دەيلى، قىرىق تەڭگىدىن بولغاندا
ئون تۈمەن كېسەك جىق كەتسە ئاران
تۆت مىڭ تەڭگە بولىسامدۇ!— دەپ

قايناتتى. دوختۇرمۇ بوش كەلمەي:
— بىلەمسەن، ماۋۇ ھەر بىر ئالتۇن-
نىڭ ئىچىدە كىشەك بار، تېخى مېنى
سازاڭ دەيسەنغۇ! — دەپ سەكرەيتتى. بىز
«ھاي-ھاي!» دېگۈچە ئۇ خېرىدارنى:
— ھېلى بىكار ئاناڭغا كۆزۈڭنى
كۆرسىتىپ، بىر پۇتۇڭنى ئىككى ئۆتۈك-
كە تىقىۋېتىمەن! — دەپ تىللىۋەتتى.

بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى
ئۆمەللەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم بۇ گەپ-
نى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ھەقىچان
ئۇ «ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقى-
مەن، دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىغان، بىر پۇ-
تىنى ئىككى ئۆتۈككە تىقىدىغان بۇ
قانداق ئىشتۇ؟ پۇتىنى كېسىپ پارچىلاي-
دىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ
قالدىغۇ دەيمەن. ئالدى-كەينىگە قارىماي
كېتىپ قالدى.

قىش كىرىشى بىلەن دوختۇرنىڭ
جىددىيلىكى سەل پەسىيىپ قالدى. ئۇ
ئۆزى دوختۇر بولغاچقا، ياخشى دورىلار-
نى ياساپ يەپ، شەربەت ئىچىپ، كۈچ-
لۈك مەجۇنلەرنى كاپ ئېتىپ بەردىمۇ،
ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ گەپتىن ئازغىنىپ كې-
تىدىغان كېسىلى خېلى ئوڭشىلىپ قالدى.
ئەمدى ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي، يەر-
گە قاراپ خىيال بىلەنلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئەدەب
بىلەن ئىشىك چېكىپ كىرىپ، بوسۇغىدا
تۇرۇپلا:
— قاراڭ، ماڭا ئۇنىڭدىن خەت كەل-
دى، — دېدى.
— كىمدىن؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆز-
ىنى ئاڭقىرالماي.
— ئەزىمجاندىن.
— ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمجاندىن!؟
ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇتۇرۇپراق
سۆزلەڭا.
— دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئاشۇ ئۆلۈپ
كەتكەن ئەزىمجاندىن ئاخشام خەت ئال-
دىم. رەھمەتلىك ئۇ دۇنيادىمۇ بىزنى
ئۇنتۇماپتۇ. خۇش بولۇپ قالدىم، — دېدى
ئۇ مەن تارتىپ بەرگەن ئورۇندۇققا كې-
لىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ.
— خېتى قېنى؟
— خېتىنى ئالغاچ كىرەلمەپتىمەن...
سەۋدا غالىب كېلىدۇ، سەپرا ئۆرلەۋاتام-
دىكىن، يېقىندىن بېرى قويغان-تۇتقى-
نىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم...
ئىشقىلىپ، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتىپتۇ.
«بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسى تىنچلىق.
ئۇ كۈنى بىزنىڭ گۆرگە يىغىلىپ سىلەر-
نىڭ پارىڭىڭلارنى قىلىشتۇق، ھېلىقى
بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاچچىق تاماكىنى
ئۆزمەي چېكىدىغان ساۋۇتكامنى بىلىسى-
لەرغۇ؟ ساۋۇتكام مەشەدىمۇ كۆك تاماكى-
نى شۇنداق قاتتىق چېكىدىكەن، بىردەم-
دىلا ئىچ گۆرنى ئىسقا توشقۇزۇپ بولدى.
ماڭە، تاماكاڭنى تاشقىرىقى گۆرگە چىقىپ چەك!
— دەپ چىقىرىۋەتتۇق.» دەپ يېزىپتۇ. مەن
توغرۇلۇق ئۇ: «شېرىپجان، بۇياققا مېڭىشىنىڭ
ئالدىدا باللىرىمغا تۈزۈكرەكمۇ بىر نەرسە
مىراس قالدۇرالمىدىم، دەپ بەك كۆڭلۈم يې-
رىم بولغانتى. ئاڭلىسام، سىز ئۇلارغا ئەللىك
مىڭ تەڭگە قايتۇرۇپ بىر ياخشىلىق قى-
لىپسىز. ئۇ دۇنيانىڭ ھېسابى ئۇ دۇن-
يادا تۈگەپ كەتكىنى ياخشى...» دەپ
يېزىپتۇ.
— ئۇ نېمە دېگىنى؟
— نېمە دېگىنى بولاتتى، ئەزىمجاننىڭ

ئۆزگىرىسكە ئاتتىم دەپ بىزنىڭ قو-
رۇغا تاشلىۋىتىپ قالغان ھىلىقى خالتى-
سىنى مىنىڭ ئالغىنىم راست، شۇ كۈنى
كىچىسى ئىرلىرى كىلىپ قوشنامنىڭ دەر-
ۋازىسىنى تاراقشىتىپ كەتتى. نىمە گەپ-
كىن دەپ چاپىنىمنى ئىپىنچاقلاپ ھويلى-
غا چىقسام، باغ تەرەپكە بىر نىمە پاق-
قىدە قىلىپ چۈشكەنەك قىلدى. ئەتىسى
سەھەردە ئەزىمجان تەرەپتىكى تام تۈ-
ۋىنى قاراشتۇرسام، كىچىك بىر تىرە
خالتا تۇرۇپتۇ. ئىچىپ قارىسام ئالتۇن.
ئالتۇننى كۆرۈپلا قوشنامغا قايتۇرۇپ
بەرگۈم كەلمەي قالدى. ئەزىمجاننىڭ گۇ-
مانى توغرا، ئۇنىڭ ئىزدەپ تاپالمىسا، مەن-
مۇ ئالمىغان بولسام، بۇ خالتا ئاسمانغا
چىقىپ كىتەتتىمۇ؟ ئەزىمجان ئەڭ
ئاخىرىدا مىنىڭ زادى قانداق ئادەملى-
كىمنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ، ھى-
لىقى خوتۇنىغا يازغان خەتلەرنى ماڭا
بەرگەن گەپ. ئەگەر مەن قوشنامغا سە-
مىمىيەتلىكىم بار ئادەم بولغان بولسام،
خەتلەرنى ئوقۇمايلا ئاغىنىمىز بىلەن بىللە
كۆمۈۋەتكەن بولاتتىم. ماڭا بۇگۈنكى بۇ
تارتقۇلۇقلارمۇ يوق ئىدى. خەۋىرىڭىز
بار، بىز ئۇنى كۆمىدۇق. ئىچىپ ئوقۇ-
دۇق. خەتتىكى ئالتۇننىڭ گىپىنى ئاڭ-
لاپ مەن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي
قالدىم. نىيەتنىڭ ئالدىقى بىشىمغا بالا
بولدى. ئاچچىق توپا يۇتۇپ، جاپانى
يەتكۈچە تارتتىم. ئەمدى ئويلىسام، بايا
ئەزىمجان خەتكە ئالتۇن توغرىسىدىكى
گەپلەرنى قەستەن قىستۇرۇپ قويغانى-
كەن...مەيلىغۇ، مەن نىمىنى ئۇتتۇردۇم
دەيسىز، ناھايىتى شۇ ئەزىمجاننىڭ ئال-
تۇنلىرىنى سىتىپ ئاچقان دۇكان، سال-
غان جايلىرىدىن ئايرىلىپتىمەن؛ ئۇنىڭ
باللىرىنى رازى قىلىپ، يەنە بۇرۇنقى
ئەسكى ئۆيلىرىمدە قاپتىمەن. ئەمدى
ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ ئاغىنىلەر بىلەن
يۈزۈم يورۇق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان
بولدۇم. ئۆلۈپ كىتىپ قالسام مىنىمۇ
شۇ قوشنامنىڭ يىنىغا كۆمۈڭلار-ھە!

دوختۇر ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى،
مەن بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغىنىغا ئەق-
لىمنى يەتكۈزەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم...
ئەتىيازغا چىققاندا دوختۇرمۇ ئالەمدىن
ئۆتتى. ئۇ ھىلىقى خام كىسەكلەرنىڭ
تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، قىشى-
چە ياغقان قارنىڭ نىمىنى تارتىپ ئاس-
تى زەيلىشىپ كەتكەن كىسەكلەر ئۆرۈلۈپ
ئۇنى بىسىۋالغانىدى. بىز ۋەقەنى ئاڭ-
لاپ يىتىپ بىرىپ، كىسەكلەرنى ئىچىپ
قارىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كۆزى ئالدىراۇرۇن
يۇمۇلغان بولۇپ، چىرايىدا ئاجايىپ بىر
خاتىرجەملىك ئەكس ئىتىپ تۇرغانلىقى-
نى كۆردۇق.

دوختۇرنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بو-
يىچە ئەزىمجاننىڭ قەبرىسى يىنىغا دەپنە
قىلدۇق. ئۇنىڭ يەتتە، قىرىق نەزىر-
لىرىمۇ ئۆتكەچ، مەھەللە ئىچى بۇرۇنقىدەك
جىمىپ قالدى. ھەي، ئۆلدى كەتتى،
دىگەن مانا شۇ! دەپ كۆۋرۈك بىشىدى-
كى قارتا ئويۇنىمىزنى يەنە باشلىۋالدۇق.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرىھىم

قاھار جېلىل



# ئاددىي ئادەملەر

(ھېكايە)

1

بۇ ئار كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك جايلاشقان كىچىك ئۇگرىخانا ئىدى. غاپپارنى 35 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ۋىجىككىنە ئايال ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاشخانىدا باشقا خېرىدار يوق ئىدى.

— مېھمان، ئۇگرە قىلىپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى ئايال غاپپارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ.

— بىر چىنە ئۇگرە نەچچە، پۇل؟

— بىر يېرىم كوي.

— ئاددىيراق قىلىپ بىر كويلۇق ئاش قىلىپ بېرەملا؟

ئايالنىڭ پېشانىسى سەل-پەل تۈرۈلدى. «بولمايدۇ» دېيىشكە تەمشەلدى-يۇ، لېكىن بۇ خېرىدارنىڭ ساڭگىل-سۇڭگۇل كىيىملىرى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلى، ئورۇق-ياغاق يۈزى ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇنسىز كۆزلىرىگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى.

— ماقۇل مېھمان، ئەمىسە چاي ئىچكەچ تۇرسىلا.

بۈگۈن ئۇنىڭ سودىسى خېلى قىزىغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمۇ ياكى بۇ خېرىدارغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بىر سېخىيلىق قىلغۇسى كەلدى-دە، قىيمىنىمۇ، تېتىتقۇلىرىنىمۇ ئوبدان سېلىپ، ئاشنى تازا ئوخشىتىپ ئەتتى.

غاپپار ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ئاشنى كۆرۈپ بىر نېمە دېمەكچى بولغانىدەك ئايالغا بىر قاراپ قويدى-يۇ، لېكىن يەنە ئىندىمەستىن ئاشنى ئىچىشكە تۇتۇندى.

ئايالنىڭ ئىسمى نىساخان ئىدى. ئۇ غاپپارغا پات-پات قاراپ قوياتتى. ئۇ، مۇساپىر ئوخشايدۇ، بىچارە، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇمۇ زەھمەتلىك ئېرى بىلەن بىللە ئون نەچچە يىل بۇرۇن مۇساپىرچىلىق دېگەننى يەتكۈچە تارتقان. ئۇلار توي قىلغان يىلى شەھەر ئاھالىلىرى تارقاقلاشتۇرۇلغاندا يىراق بىر ناھىيىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا ھەيدەلگەن. نىساخاننىڭ ئانىسى ئۈچ يىل بۇرۇن، دادىسى ئۇلارنىڭ تويىدىن كېيىنلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. مۇسىبەت ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىدىن ئايرىلىش دەردى، يېڭى شارائىتقا كۆنەلمەسلىك، مۇساپىرچىلىق قايغۇسى

يۇرەكلىرىنى قان - زەرداپقا توشقازغان،
ئاشلىق ئورمىنىمىز تولۇق ئالالماي تالاي
كۆڭۈلەر ئاچ - توق يۈرۈشكەن.

توۋا، نېمە، ئىش بۇ؟ شەھەر دېگەن
كادىرلار بىلەن ئىشچىلارلا تۇرىدىغان يەر
بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى؟ ئاتا - بوۋىمىز
ياشاپ كەلگەن، كىندىك قېنىمىز تۆكۈل-
گەن يەرگە سىغمىغۇدەك بىزدىن نېمە
سەۋەنلىك ئۆتكەندۇ؟ بىزنى «ئالدامچى-
لار، تەييارتاپلار» دېيىشتى. ئىسسىق -
سوغۇق، قار - يامغۇر دېمەي ئىشلەپ ئۆز
جېنىمىزنى. ئۆزىمىز بېقىۋاتساق، يەنە نې-
مە، دەپ ئالدامچى، تەييارتاپ بولۇپ قال-
غۇدەكمىز؟... ئاھ خۇدا، قۇلىقىڭ ئاڭ-
لاۋاتامدۇ؟ كۆزۈڭ كۆرۈۋاتامدۇ؟ نېمە-
دېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ!؟...

ئۇلارمۇ، باشقا پالانغانلارمۇ كۆ-
ڭۈللىرىدە ئەنە شۇنداق ئىدا قىلاتتى،
چۈشىنەلمەي گاڭگىرىشاتتى، ئەمما ئېغى-
زىدىن چىقىرالمايتتى. ئارىدىن ئالتە يىل
ئۆتكەندە ئۇلار ئەسلى ماكانىغا قايتىپ
كېلىشتى. بۇ يەردىن ئايرىلغاندا ئۇلار
كىشىلىك دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى
بىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ناتىۋان ياشلار
بولغان بولسا، قايتىپ كەلگەندە ياخشى-
لىق ۋە يامانلىقنىڭ، مېھرى - شەپقەت ۋە
باغرى تاشلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خېلى
چوڭقۇر چۈشەنگەن تەجرىبىلىك كىشىلەر-
گە ئايلانغانىدى.

ئۇنىڭ ئاشنى ئىچىشلىرىگە قارىماي-
دىغان، ئاغزىنىڭ كۆيگىنىگىمۇ قارىماي
يۇتۇۋاتىدۇ، بىچارە، — دەپ كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزدى نىساخان، — يېنىدا بىر چىنە
ئاشقا يەتكۈچىلىكمۇ پۇلى يوق ئوخشاي-
دۇ. مۇساپىر بولمىسا بىرەر ئىشنىڭ پې-
شىنى تۇتۇپ مۇنداق كۈنگە قالماستى.
شۇ بەستى بىلەن بىر چىنە ئۈگرىگە قانا-
داق تويىدۇ؟ ئاشۇ يىللىرى ياخشى كى-
شىلەر بىزنىڭمۇ بېشىمىزنى سىيلىغان،
ئاش - نان بەرگەن... ئۇ لىككىدە ئور-
نىدىن تۇردى - دە، ئالدىراپ قازان بې-
شىغا ئۆتتى.

غاپپار ھەش - پەش دېگۈچە چىنىنى
قۇرۇقدىدى. تىنجىق ھاۋا، قىزىق ئاش
ئۇنى ھازىرلا پار مۇنچىسىدىن چىققانى-
دەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. يۈ-
زىنى قاپلىغان تەرلەر، يىرىك ساقىلىنى
بويلاپ پەسكە تامچىلايتتى. سارغىيىپ كەت-
كەن شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېدى،
ئەتراپقا قاڭسىق تەر ھىدى تارقالدى.
ئاندىن كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان قو-
ياغلىقىدا باش - كۆزىنى سۈرتتى. يانچۇ-
قىدىن تاماكا قۇتىسى بىلەن گېزىت قەغە-
زى چىقاردى. تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇر-
دى. ئۇ توروسقا ئۆرلەۋاتقان ھالقا -
ھالقا كۆكۈچ ئىسلارغا قاراپ بىر پەس
خىيال سۈردى: بىر كوي ئىككى موچەن-
گە ئۇنارمۇ؟ ئۈگرىسىغۇ تازا ئوخشاپتۇ.
لېكىن مەندە نېمە ئىلاج، يېنىمدا بارى-
يوقى شۇ تۇرسا. تېخى ئىككى موچەنگە
ئەتە ناشتىدا بىر نان ئېلىپ يەرمەن
دېۋىدىم، ئۇمۇ يوق بولدى. مەيلى، ئاخ-
شاملىققىچە بىرەر ئىش تېپىلىپ، قولۇمغا
ئاز - تولا پۇل كىرىپ قالسا ئەجەب
ئەمەس، ھازىرچە بارىنى تەڭلەپ باقاي،
كېمىنى ئەتە ئەكىلىپ بېرەرمەن.
ناۋادا...

غاپپار تۆش يانچۇقىدىن ھەممە
پۇلىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە
ئالدىغا ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر چىنە

ئاش قويۇلدى. ئۇ گاڭگىرىغان ۋە سەل ئاچچىقلانغان ھالدا نىساخانغا قارىدى. قانداق ئايال بۇ؟ كۆتۈرەلمەسلىك ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك...

— بۇ ئاشنى ئىچسىلە مېھمان، — نىساخان ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، تەلەپپۇزىدىن بىر خىل سەممىيلىك، چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، بولدى! — دېدى غاپپار خېلىلا قوپال تەلەپپۇزدا، — مەن بىر چىنىلا بۇيرۇغان تۇرسام، مېنى بوزەك كۆرۈپ كۆپرەك سودا قىلىۋالاي دەملا؟

— ياق، نىيىتىمنى خاتا چۈشەنمىسىلە. بۇ بىر قاچا ئاش ئۈچۈن پۇل ئالمايمەن.

— نېمە؟ مېنى تىلەمچى كۆرۈۋاتامسىلا؟ — غاپپار شاققىدە ئورنىدىن تۇردى، — مانا تۇتسىلا، بۇ بايىقى ئاشلىرىنىڭ پۇلى، يەنە ئۈچ موچەنلىرى كەم قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا...

— ياق، ياق! — ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى نىساخان، — كۆڭلۈمنى چۈشەنسىلە، ئولتۇرسىلا، كۆزۈمگە مۇساپىردەك كۆرۈندىلە. بىزمۇ بىر چاغلاردا مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان. ياخشى كىشىلەرنىڭ ھىممىتىنى كۆپ كۆرگەن، شۇڭا...

غاپپار باغرى قاتتىق، قوپال ۋە جاھىل ئادەم ئىدى. بېشىغا نى-نى ئېغىر قىسمەتلەر چۈشكەن، ئىتتەك دۈمبالانغان چاغلاردىمۇ، چىشىنى چىشىغا مەھكەم بېسىپ، مۇشۇ مىنۇتلارنى ئىڭ قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. بىراق ئادەمزات دېگەن ھېس-تۇيغۇ بىلەن تىرىك تۇرىدىغان مەخلۇق ئەمەسكەن، بەزىدە ئۇ ملۇز بولۇپ كۆرۈنسە، بەزىدە ئوتتەك لاۋۇلداپ يانىدىكەن؛ بەزىدە ئۆلى تاشقا ئوخشاتقۇلۇق كەلسە، بەزىدە خېمىردەك يۇمشاق بولۇپ قالىدىكەن. زەربىگە تىز پۈكمەي، خەيرىخاھلىق ئالدىدا ياش ئاققۇزىدىغان كىشىلەر دۇنيادا ئازمۇ؟

نىساخاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى غاپپارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇشتۇمتۇت زىلزىلە پەيدا قىلدى-دە، پۇت-قوللىرى بوشاپ ماغدۇرسىزلاندى، تىلى كالۋالاشتى، لېكىن مېڭىسى يەنىلا سەگەك ئىدى.

— ياق، ياق! بۇ... بۇنداق قىلساق...

— ئۇنداق كاجلىق قىلمىسىلا. بۇ ئاشنى سىلە ئۈچۈنلا ئەتتىم. بىكارغا ئىچكۈلىرى كەلمىسە، پۇلنى ئەتە-ئۆگۈن ئەكىلىپ بېرەلا.

شۇ پەيتتە ئىشىكتىن 10 - 11 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئانا، كۆمۈر كېلىپ قالدى. ھارۋىكەش تېز چۈشۈرۈۋېلىڭلار دەيدۇ، -دېدى ئۇ ھاسىراپ.

نىساخان ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىيۇ، يېرىم يولدا توختاپ غاپپارغا قارىدى.

— مېھمان، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن قايتسىلا-ھە! — دېدى ۋە ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

غاپپار بىر نەچچە سېكۇنت نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆرە تۇرغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاشنى ئىچىش-ئىچمەسلىكنى بىلەلمەي تۇرغاندا، سىرتتىن كۆمۈرنىڭ گۈرسىلدەپ، شاراقلاپ يەرگە چۈشكىنى، ئارقىدىن نىساخاننىڭ: «بالام،

كىچىكرەكلىرىنى كۆتۈر، چوڭلىرىنى ئۆزۈم
ئەكىرىمەن!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئۇ سىرتقا چىقتى.
— سىلە ئاشخانىغا كىرىپ كەتسە-
لە، خېرىدارلار كەلسە كۈتۈپ قالىدۇ، —
دېدى ئۇ نىساخاننىڭ قولىدىن يوغان بىر
پارچە كۆمۈرلى ئېلىشقا تەمشىلىپ، — كۆ-
مۈرنى مەن توشۇۋېتەي.
نىساخان خېلى تارتىشىپ بېقىپ،
ئاخىرى ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى.
بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە كۆ-
مۈر هويلىغا توشۇلۇپ بولۇندى. غاپپار
يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ ئاشخانىغا قايتىپ
كىرگەندە، بايىقى ئاش يېگىلىغا ئالماش-
تۇرۇلغانىدى. ئۇ ئەمدى ئاشنى هېچبىر
قورۇنماستىن ئىچىپ تۈگەتتى.
— رەھمەت سىلىگە مېهمان، — غاپ-
پار قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان-
دا نىساخان ئۇنىڭغا بەش كوي پۇل
ئۇزاتتى، — كۆپ ياردەم قىلدىلا، ئاز بول-
سىمۇ ئالسىلا.
يەنە بىر قېتىم تالاش-تارتىش
بولۇپ ئۆتتى.
— بوپتۇ، — دېدى ئاخىرى غاپپار
بۇ تالاش-تارتىشتىن زېرىككەندەك قو-
پال ئاۋازدا ۋە نىساخاننىڭ قولىدىن پۇل-
لارنى ئېلىپ ئىككى كويلۇق بىر قەغەزنى
يانچۇققا سالدى، قالغىنىنى ئۈستەلگە تاش-
لاپ «خوش ئەمىسە» دېگىنىچە ئىشىككە
قاراپ ماڭدى.
مۇنداق كەسكىن ھەرىكەتتىن سەل
گاڭگىرىغان نىساخان بىر دەقىقە داڭ قې-
تىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن غاپپارنىڭ
ئارقىسىدىن يۈگۈردى.
— رەھمەت سىلىگە، يەنە، كەپ تۇ-
رالا، — دېدى ۋارقىراپ. غاپپار كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى.
نىساخان كۆڭلىدە بۇ قىزىق ئادەم ئىكەن،
دېگىنىچە ئاشخانىغا قايتىپ كىردى.

* *

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇلا يە-
نە تۇساتتىن ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ كۈ-
نى چۈشتىن بۇرۇن نىساخان نەرسە-
كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بارغا-
نىدى. هاۋا ئىسسىق، كوچىدا چاڭ-تو-
زان ئۆرلەپ تۇراتتى. ئادەملەر، ئېشەك
هارۋىلار، ماشىنا-تراكتورلار بوزچىنىڭ
مۇكىسىدەك ھەريان ئۆتۈشەتتى. ئۈچ خال-
تا ئۇن ۋە بىر يېرىم قوينىڭ گۆشى بې-
سىلغان قول هارۋىسىنى ئېهتىيات بىلەن
ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان نىساخاننىڭ ئۈست-
بېشى تەرگە چۆمۈلگەنىدى. تۇيۇقسىز
يوغان بىر قول هارۋىنىڭ ئوڭ تەرەپ
سېپىنى تۇتتى. نىساخان چۆچۈپ قارىۋې-
دى، غاپپارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىنى
كۆردى.
— مەن ئاپىرىشىپ بېرەي، — دېدى
غاپپار سالامىمۇ قىلماستىن كەپنىڭ پوس-
كاللىسىنى ئېيتىپ.
— بۇ ... بۇ ... بۇنداق ... رەھ-
مەت سىلىگە، ئۆزۈم... — دېدى نىساخان
دۇدۇقلاپ. بۇ ئارىدا هارۋىنىڭ ئىككىلا
سېپى غاپپارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانى-
دى. غاپپار هارۋىنى ئىتتەردى، نىساخان
ئىلاجسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلار ئۆي-
گە كەلگۈچە لام-مىم، دېيىشمىدى، بې-
رەر يەردىمۇ توختاشمىدى. نەرسىلەرنى
جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نىساخاننىڭ

تەكلىپى ۋە قىستىمىشى بىلەن غاپپار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئىساخان چايداندىكى قايناق سۇدا چاي دەملىدى - دە، داستىخان سېلىپ نان - توقاچ، قەن - گېزەك كەلتۈردى.

— قېنى مەزەگە باقسىلا، ئەتىگەن پىلتە قىلىپ قويۇۋىدىم، بىردەمدە ئاشنى تەييار قىلىمەن.

غاپپارنىڭ چىرايىدا تۇنجى قېتىم سەل - پەل كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ شادلىقتىن كۆرە خىجىللىقتا يېقىنراق ئىدى.

— ھەي، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ... چاي ئىچسەكمۇ بولاتتى.

— ئۇنداق بولامدىغان، مەن سىلىنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى ئىساخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن كۈنىمۇ، بۇگۈنىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىلا، قانچە رەھمەت ئېيتساممۇ ئەرزىيدۇ.

ئۇ سۆزىنى ئىسۇگىتىپلا پەشتامىنى تارتىپ كۆكتات توغراشقا تۇتۇندى، غاپپار چاي ئىچكەچ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. روزىغارلارنى كۆپ دېگىلى بولمىسىمۇ، ئانچە كونا ئەمەس ئىدى. بۇلۇڭغا قويۇلغان 14 دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزور بىلەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو ئۆيگە باشقىچە بىر خىل تۈس بەخش ئېتىپ تۇراتتى.

ئانا - بالا ئىككىسىلا تۇرامدىغاندۇ؟ ئۆتكەن قېتىممۇ ئەركىشى كۆرۈنمىگەن، بۇگۈنمۇ بازارغا ئۆزى چىققىپتۇ. ياكى... غاپپار سوئالغا دەماللىققا جاۋاب تاپالمىدى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان كېچىنى بېكەتنىڭ جوت زالىدا، كۈندۈزىنى كوچا خاڭداش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. بەزىدە بېكەتتە، ئۇن پونكىتى ئالدىدا ۋە سودا بازىرىدا ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئىشمۇ تېپىلىپ قالاتتى. قولىغا تۆت - بەش تەڭگە پۇل چۈشەتتى - دە، بىر - ئىككى كۈنىنى غورىگىل ئۆتكۈزۈشكە يېتەتتى. ئۇ قورۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ئىش ئىزدەپ كۆرۈۋېدى، ئەلەتتى سۆرۈن باشقۇرغۇچىلار ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىر نېمەدىن گۇمانلانىدىمۇ ياكى راستىن ئادەملىرى تولۇقمۇ ئىشقىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. غاپپار بىراۋغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا كەينىگە قايتاتتى. ئاشخانىلاردا ئىشلەشنىمۇ ئويلىدى، بىراق ئۇ كىرگەن ئاشخانىلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئايغى چاققان ياش باللار ئىدى، 50 ياشقا تاقاپ قالغان ئادەمنى ئىشلىتەرمۇ؟ ياق، يەنە سوغۇق گەپ ئاڭلاپ بىھۇدە زەردىسىنى قايناتمىغىنى تۈزۈك.

ئۇ شۇنداق ئوي بىلەن بۇ يىگىردىنىمۇ ۋاز كەچتى. ئۇنداق بولسا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ئوغرىلىق، تىلەمچىلىك دېگەنلەرنى ئۆلسەمۇ قىلمايدۇ. ھەتتا ئۇلارنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ نومۇس. قىمار ئويناپ پۇل تېپىش ئەلۋەتتە باشقا گەپ، ئۇ ھەركىم تەلىيىنى سىناپ يۈز تۇرانە قىلىدىغان ئىش، ئۇتسا بەختىڭ، ئۇتتۇرساڭ ۋايساش يوق. لېكىن غاپپار بەش يىل ئاۋۋال تۈرمىدە ئاندىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئاشۇنداق تەلەي سىناشنىڭ دەردىنى خوپ تارتتى. لىنى ئازابلارغا دۇچار بولدى، پۇشايمان

دېكەننى، ئالغىلى قاچا تاپالمىدى. ئەمدى يەنە پىت-چۇسا ئۇۋۇلاپ كەتكەن قاراڭغۇ-سېسىق، تار ئۆيلەردە ياتقۇسى، ساقچىلارنىڭ ئازارىتى ئاستىدا ئىشلىگۈسى يوق. ئاچ-توق قالسىمۇ ئەركىن-ئازادە يۈرگىنى ئەۋزەل. ئەمىسە يۇرتىغا كەتسۇنمۇ؟ ئۇ يەردە جانكۆيەر كىشىلەرى بولمىغىنى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسى بار. دېھقانچىلىق دېگەن ئۇنىڭ ئاتا كەسپى. يۇرتىغۇ ئانچە يىراق ئەمەس. ماشىنىغا ئولتۇرسا بىر قونۇپ ئەتىسىلا يېتىپ باردۇ. ئاندىن يەنە ئۇ يەردە بىر بالىسىمۇ بار (ئەگەر ئۇ هايات بولسىلا) غاپپار تېخى ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان (ئۇ يۇرتتىن ئايرىلغاندا بالا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىدى) بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆز پۇشتى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ بالىنى پات-پات ئويلاپ سېغىنىپ ياشىدى. شۇ تاپتا ئۇ چوپچوڭلا بالا بولۇپ قالغاندۇ... بىراق تۆت يىل بۇرۇن خوتۇنى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. غاپپارمۇ تارتىشىپ تۇرمايلا بۇ تەلەپكە ماقۇل بولدى. ئاخىر بىر يىل بولا-بولمايلا ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان خوتۇندىن قانچىلىك ۋاپا كېلەتتى؟ ئۈچ يىلغىچە ئىنچ ئولتۇرماي، كۆڭلى تالادا پالاز قېتىپ قالسا ئۆزىنى جىنىڭ ئوغۇل بالا هېسابلايدىغان غاپپار ئۈچۈن نى ئارنى نومۇس!..

ئۈچ يىلغۇ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق مۇشۇ تۇرقى بىلەن يۇرتىغا بارسا، ئاشۇ ۋاپاسىز خوتۇنى، ئۇنىڭ يېڭى ئېرى ۋە غاپپارنى بۇرۇندىنلا يامان كۆرىدىغان كىشىلەر تازا مازاق قىلىپ كۈلۈشمەسمۇ!؟ بەلكىم، بالىسىمۇ ئۇنى تونۇماس... ياق، هازىرچە ئۇ يەرگە بارمىغىنى تۈزۈك، خۇدانىڭ ئاسمىنى كەڭرى، رىسقى تولا. مۇشۇ شەهەردە، مىڭلىغان ئادەملەرنى بېقىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ باغرى كەڭ يەردە ئۇنىڭغىمۇ تىرىكچىلىكنىڭ بىر يولى چىقىپ قالار. ئۇ يۇرتىغا چوقۇم باردۇ، كىيىملەرى پۈتۈن، يانچۇقى توم، دوست-دۈشمەنلەرى زوقلانغۇدەك هالەتتە باردۇ.

غاپپار هېلىقى كۈنى نىساخان بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن ئاخشىمى ئۇخلىيالماي سۈرىدىغان گادىرماچ خىياللىرىغا يەنە بىر يېڭى ئوي كېلىپ قوشۇلدى. بولۇپمۇ ئاخشام بۇ هەقتە ئەستايىدىل ئويلاندى. نىساخاننىڭ يىلىلىق چىرايى، سەممىي مۇئامىلىسى، سېخىيلىقى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئەتە كۆرۈشۈپ ئۇقۇشۇپ باقاي، ئادەم يالاش خىيالى بولسا قوبۇل قىلىپمۇ قالار...

بۇرۇنقىلار «ياخشى نىيەت-يېرىم دۆلەت» دەپتىكەن، بۈگۈن ئىشىنىڭ بىسمىللاسى خەيرلىك باشلاندى: ئۇلار بازاردا نىساخانغا تازا ياردەم لازىم بولۇۋاتقاندا ئۇچرىشىپ قالدى. غاپپارنىڭ كۆڭلىدە پۈككەن ئويىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. پەقەت ئىككى ئىش كۆڭلىگە سەل سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى: بىرى نىساخاننىڭ ئېرى بار-يوقلۇقى، ناۋادا ئېرى بولۇپ قالسا، بەلكىم ئۇلارغا باشقا ياردەمچى لازىم بولماس؛ يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىنى نىساخان ئۇقسا، چۆچۈپ كېتىپ، «ياق» دەپ قالسىچۇ؟

غاپپار شۇ تاپتا نىساخاننىڭ ئۆيىـ
دە چاي ئىچىۋېتىپ، بەرىنچى ئىشنى
ھېلىلا نىساخاننىڭ ئۆزىدىن سوراپ
بىلىش، ئىككىنچىسى توغرىسىدا ھازىرچە
ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى.

ئاش كەلتۈرۈلدى. غاپپار لەگمەن
يېگەچ كۆڭلىدىكىنى قانداق بىلدۈرۈش
ھەققىدە ئويلىناتتى. شۇ ئارىدا ئاۋۋال
گەپ ئېچىپ ئۆزئارا ئىسىم - شەرىپلىرىنى
بىلىشتى.

— ئۆزلىرى مۇشۇ شەھەرلىكمۇ
ياكى...؟ — دېدى نىساخان گەپنى ئۈزۈپ
قويغۇسى كەلمىگەندەك.

— مۇساپىرمەن، — غاپپار قىسقىلا
جاۋاب بەردى.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئوي-
لىۋېدىم، — دېدى نىساخان بىر ئۇلۇغ-
كىچىك تىنىۋېلىپ، — بۇ شەھەرگە نېمە
ۋەجىدىن كېلىپ قېلىۋېدىلە؟

— يۇرتتىن كۆڭلۈم ئاغرىپ چىقىپ
كەتكەن.

— قانچە ۋاقىت بولدى؟

— يېرىم يىلچە.

— خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئەمدى
قايتىپ كېتەلا ھەقاچان. ھەرنېمە دېگەن
بىلەن تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن يۇرتنىڭ مېھرى
دېگەن ئۆزگىچە بولىدىكەن، زادى ئۇنـ
تالمايدىكەن كىشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بۇ دېگەنلىرىمۇ راست، ئەمما
مېنىڭ ھازىرچە يۇرتقا قايتقۇم يوق.

— ئائىلىدىكىلەرچۇ؟

— ئائىلەم يوق.

ئارىنى بىردەم سۈكۈت قاپلىدى.
تەخسە بوشاپ دۇئا قىلىندى.

— بالىلىرىنىڭ دادىسى كۆرۈنمەيـ
دىغۇ؟ — دېدى غاپپار ئاھايىتى تەسلىكتە
ئېغىز ئېچىپ.

— ئىككى يىل ئىلگىرى قازا قىلىپ
كەتتى، — دېدى نىساخان چوڭقۇر ئۇھ
تارتىپ.

غاپپار دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ
مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلغاندىن
كېيىن نىساخانغا بىر نەچچە ئېغىز
تەسەللى بەرگەن بولدى.

— قارىسام، ئاشخانىنى يالغۇز
ئېچىۋاتقان ئوخشايلا؟ — دېدى ئۇ ئەمدى
سەل ئەدەمىيانە سۆزلەشكە ئۆرۈنۈپ، —
ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەملا؟

نىساخان يەنە بىر ئۇلۇغ - كىچىك
تىندى.

— بىر خىل تاماق قىلغاندىمۇ
يۈرۈشتۈرمەك ئوڭاي ئەمەسكەن. ئاچـ
ماي دېسەم، ئانا - بالا ئىككىمىزگە
تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ باشقا يولى يوق.
قىينالسامۇ چىداپ كېلىۋاتىمەن.

— يەنە، بىرەر ئادەم ياللىسىلا
بولمامدۇ؟

دېگەنلىرى راست. ئەمما ئۇزۇنراق
جانغا ئەسقىتىدىغان ئادەمنى تاپماق
تەسكەن.

ۋاقتى كەلدى، نانىنى قىزىقىدا
ياقاي دەپ ئويلىدى غاپپار.

— مەن قارىشىپ بەرسەم قانداق؟ —
دېدى ئۇ مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئوتتۇرىغا
قويۇپ، — ئۆزۈممۇ ئىش ئىزدەپ
يۈرۈۋاتىمەن.

— دېگەنلىرىدەك بولسىغۇ ھاڭغا
ياغدەك ياقاتتى، — دېدى ئۇ پىيالىگە
چاي تولۇقلىغاچ، — بالام پىسلەن... ئەنە
بىر يولۇقاملا؟

غاپپار ئۇنىڭ نېمىدىن تارتىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— ماقۇل، مەن ئالدىراتمايمەن، بالىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باقسىلا. قاچان بولىدۇ دېسىلە مەن تەييار.

ئۆگرىكە شىلكەمۇ، كىچىككىنە قورۇ-جايمۇ نىساخانغا ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مىراس ئىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى بۇ شەھەردىن ئايرىلغاندا مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى قورۇ-جاينى سېتىۋالماقچى بولغانىدى. لېكىن ئۇلار كۆڭلىرىنىڭ بىر يەردە قايتىپ كېلىپ قالساق ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىد بىلەن قايسىبىر زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان بىر نەۋرە ئاكىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە ئاكىسى ئۆينى بوشىتىپ بەردى. قورۇدا تۆت ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى. ئۇلار ئىككى ئېغىزىنى ئىجارىگە بەردى-دە، ئۆزلىرى بۇرۇن ئۆگرەخانا قىلىنغان ئىككى ئېغىزغا جايلاشتى. رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ ئاتا كەسپىنى قولغا ئېلىشتى. ئېرىمۇ بۇرۇن ئۇلارغا بەش يىل شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن، ياۋاش ۋە ئىشچانلىقى نىساخانغىمۇ، دادىسىغىمۇ ياراپ قېلىپ ئائىلىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلانغان، شۇڭا تىجارەتكە كىرىشكەندە ئۇلار ھېچبىر قىينالمىدى. شەھەر تېخى ئانچە ئاۋاتلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېرىدارلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، كىچىككىنە غەللە ساندۇقى ھەر كۈنى پۇلغا تولىدىغان بولدى.

ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى يېزىدىكى چېغىدىلا ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ يېشىغا توشمايلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شەھەرگە كەلگەنىنىڭ كېيىنكى يىلى نىساخان پاقالاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. شادلىق ئۈستىگە شادلىق قوشۇلدى. لېكىن كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان يالغۇز پەرزەنتى ئەركىن سەككىز ياشقا تولغان يىلى قىش پەسلىدە نىساخاننىڭ ھاياتىدا يەنە بىر ئېغىر دەرد-ئەلەم قارا قانىتىنى يايدى. جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان جورىسى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىپ كەتتى. نىساخان مۇسىبەت ئوتىدا كاۋاپتەك قورۇلدى، بىتەلەيلىكىدىن داتلاپ يۈزلىرىنى مورلىدى، چاچلىرىنى يۇلدى... ئالتە ئايغىچە ئاشخانىنى ئاچمىدى. لېكىن يېتىپ يېسە، تاغمۇ توشۇمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئۆگرەخانىسىدىن تاپقان پۇللىرى قانچە ۋاقىتقا يېتەتتى. مۇنۇ نارەسىدىسىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشى كېرەك-تە. نىساخان ئاخىرى مۆرىسىنى بېسىپ تۇرغان ھەسرەت تېغى ئاستىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، يېڭىباشتىن ئىشقا كىرىشتى. ئاشخانىنىڭ جىمىكى ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن ئىدى. بالا تېخى كىچىك، يەنە كېلىپ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. شۇڭا نىساخان 15-16 ياشلارغا كىرگەن سادىر ئىسىملىك بىر مۇساپىرنى ياللىدى.

نىساخان ئەمدى پەقەت ئۆگرە ئېتىشنىلا قارار قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئەتىكى كۈنىنىڭ ئۆگرىسى بىلەن قىيمىسىنى تەييارلىۋالاتتى، ئەتىسى ئاش ئېتەتتى. سادىر ئوت، سۇغا ۋە مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل ئىدى.

بەزى كونا خېرىدارلار نىساخانغا

يەنە بۇرۇنقىدەك تاۋا كاۋىپىمۇ پىشۇرۇشنى تەكلىپ قىلىشۇيدى، ئۇ بېشىنى چايقىدى:

— كۆپرەك پۇل تاپسام دەپ نېمىگە ئاۋارە بولارمەن. ئانا-بالا ئىككىمىز ئاچ-يالىڭاچ قالمىساق، ياردەمچىمنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرەلىسەملا، ماڭا شۇ كۇپايە.

سادىر يېرىم يىلغىچە ئوبدان ماسلاشتى. بىراق ئاخىرقى قېتىملىق ئىش ھەققىنى ئالغان كۈنى ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى-دە، قايتا قارىسىنى كۆرسەتمىدى، شۇنىدىن كېيىنكى ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە نىساخان بەش قېتىم ئادەم ياللىدى. بەزىلىرى يېرىم يىل، بەزىلىرى ئىككى-ئۈچ ئاي ئىشلەپ، كېيىن خۇددى سادىرغا ئوخشاش غىپپىدە تىكىۋېتىشتى. نىساخان بۇنىڭغا رەنجىپىمۇ كەتمىدى. تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تاپالايدىغان يەرگە كەتكەندۇ. نېمە ئىلاجىم، پېشانەمدىن كۆردۈم دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

مانا ئەمدى غاپپار دېگەن بۇ ئادەم پەيدا بولدى، ياللانسام دەۋاتىدۇ. نىساخانغىمۇ شۇ تاپتا بىرەر ياردەمچى ئاش-نانىدەكلا زۆرۈر ئىدى. بالام، قولۇم-قوشنىلار بۇ ئىشقا قانداق قارار، بۇرۇن ياللانغانلارغۇ ئوغلۇم ياكى ئىنىم قاتارىدىكى ياش باللار ئىدى، غاپپار ئاخۇن بولسا ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئىكەن. يېتىپ قوپىدىغان يېرىنىڭمۇ تايىنى يوقتەك قىلىدۇ. ناۋادا ئاشخانىدا يېتىپ قوپسا گەپ چىقىشماي قالارمۇ؟ مەنغۇ ئۆزۈمگە ئىگە بولالايمەن، يېنىمدا ئاق قارىنى ئايرىيالىغۇدەك ئوغلۇممۇ بار. لېكىن ھەسەلدىن قىل ئىزدەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا بەزىدە سۆتمۇ قارىغا ئايلىنىپ قالالايدىغۇ... قانداق قىلسام بولار؟ شۇ كۈنلەردە ماڭا تازا ئەسقاتاتتى...

كەچتە ئۇ ئەركىننى كىچىك كۆرمەي، ئاۋۋال ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ كۆرۈۋېدى، ئۇ دەررۇ جاۋاب بېرىۋەتتى:

— شۇنداق قىلە، ئانا. مەكتەپتىن كېلىپ ئوچاققا كۆمۈر سالىمەن، سۇ ئەكىرىمەن، دەپ بەك قىينىلىپ كېتىدىكەنمەن.

نىساخان ئاندىن ئىجارىكەشلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۇلارنىڭمۇ پىكرىنى ئېلىپ باقتى. ئەر-خوتۇن ئىككىسىلا ماقۇل كېلىپ، ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن نىساخاننىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. ئۆزۈمگە پۇختا بولسام بولدى ئەمەسمۇ، كىشىلەرمۇ چۈشىنەر، بەزىلەر دەماللىققا غەيرىي ئويلاردا بولسىمۇ، ئاستا-ئاستا بېسىقىپ قالار...

## 2

— ئىش ھەققىلىرىڭىز يېرىمىنى ئالدىن بېرەي، ئۈستىباشلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالامىلا؟

— ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت.

تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

— غاپپار ئاخۇن، بۈگۈن بەك كۆپ ئىش قىلدىڭىز، ھېرىپ كەتكەنسىز، (ئەمدى ئۇلار ئۆزئارا «سىز» لىشىدىغان بولۇشقانىدى) ئەمدى دەم ئېلىڭ.

— ياق، ھارمىدىم، ئۆگزىدىكى قارنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئاندىن دەم ئالىمەن.

يەنە 15 كۈنچە ئۆتتى.

— ئىساخان، بۈگۈن كەچ كۇلۇبتا ئويۇن بار ئىكەن، بايا ئۈچ بىلەت ئېلىپ قويۇۋېدىم، بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلىمۇ؟

— ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپتىكەن ئويۇن كۆرمىگىلى، بارايلى.

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كېچە.

غاپپارنىڭ ئورنىغا كىرىپ ياتقىنىغا نەۋاق، لېكىن كۆزىگە ئۇيقۇ كېلەر ئەمەس، ئۇ ياققا نەچچە بۇ ياققا نەچچە ئۆرۈلدى، ئوڭدا يېتىپ باقتى، يەنىلا ئۇيقۇ يوق. كۆزى تورۇسقا تىكىلگەن، كاللىسى خىيال بىلەن بەند. ئايدىڭ، دېرىزىدىن يىپەك لېنتىدەك سوزۇلۇپ كىرگەن ئاي شولىسى ئاشخانا ئىچىنى غۇۋا يورۇتقان. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى چوڭ يولدىن ئاندا - ساندا ئۆتكەن ماشىنا ئاۋازى بۇزۇپ تۇرۇدۇ... ماقۇل دەرمۇ؟ چىرايلىقچە، رەت قىلىشىمۇ مەيلى، ناۋادا سەندەك جايى ماكانىنىڭ تايىنى يوق قوڭالتاقنى ئېرىم دەمدىمەن؟ بېشىڭنى سىيلاپ قويسام، ئەمدى بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭمۇ؟ قېنى كەشىڭنى تورلا، كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن سېنى دېسەم بەكمۇ ئەلەم بولىدۇ — دە...

غاپپار ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، تاماكا ئوراپ چەكتى. «مەنمۇ تېخى سوقا سەندەلدەك ئوغۇل بالا. نەدە بولسىمۇ جېنىمنى بېقىپ كېتەلەيمەن. لېكىن قاچانغىچە، مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتەرمەن، 45 ياشتىن ئاشتىم. ياتىدىغان ئۆيۈمنىڭ تايىنى بولمىسا. يىل دېگەن ئۆتىۋېرىدۇ، ئادەم دېگەن قېرىيدۇ، كېسەلمۇ بولىدۇ، بىر كۈنلىرى ئەزرائىلمۇ ئالدىمغا كېلەر. شۇنداق چاغلاردا ئاغزىمغا سۇ تېمىتقىلى، ئېگىز - كەمنى تېپىپ، جىنازام ئالدىدا يىغلاپ ماڭغىلى بىرمۇ جانكۆيەرىم بولمىسا جەسىتىم ئىگە - چاقىسىز قېلىپ قالسا، لالما ئىتتىن نېمە پەرقىم بولىدۇ؟ ئۇ هازىر ماڭا ئوخشاش يالغۇزلۇقى، جورىسى يوقلۇقى ھەققىدە ئويلاۋاتامدىكىن؟ نېمىشقا ئويلىمىسۇن؟ ئۇ تېخى مەندىنمۇ ياش، تازا تولغان چاغلىرى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئەر كىشى دېگەن تېخىمۇ زۆرۈر - دە. ئەتە تەۋەككۇل قىلىپ چوقۇم ئېيتىپ باقاي. «ياق» دېسە پېشىمنى قېقىپ كېتەرمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز، ئىككى - ئۈچ قېتىم چاقچاق قىلسام رەنجىش تۇگۇل، بىر تاتلىق كۈلۈپ كەتتى. ئەتە تەلىيىمنى بىر سىناپ باقاي ياق دېمەس.

غاپپار كۆڭلى تىنغاندەك بېشىنى ياستۇققا قويدى، كۆزىنى يۇمدى، ئەمما بىر ئازدىن كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ياستۇققا يۆلەندى. تاماكا قايتا ئورالدى. ئۆتكەندىكىمۇ ھەقىقىي ئەھۋالىمنى يوشۇردۇم. بۇ قېتىممۇ يالغان ئېيتسام قاملىشارمۇ؟ ... ياق، هازىرقى ئىش ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ناۋادا توي قىلىپ قالساق، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتىدىغان گەپ. دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر يوق دەپتىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى قىمارۋازلىقىم، تۈرمىدە ياتقانلىقىم ئاشكارىلىنىپ قالسا يۈز كېلەلمەي قالارمەن. ئاران ئېرىشكەن ئۇۋامۇ بۇزۇلار. بۇ قېتىم راستىنى ئېيتاي. لېكىن ئۇ يالتىيىپ قالسىچۇ؟ زادى قانداق قىلسام بولار؟ غاپپار تىت - تىت بولغىنىدىن

ئاماكىنى كۆچەپ شورىدى، قاقىلىپ كەتتى. ئەستاغپۇرۇللا، قانداق ئادەم بولۇپ قالدىمەن؟ بۇرۇن نى-نى مۈشكۈل ئىشلارغا يولۇققاندىمۇ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا غاچ-فۇچ بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتىم. ئەمدىزە نېمانداق ياقسام بىشارمۇ كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ كۆڭلۈمنى تۇختىتالمايدىغاندىمەن؟

* *

نىساخانىمۇ خىيالغا پاتقاندى. «قانداق قىلسام بولار؟ يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالدىن ئەيىب تاپالمايمەن. خېلى دىتى بار، ئىشچان ئادەم ئىكەن. مۇساپىرلىقىنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق. بۈگۈن ھەممە ئەھۋالنى يوشۇرماي ئېيتقىنىدىن قارىغاندا نىيىتىنىڭمۇ دۇرۇسلىقى بىلىنىپ تۇرۇدۇ. ئۇ ئىشلارغا مىڭ پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق يولغا ماڭمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن مۇشۇ گېپىدە ئاخىرغىچە تۇرالارمۇ؟ ئاندىن تۇغقانلار بىلەن ئىنىلىرىم رازى بولارمۇ؟ تۇغقانلارغۇ خېلىدىن بېرى بېشىڭىزنى ئوڭشىۋالسىڭىز بولاتتى، دەپ غېمىمنى يېيىشكەن. لېكىن غاپپار ئاخۇننى لايىق كۆرەرمىكىن؟ ئەركىنجان بالامىغۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئۆتۈپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ دادا بولۇپ قىلىشىغا كۆنەرمىكىن؟»

تولۇن ئاي دېرىزىدىن نىساخانغا شولا تاشلىدى. نىساخان گويا سوئالىغا ئايدىن جاۋاب ئىزدىگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئاينىڭ قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ ئاسمان پەرىسىنىڭ كۈلۈپ قارىشى گويا ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە نەپلىنىك مەسلىھەتچى، ئۇ نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىل دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

نىساخان يەنە بىر پەس خىيال سۈرۈپ، گويا ئاينىڭ بايىقى دەۋىتىگە جاۋاب قايتۇرغاندەك ئاستا پىچىرلىدى:

يۈرىكىم ماقۇل دېگىن دەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دېدى-يۇ، شۇ زامان ئەزايى بەدىنى شۈررىدە قىلىپ كەتتى، يۈزىنىڭ قىزارغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئايدىن خىجىل بولغاندەك دەرھال كۆزىنى دېرىزىدىن ئېلىپ قاچتى. بىر پەس جىمىدىلىشىپ تېز-تېز نەپەس ئالدى. ئاندىن مەرھۇم ئېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلدى.

رەھمەتلىك مۇرەببىيىم، مەندەك ۋاپاسىز خوتۇنىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — سىزدىن ئايرىلىپ قالغاندا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە، قارىڭىزنى تۇتۇپ ئۆتىمەن دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. ئەمما خۇدانىڭ ھاۋاسىدىن ئۆزگە جىمى نەرسە پۇلغا سېتىلىدىغان شەھەردە كىچىك بالىلىق بىر ئايالنىڭ كۈن كەچۈرمىكى ئوڭاي ئەمەسكەن. ئاخىرى ئىلاجىسىز ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولدۇم. ئوغلىڭىزنى جاپا تارتقۇزماي چوڭ قىلسام گۇناھىم يۇيۇلارمىكىن؟ مېنى ئەپۇ قىلارسىزمۇ؟

3

ئۇلار توي قىلدى. ھۆكۈمەتتىن نىكاھ خېتى ئالماي، ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزمەي، قولۇم-قوشنىلاردىن تۆت-بەش كىشىنى ۋە ئىمام بىلەن مەزىنىنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇپلا توي قىلدى.

نىساخاننىڭ بىردىنبىر تۇغقىنى بولغان نەۋرە ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى كۆيئوغۇلنى لايىق كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن چاقىرىسىمۇ كەلمىدى. ئەركىننىڭ نارازىلىقىنى دېمىگەندە ئەر-خوتۇنلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشتى. ئۆگرەخانىدا ئەمدى تاۋا كاۋىپىمۇ ئېتىلىدىغان بولدى. قوش قاپلىق ئۈنئالغۇ سېتىۋېلىنىپ، ئاشخانىدا ئەتىدىن كەچكىچە ناخشا-مۇزىكا ياڭرايدىغان بولدى.

بەختلىك ئائىلە ئادەمنى ياشارتىدۇ، دېگەننى راست ئىكەن. غاپپار ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ساقىلىنى قىرىپ، بۇرۇتىنى ياسىتاتتى، بەزىدە ئۆزىچە ئاللىقانداق كۈيلەرگە دىمىغىدا غىڭشىپمۇ قوياتتى، نىساخاننىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئىشچان ياردەمچى، مېھرىبان ئەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ۋە تەسەللى ئىدى. كەچقۇرۇن ئىشنى يىغقاندا ئىككىسى بىرلىشىپ ئاشخانىنى تازىلايتتى، ئاندىن قويۇق دەملەنگەن چاي ئىچكەچ تېلېۋىزور كۆرەتتى. نىساخان بىر كۈنى كەچتە غاپپارنى كوچا ئايلىنىپ ياكى كىنو كۆرۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلىۋىدى، غاپپار بېشىنى چايقىدى.

— كوچا دېگەننى بۇرۇن تازا ئايلانغان، كىنو دېگەن مانا ئۆيىمىزدە تۇرۇپتۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — نىساخان پىيالىگە چاي قويۇپ ئۇزاتتى، — ھەر ھالدا ئەر كىشى دېگەن تالا ئادىمى دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. كۈن بويى ئاشخانىدىلا بولۇۋالىسىز. ئاخشاملىرى ئۇياق-بۇياقنى ئايلىنىپ، تونۇش-بىلىشلەر بىلەن مۇڭدىشىپ كەلسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالارمىكىن دەيمەن.

غاپپار ئىلگىرى راستتىنلا تالا ئادىمى ئىدى. ئۈچ يىللىق تۈرمە ھاياتىنى دېمىگەندە، بىر كۈننىڭ تولىسىنى سىرتتا ئۆتكۈزەتتى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن خالىغان يېرىدە تۈنەپ، بېشى قايغان تەرەپلەردە ئايلىنىپ يۈردى. راست ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭدىن ئەركىن ئادەم يوق ئىدى. ھېچكىم ئۇنى قىل، بۇنى قىل دېمەيتتى، ئۇمۇ ھېچكىمنىڭ كۆزىگە قاراپ قالمايتتى. بىراق كىرگىلى ئۆي، مۇڭداشقىلى يېقىن كىشىلىرى بولمىغانلىقتىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۇھ تارتىپ چىقاتتى. ئادەم ئۈچۈن ئۆز ئۆيى بولۇشنىڭ مەككە-مەدىنىگە بېرىپ كېلىشتىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى.

— مۇشۇنداق راھەتلىك ئۆيى، سىزدەك ئوبدان خوتۇنى تۇرغان يەردە زېرىكەمدۇ كىشى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

نىساخاننىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم قاناتى يايدى، كىرپىكلىرى نەمدىلىپ، ئىككى تامچە شەبنەم مەڭزىگە قوندى. ئۇلار شادلىقنىڭ، قانائەتكە سازاۋەر بولغان ئىشەنچنىڭ گۇۋاھى ئىدى.

پەقەت بىرلا ئىش ئۇلارنىڭ بەختىگە سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ئەركىن ئانىسىنىڭ توي قىلىشىغا باشتىلا قوشۇلمىغان، تويدىن كېيىنمۇ زادى رازى بولماي كەلدى. ئۇ بۇرۇن غاپپار بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئۆتكەنىدى، غاپپارنىڭ ھەر خىل سوۋغاتلىرىنى

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. بىراق ئانىسى غاپپار بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئەركىن بۇ ئادەمنى يامان كۆرۈپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆلۈپ كەتكەن ئۆز دادىسىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىگە يېڭى دادا بولۇپ قېلىشىنى سىغدۇرالمايتتى. بۇرۇن ئۇ غاپپارنى «غاپپار ئاكا» دەيدىغان، ھازىر بولسا دادا دېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىسمىنىمۇ ئاتىمايدىغان بولۇۋالدى. تولا چاغلاردا ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى. زادى بولماي كەتكەندە «ھوي» دەپ چاقىراتتى. غاپپار ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى تەقدىم قىلماقچى بولاتتى. لېكىن ئەركىن يا ئۇلارنى ئالغىلى ئۇنىمايتتى ياكى ئالسىمۇ بىر چەتكە تاشلاپ قوياتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ ئائىلىدىنمۇ، مەكتەپتىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى. كۈن بويى ئۆيدە بولمايتتى، ئەمما مەكتەپكىمۇ بارماي كوچا-كويلاردا پىرقىراپ يۈرەتتى. نىساخاننىڭ نەسىھەتلىرىمۇ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىمۇ، ھەتتا دوق - پوپوزىلىرىمۇ كار قىلمىدى. كېيىنچىرەك تېخىمۇ يامان بىر ئىشنى — تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالدى. باشتا مەخپىي، كېيىن ئاشكارا چېكىدىغان بولدى. ئاخىرى بولماي بىر كۈنى ئىشنى يىغقاندا نىساخان ئۇنى سوراققا تارتتى:

— تاماكا دېگەن بۇ نىجىسنى يەنە چېكەمسەن؟

— چېكىمەن، قانداق! — دېدى بېزەڭلىك بىلەن گۆلىيىپ.

نىساخان ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم بىر شاپىلاق سالدى، يەنە ئۇرماقچىدى، غاپپار تۇتۇۋالدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بالا ئەمەسمۇ، تېخى ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىدەك ئەمەس، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا، — چىرايلىق نەسىھەت قىلايلى، ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىدۇ.

بۇ قېتىم نىساخاننىڭ غەزىپى ئوڭاي يانمىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، گېپىمنى ئاڭلىمىغان بۇ ھارامزادىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

ئەركىن ئانىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئىشىككە يېقىنلاشتى - يۇ، چىقىپ كەتمەي:

— سەنمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭغۇ؟ — دېدى.

ھە دەپ يۇلقۇنۇۋاتقان نىساخان چىپپىدە توختاپ قالدى.

— قايسى گېپىڭنى ئاڭلىماپتىمەن؟

جاۋاب تېخىمۇ كۈتمىگەن يەردىن چىقتى:

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلما دېسەم ئۇنىمىدىڭغۇ!؟

نىساخان قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. غاپپارنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى بوشاپ پەسكە ساڭگىلىدى.

— مەن باشقا دادىنى خالىمايمەن! — دېدى ئەركىن يىغلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆيدىن قۇيۇندەك تېز چىقىپ كەتتى.

نىساخان شۇئان تامغا يۆلىنىپ قالدى، ئاندىن ئاستا سىيرىلىپ پېشانىسىنى تۇتقىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

غاپپار ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، تاماكا ئوراپ ھە، دەپ چېكەتتى.

* *

يېڭى تـوي قىلغـان نۇرغۇن ئائىـ
لىلەردە شۇنداق بولىـدۇ: تويدىن ئىلـ
گىرى ھەر ئىككىسى تەرەپ بىر - بىـرىگە
مۇتلەق نۇقسانسىز كۆرۈنـىدۇ ياكى مە-
لۇم ئىشلارنى نۇقسان دەپ ئېتىراپ قىلىـ
سىمۇ، لېكىن ئۇ كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ
بەختلىك بولۇشىغا ھېچبىر توسالغۇ بو-
لالمايدىغانىدەك، شۇڭا ئۇنى ئېغىزغا
ئېلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزدەك تۇيۇ-
لىدۇ، ئۇ ھەقتىكى گـەپ - سـۆزلەرنى
ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ. تويدىن كېيىن
بىر نەچچە ئاي سېزىلمەي ئۆتـۈپ كې-
تىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ھەر
ئىككىسىنىڭ مىجەز خۇلقىدىكى نۇقسانلار
ئاستا - ئاستا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باش-
لايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى نۇق-
سان دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ئۇ قار-
شى تەرەپكە نۇقسان بولۇپ تـۇيۇلىدۇ-
دە، تالاش - تارتىش باشلىنىدۇ، بەزىدە
ئۇرۇش - جېدەلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ،
ھەتتا بەزىلەرنى ئاجرىشىشقىمۇ ئېلىپ
بارىدۇ.

غاپپار بىلەن نىساخاننىڭ تۇرمۇ-
شىدىمۇ بۇرۇن ھېس قىلىنمىغان ياكى
سەل قارالغان ئىشلار كۆرۈلۈشكە باش-
لىدى. بولۇپمۇ ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەن ھېلىقى كىچىككىنە غەۋغا-
دىن كېيىن غاپپارنىڭ قاپىقى تولا
چاغلاردا تۈرۈلۈپ قالىدىغان، كىچىككىنە
ئىشلارغا چېچىلىدىغان بولۇۋالدى:

— نىساخان بۇ چايمۇ ياكى يۇن-
دىمۇ؟ چاي دەملەشنىمۇ ئۇنتۇپ
قالدىڭىزمۇ!؟

— نىساخان، بۇ غوجامغا يەنە نېمە
بوپتۇ، نېمانداق ماڭا ئالىيدۇ؟

— نىساخان، ھېلىقى چىمەن دوپ-
پىلىق سودىگەر ماڭا قاراپمۇ قويماي،
ئەجەب سىز بىلەنلا پاراڭلىشىپ كەت-
تىغۇ، مەن ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمەن-
مۇ ئۇ مەككارنىڭ؟

......

مۇنداق جانغا پاتىدىغان سوئاللار،
تەئەددى گەپلەر دېيىلىدىغان بولۇپ
قالدى. نىساخان باشتا سەۋرچانلىق
بىلەن چۈشەندۈردى، بارا - بارا بىزار
بولۇپ، يا جاۋاب بەرمەيدىغان، يا
«ماقۇل، دىققەت قىلاي»، «تاڭ ئۆز-
دىن سوراڭ» دەيدىغان بولدى. قېپ-
داپ ئېيتىلغان مۇنداق قىسقا جاۋابلار
غاپپارنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى،
يەنە يېڭى سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سە-
ۋەب بولاتتى.

تىلەمچىلەرگە قارىتا نىساخان ئە-
زەلدىن كەڭ قول ئىدى. سىرتقا چىققان
چاغلىرىدا ئۇلارنى ئۇچراتسىلا سەدىقە
بېرەتتى. ئاشخانا ئالدىغا كەلگەنلىرىنى
ئىچكىرىگە باشلاپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ
قايتۇراتتى. ئەمما غاپپار بۇ جەھەتتە
پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى. تىلەم-
چىلەر بىلەن خوشى يوق ئىدى. بولۇپ-
مۇ كۆزى ئوچۇق، پۇت - قولى ساق،
كوچىدىن كەتمىگەن تىلەمچىلەرگە بەك-
مۇ ئۆچ ئىدى. «نومۇسىنى يوقاتقان
ھارامتاماقلار» دەيتتى ئۇلارنى. توي
قىلىشنىڭ ئالدىدىلا بۇ ھەقتىكى قارى-
شىنى نىساخانغا ئېيتقان، ئەمما گەپ
يېگۈزەلمەي نېمە قىلسا قىلالمامدۇ،
مېنىڭكىنى بېرەتتىمۇ دەپ ئۇنىڭ بىلەن

كارى بولمىغانىدى. تويى قىلىنغانىدىن كېيىنمۇ ئاچچىقىنى يۇتۇپ ئۆزىگە ھاي بەردى. نىساخان كۆرمەي قالغان چاغلاردا تىلەمچىلەرنى ئاشخانا ئالدىدىن قوغلىۋېتەتتى. بىراق بىر كۈنى دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئەر-خوتۇن ئىككىسى خېلى قاتتىق ئېيتىشىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن تېخى بىرمۇ خېرىدار كەلمەستە، ئاشخانا ئالدىدا:

— ھەق دوس، سېخىيلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ چاغدا غاپپار تاۋا كاۋىپىغا گۆش پارچىلاش بىلەن ھەلەك ئىدى. شۇ ئارىدا نىساخان بىر تىلەمچىنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئۈستەلگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، سېمىز يۈزىنى كىر-قاسماق باسقان، جۇلدۇر كېيگەن، 40 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئەركىشى ئىدى. نىساخان ئۇنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇپ:

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، ئاش ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى.

غاپپار ئۇشتۇمتۇت كەينىگە بۇرۇلۇپ، تىلەمچىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، قولىدىكى پىيالىنى يۇلۇپ ئېلىپ بۇلۇڭغا چۆرۈۋەتتى.

— قوپ ئورنىڭدىن تىرىكتاپ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ، — بىسمىللا دېمەستە يېتىپ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ ئۆلۈمتۈكنىڭ! شۇ تۇرقىڭ بىلەن تىلەمچىلىك قىلغۇچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟

تىلەمچى قارچىغىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى.

— ھوي دادىسى، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى نىساخان ۋە ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ كەينىدىن تۇۋلىدى، — توختاڭ...

— يوقال كۆزۈمدىن! — غاپپارنىڭ بومبا پارتلىغاندەك ئاۋازى نىساخاننىڭ سۆزىنى بېسىپ كەتتى. تىلەمچى ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

بۇ قېتىم نىساخانمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى:

— نېمانداق قىلىسىز؟ — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا، ئۇنىڭ قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇراتتى، — چوپچوڭ بىر ئادەمنى ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقاردىڭىزغۇ؟

— ئىت جېنىدا نانىنى ھالاللاپ يەيدۇ، ئۇ دېگەن ئىتتىنمۇ پەس.

— ئۇمۇ خۇدانىڭ بەندىسىغۇ؟

— خۇدامۇ بەندىلىرىگە رىسقىڭنى ئۆزۈڭ تېپىپ يە دېگەن.

— تاپالمىسا نېمە ئىلاج. سىزمۇ بىر چاغلاردا...

— نېمە؟ بىر چاغلاردا نېمە قىپتىكەنمەن؟ مېنى مۇشۇ تىرىكتاپقا ئوخشىتىۋاتامسەن؟ — دېدى غاپپار تۇنجى قېتىم نىساخاننى «سەن» لەپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاسقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

نىساخان ھەم قورقتى ھەم پۇشايمان قىلىپ لېۋىنى چىشلىدى. ئەسلىدە ئۇ: «سىزمۇ بىر چاغلاردا ئىش تاپالماپتىكەنسىزغۇ؟» دېمەكچىدى. لېكىن غاپپار باشقىچە چۈشىنىۋېلىپ، ئايىغىنى ئاڭلاشنى خالىمايلا چىچاڭشىپ كەتتى.

— نىساخان، سەن، جېنىمغا پاتىدىغان گەپنى قىلىۋەتتىڭ. شۇ تاپتا سېنى... ياق، ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغان كىشىگە مۇش كۆتۈرۈش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمما ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ بىلىۋال، شۇ چاغدا بەرگەن ئىككى چىنە ئۆگرەڭنى هالاللاپ ئىچكەنمەن! — غاپپار كېپىنى تۈگىتىپلا پەشتامنى يېشىپ تاشلاپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— دادىسى توختاڭ، كېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس! — نىساخان ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋارقىرىدى. لېكىن غاپپار توختىمىدى، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپمۇ قارىمىدى.

* *

غاپپار ناهايىتى خۇشال ئىدى. نىساخاننىڭ ئىككى قات بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلىغان ئاخشىمى كېچىچە كۆز يۇممىدى. بەزىدە نىساخاننىڭ تېخى تومپايمىغان قورسىقىنى ئاۋايلاپ سىيلايتتى. بەزىدە پەس ئاۋازدا مۇنداق دەيتتى:

— مېنىڭمۇ «دادا» دەپ چاقىرىدىغان بالام بولىدىغان بولدى.

نىساخانغا بۇ گەپ سەل تىك كېلەتتى. كۆڭلىدە ئەركىنجاننى بالىسى هېسابلىمايدىكەن دەپ ئاغرىناتتى. لېكىن يەنە، غاپپارغا نىسبەتەن بۇ تۇغۇلغۇسى بالا بىلەن ئەركىننىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئەركىننىڭ هازىرغىچە ئۇنى بىرەر قېتىممۇ «دادا» دېگىلى ئۇنىمىغانلىقىنى ئويلاپ غاپپارنى كەچۈرۈپلا قالماي، خۇشاللىقىغا جۆر بولاتتى.

— بىز تېخى ياش، بىر ئەمەس، بىر نەچچە بالىمىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، — يەنە ئەركىنجانىمۇ بار.

— شۇنداق ئۇمۇ بار. ئۇكىلىرىغا ئەگىشىپ ئۇمۇ مېنى دادا دەيدىغان بولىدۇ.

شۇندىن باشلاپ غاپپار ئىلاجىنىڭ بارىچە نىساخانغا ئېغىر ئىش قىلدۇرماسلىققا تىرىشتى. لېكىن نىساخان ئۇنىڭغا كۆنمەيتتى.

— تېخى بالدۇر، هېچ نەرسە بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ ئەندىشىلىرىگە كۈلۈپ ۋە بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋەردى.

ئۇ سېزىكلىكنىڭ ئەڭ نازۇك مەزگىلى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارغانىدى. غاپپار ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى: نىساننىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. بۇ هال غاپپارغا ناهايىتى ئېغىر كەلدى. تاماكىنى تېخىمۇ كۆپ چېكىدىغان، قاپىقى ئېچىلمايدىغان، ئۇلۇغ‑كىچىك تىنىپ ئۇزاقتىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. نىساخاننىڭ تەسەللىلىرىمۇ، «يەنە تۇغۇپ بېرىمەن» دەپ ئەركىلەشلىرىمۇ ئۇنىڭ روهىنى كۆتۈرەلمىدى.

غاپپار ئەمدى كەچلىكلىرى تالادىن كىرمەس بولۇۋالدى. ئۆيگە هە دېسىلا مەست كېلەتتى، گەپ‑سۆزسىز يېتىپ قالاتتى، بەزىدە بولسا، كىچىككىنە ئىشلارغا تېرىكىپ، چالۋاقايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشخانىغا غاپپار بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى.

ــ هوي، غاپپارغۇ بۇ! ــ دېدى ئۇلار-
دىن بىرى، ــ قارا بۇنى، ئاشخانا ئىچىد-
ۋالدىم دېگىنە.

ئۇلار غاپپار بىلەن مۈرە مۇشتـلاپ
كۆرۈشتى.

ــ خوجايىن ئۆزۈڭمۇ ياكى يالللنىپ
ئىشلەۋاتامسەن؟ ــ سورىدى يەنە بىـرىمـۇ
قىزىقسىنىپ. غاپپار:

ــ ئاۋال يالالنغان، هازىر خوجايىن
بولدۇم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ مانىقارا، ئۇياق خوتۇنۇڭكەن - دە.

ــ بىر چالمىدا ئىككـى پاختەكـنى
سوقۇپتۇ، بۇ بايقۇش!

كونا ئاغىنىلىرى ئوخشايدۇ، ــ كۆڭ-
لىدىن ئۆتكۈزدى نىساخان ئاشقا تۇتۇش
قىلغاچ، ــ قىمارۋازلار بولمىسدى، ئىلاهىم.

مېهمانلارناهايىتى خۇش خۇي كىشىـ
لەر ئىدى، غاپپـارغا هـە،دەپ چاقچاق
قىلاتتى، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. غاپپـار
ئۇلارنىڭ ئالـدىغا كاۋاپ ئېلىپ بارغاندىن
كېيىن ئۆزىمۇ بىللە ئولتۇردى. ئۇچەيـ
لەن بەزىدە ئۈنلۈك، بەزىدە پىچىرلىشىپ
سۆزلەشتى. غاپـپار كۆپـرەك ئۇلارنىڭ
سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى، تاماكىنى پۇر-
قىرتىپ چەككىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمـ
گەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ
قالاتتى. مېهمانلار ئۇزاپ ماڭغانـدا غاپـ
پار نىساخاننىڭ چىرايىغا قارىماي:
«ئۇلار بىلەن بىللە بىردەم ئايلىنىپ كې-
لەي» دەپ قويـۇپلا چىقىپ كەتتى. نىـ
ساخان: «بەك كەچ قالماڭ» دېمەكچى
بولدى - يۇ، لېكىن تىلىنى تېيىپ، ئۇلۇغ -
كىچىك تىندى. ئىلاهىم، بۇ ئۇچرىشىش
يامانلىققا تارتمىسىدى...

شۇ كۈنى غاپپار يېرىم كېچىدىن
ئۆتكەندە مەست قايتتى. ئەتىسى كەچتە
ئاشخانىنى تاقاشتىن بىر سائەتتەك بۇ-
رۇن يەنە غىمىسىدە يوقاپ كەتتى. كېچىـ
سىمۇ ئۆيگە قايتماي، ئەتىسى كۈن چىقـ
قاندا پەيدا بولدى. كۆزلىرى قىزىرىپ،
قاپىقى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ــ ئۆيگە كىرىپ بىر دەم كۆزيۇمۇ-
ۋېلىڭ، ــ دېدى نىساخان.

ــ ئىككى خىل تاماق قىلىشقا...

ــ چۈشكىچە كاۋاپ قىلمىسامىمۇ
بولىۋېرىدۇ.

غاپپار يەنە تەكەللۇپ قىلىپ تۇرماي
ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ هەر ئاخشىمى ئۆيدىن چىـ
قىپ كېتىشى ئادەتكە ئايلاندى. ئارىلاپ -
ئارىلاپ سىرتلاردا قونۇپمۇ قالاتتى.
بەزىدە خۇشال، بەزىدە خاپا قايتاتتى.

ئۇلار پۇللىرىنى بانكىغا قويماي
نىساخانغا دادىسىدىن مىراس قالغان
چاققانغىنا تۆمۈر ساندۇقتا ساقلايتتى.
ساندۇقنىڭ ئىچى ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى.
بىرىدە زاپاس پۇل، يەنە بىرىدە شۇ ئاي-
دا كىرىم قىلىنغان پۇللار ساقلىناتتى،
قۇلۇپ سېلىنمايتتى، ئەر - خوتۇن ئىككى-
لىسى خالىغان چاغدا پۇل قويۇپ، پۇل
ئېلىۋېرەتتى. بىر نەچچە كۈنىنىڭياقى ئۇ
يەردىكى پۇل بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە
ئازىيىپ تۇردى. ئۇنى پەقەت غاپپارلا
بىلەتتى. ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى
ئاخشىمى نىساخان مۇشۇ ئايلىق پايدىنى
كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ساندۇقنىڭ
بىر بۆلۈكىدىكى پۇللارنى ئالدى. هوي پۇل
ئاز تۇرامدۇ - نېمە؟ ئون كويلۇقلارمۇ
بىر نەچچە، تاللىغۇ؟ ئۇ پۇللارنى ئالدى-
راپ - تېنەپ ساناپ چىقتى. دەممىسى

بولۇپ بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ كوي ئىكەن. ئالدىنقى ئايلاردا كەم دېگەندىمۇ بەش ــ ئالتە يۈز كوي بولاتتى. بۇ ئايدا ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمەپتىغۇ؟

نىساخاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ يەنە بىر بۆلەكتىكى پۇللارنىمۇ ئالدى. نەق مىڭ كوي كەم. ئۇ پۇلنى بىر ــ بىرلەپ ساناپ، ئۆز قولى بىلەن چەككەن، ئون كويلۇقتىن يۈز دانىسى بىر قىلىپ باغلانغان ئالتە توقماق ــ ئالتە مىڭ كوي ئىدى. ھازىر ئالدىدا بەش توقماق تۇرۇپتۇ.

— بۇنىڭدىنمۇ ئاپتۇ، نېمىگە ئىشلەتكەندۇ؟ يەنە قىمارغا كىرىشىۋالغانمىدۇ؟ يا بىرەر بۇزۇق خوتۇنغا... ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق سانچىلغاندەك ئاغرىپ، تېز ــ تېز ئۇرۇپ كەتتى، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقاندەك بىلىندى. ئاغزىدىن ئىختىيارسىز «ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھايۋان!» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى، غاپپار ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە كەلدى. چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى.

— خوتۇن، ئاشخانىنى ئاچماپسىلەرغۇ.

نىساخان ئۇنىڭغا قارىمايلا جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن ئاچمايمىز.

— دىمە ئالدىكەنمىزدە. ناھايىتى ياخشى. بازار ئايلىنىپ تازا قانغۇچە ئوينايلى.

نىساخان بۇرۇلۇپمۇ قارىمىدى، باشقا گەپمۇ قىلمىدى. غاپپار بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېنىغا باردى ــ دە، مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. نىساخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاۋاتاتتى.

— ھوي، سىلىگە نېمە بولدى؟ بىركىم دىلىڭىزنى ئاغرىتتىمۇ ــ يا؟

— قويىۋېتىڭ، — دېدى نىساخان ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — ئولتۇرۇڭ، سۆزلىشىدىغان ئىش بار.

بۇ چاغدا ئەركىن تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان ئەتىگەنلىك پروگراممىنى كۆرۈۋاتاتتى.

— بالام، بىردەم سىرتقا چىقىپ ئويناپ كىرگىنە.

ئەركىن تېلېۋىزور كۆرۈمەن دەپ تۇرۇۋالدى. نىساخان ئىلاجىسىز غاپپارنى ئاشخانىغا باشلاپ چىقىپ ئارىلىق ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قويدى.

— دادىسى، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، — مۇشۇ بىرەر ئاينىڭ ياقى مەندىن يوشۇرۇنچە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— ھە، شۇ گەپمىدى؟ — دېدى غاپپار پەرۋاسىزلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەل ــ ئاغىنىلەر بىلەن بازار ئايلاندۇق، پاراڭلاشتۇق، ئاز ــ تولا ئىچىشتۇق. شۇ بەزى كۈنلىرى بەك كەچ بولۇپ كېتىپ ئاغىنىلەر قوندۇرۇپ قالدى.

نىساخان ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ قارىدى.

— ساندۇقتىن ئالغان شۇنچە پۇلنى نېمىگە ئىشلەتتىڭىز؟ مەن سىزنى ئۇنداق قىلماس دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمما يالغانچى، ۋاپاسىز ئادەم ئوخشايسىز.

غاپپار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن قان تولۇپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى.

— قىمار ئوينىدىم قانداق؟ — دېدى

ئۇ قولىنى شىلتىپ ۋارقىراپ، — ئاشۇ تۆت تال پۇلۇڭغا شۇنچە، قىلىپ كەتتىڭمۇ؟ مەن ساڭا دەپ قوياي: پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى! قورقما، مانا، كۆرۈپ قوي، ئوبدان ساناپ ئال، بۇ پۇللار ساندۇقىڭدىن ئالغىنىمدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ! — ئۇ سۆزلىگەچ قويندىن تۆت-بەش باغلام پۇلنى ئېلىپ نىساخاننىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

نىساخان بىر گۇماننىڭ يوققا چىققانلىقىدىن خېلى يېنىكلەشتى، لېكىن راستلىقى ئىسپاتلانغان يەنە بىر مەسەلىمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ئىدى.

— ماڭا بۇنداق ھارامدىن كەلگەن پۇلنىڭ لازىمى يوق، — دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي، — ئىلگىرى مۇشۇنداق يولغا مېڭىپ كۆرگەن كۈنلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟

— كونا خامانني سورۇما! كۆڭلۈم تارتقان ئىشنى قىلىپ، پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرۈمەن!

— سىزگە ئۆي، خوتۇن-بالا لازىم ئەمەسمۇ؟

غاپپار ئاچچىق كۈلدى.

— ھىم، مۇشۇ مېنىڭ ئۆيۈممۇ؟ ئازراق پۇل ئۈچۈن شۇنچە، سوئال-سوراق. بالىسىغا قىلمىغىنىم قالمىدى. خۇش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، مېنى ئەزرائىلدەك كۆرگەن. بالام ئىمىش تېخى. تويدۇم مەن بۇنداق ئۆيدىن!

— ئەمىسە، قىمار ئوينىسىڭىزمۇ گەپ قىلمىسام بولامتى؟

ئۇلار ئەركىنىنىڭ بۇ ئۆيگە قاچان كىرگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى.

— ئانامنى نېمىدەپ قورقۇتىسەن؟ — دېدى ئۇ ئىشىك تۈۋىدە غاپپارغا ھومىيىپ، ئاندىن نىساخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاشلىدى، — قورقما ئانا، يېنىڭدا مانا مەن بار!

ئۇ شۇ كەمگىچە ھېچقاچان، ھەتتا خىزمەتكار چېغىدىمۇ غاپپارغا يۈز تۇرانە گەپ ياندۇرۇپ باقمىغان، بىرەر قېتىممۇ ئۇنى سەنلىمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرقى گەپلىرى خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك غاپپارغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

— ھۇ، شۇمتەك! — دېدى ئۇ ئەركىنگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگىمۇ كىرمەي، نەرسە-كېرەك ۋە بايىقى پۇللارنىمۇ ئالماي ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

4

غاپپار ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ كەلمىدى. نىساخان دەسلەپكى كۈنى «ئاچچىقى يانسا قايتىپ كېلەر» دەپ ئانچە ئېرەڭشىمىدى. ئەتىسى قېيىدىدى، غەزەپلەندى. مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ ئۇنى ياخشى ئادەم بولسۇن دېدىمغۇ. يولدىن چىققان ئادەمنى قانچە قىلساڭمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن. ۋاي، كەلمىسە-كەلمىسۇن. پىتتە سىركىگە تالىنىپ، بىر نانغا زار بولۇپ ياشاشنى راۋا كۆرسە ماڭا نېمىدى. مەنمۇ ئۆلۈپ قالماسمەن... دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۈچىنچى كۈنى خىيالىغا ئەنسىرەشمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ساياقلىققا ئۆگىنىپ قالغان بۇ تەلۋە راستىنلا توقامنى قارنىغا ئالسا، ئەلە-مەلە، تونۇش-بىلىشلەر نېمە دەر! ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمىغا قوشۇلمىغانلارمۇ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، ئۇلار كۈلۈشمەسمۇ؟ خوپ بولدى، دەپ چاۋاك چېلىشماسمۇ؟... ئەركىشى بولمىسا، بىر ئۆينى تۇتماق، تىجارەتنى يۈرۈشتۈرمەكمۇ

تەس ئىكەن. ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ خېلى بار ئىدى، ئىشتىن، جاپا چېكىشتىن قاچمايتتى... ياق، ئاچچىقىمنى بېسىۋالاي. ئۇمۇ ئادەمغۇ. ياخشى سۆز تاشنى يارار دەپتىكەن، ئىزدەپ بېرىپ چىرايلىقچە سۆزلىشەي...

نىساخان ئەتىسى ئاشخانىنى ئاچماي غاپپارنى ئىزدەپ ماڭدى. چۈشكە يېقىن ئۇنى شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان يېمەك-ئىچمەك بازىرىدىن تاپتى. غاپپار ئەتىگەندىلا ئىچىۋالغان بولسا كېرەك، ئاغزىدىن هاراق پۇراپ تۇراتتى، ئەمما ئەقلى-هوشى جايىدا ئىدى. چىرايىدىن ئاللىقانداق خاپىلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. نىساخاننى كۆرۈپ سەل هودۇققاندەك بولدى-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابمۇ قايتۇرماي كېتىۋەردى.

— دادىسى، گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا تېزلا يېتىشىۋېلىپ، — يۈرۈڭ، ئۆيگە كېتەيلى. مەن ناماقۇل بولاي.

غاپپار ئۇنىڭغا هومىيىپ قاراپ قويۇپ، قەدىمىنى توختاتمايلا:

— هىم... ناماقۇل بولارمىش... دەيدىغاننى دەپ بولۇپ... — دېدى.

— ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنچىلىك گەپلەرنى تەگەپ نېمە قىلىسىز؟ مەنمۇ سىزنى ياخشى بولسۇن دەپ...

— شۇنداق، مەن يامان ئادەم! ياخشى ئادەمنى تېپىۋالماسەن؟

— ئۆينى بۇزمايلى.

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق. ئاشۇ شۇمتىكىڭ بىلەن ياشا.

بۇ قېتىم غاپپارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقى تېخى يانمىغانمۇ ياكى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ كەيپى جايىدا ئەمەسمۇ، ئەيتاۋۇر هېچ يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرەپ ۋاقىتتا ئۇچرىشىپتىمەن، تەلۋىلىكى تېخى يانماپتىكەن، دەپ ئويلىدى نىساخان.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇ سىزنىڭمۇ ئۆيىڭىز...

— ئۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن تاممىغان، شۇنچە قىلساممۇ، مېنى دادا قاتارىدا كۆرمىدى. ماڭا يېنىشىچۇ تېخى، هارامىلىقىڭ...

بۇ گەپ نىساخانغا بەكمۇ تىك كەلدى.

— بالامنى تىللىماڭ! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ، — هالال نىكاهتىن تۆرەلگەن بالا ئۇ!

— ۋاھ، ۋارقىرايسەنغۇ، بۈگۈن راستىنلا ئۇرۇشىدىغان ئوخشىمامسەن! ؟ — غاپپار مېڭىشتىن توختاپ نىساخانغا غەزەپ بىلەن گۆلەيدى، — هوي، تولا چىشىمنى قېرىشتۇرماي يولۇڭغا ماڭغىنە...

غاپپار يەنە ماڭدى، ئۈچ قەدەم ئېلىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — يەنە ئەگىشىۋالساڭ، ئەمدى ئاياپ تۇرمايمەن!

نىساخان تۇرۇپلا قالدى، بىرنەچچەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى ۋە ئاغزىدىن مۇنۇ سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

— ۋاي، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان پەسەندە!

غاپپار شاققىدە توختىدى، ئارقىسىغا بۇرۇلدى، كۆزلىرىدىن ئوت، چىرايىدىن غەزەپ ئۇچقۇپ تۇراتتى.

— هوي جالاپ، هازىر نېمە دېدىڭ؟ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم! — ئۇ خۇددى ئاچ بۆرىدەك نىساخانغا تاشلاندى.

نىساخان بۇ قېتىم راستىنلا قورقتى. كۆزىگە قان تولغان بۇ لۈكچەك مېنى مۇشۇ يەردىلا ئۇرۇپ كەتسە... بۇ

پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، شامالدەك تېز قاچتى. غاپپارنىڭ نېمىدەپ تىللىغىنىنى، ئارقىسىدىن قاقاقلاپ كۈلگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

* *

غاپپار ئەتىسى نامازدىگەرگە يېقىن خىلۋەت كوچىلارنىڭ بىرىدىكى بىر ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئۇتتۇرۇپ قاق سەنەم بولۇپ قالغانىدى. كەيپىياتى چېچىلاڭغۇ، ئاچچىقى ئۆرلەپ تۇراتتى. «تەلەي مەندىن يۈز ئۆرۈگەن ئوخشايدۇ، — ئۇ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزى بىلەن سۆزلەشەتتى، — ئۈچ يىل يەتكۈچە، پۇشايمان قىلغاندىكىن، تۈت ئۇشۇق دېگەن بۇ نىجىسنى قولۇمغا قايتا ئالمايدىغان گەپ ئىدى. ھېلىقى ناكەسلەر نەدىنمۇ پەيدا بولدى، قانداق كىرىشىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم...»

بۇ چاغدا ئۇ بىر دوقمۇشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز نېرىقى تەرەپتىن كىچىك بالىنىڭ پەريادى ئاڭلاندى:

— ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!

ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىندى، دىققىتى قوزغىلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا چوڭ بىر ئادەمنىڭ بىر كىچىك بالىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بالا يەردە ئېغىنايتتى، داد-پەرياد سالاتتى، ھېلىقى ئادەم بولسا ئۇنى ئايىماي تېپەتتى، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى.

— ھوي، ھارامدىن بولغان لۈكچەك، سەنمۇ تاياق دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىپ باق!

غاپپار بۇ بالىنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ناۋادا بىر مىنۇت ئىلگىرى بۇ بالا ئۇنىڭغا ساق-سالامەت ئۇچراشقان بولسا، ئېھتىمال ھومىيىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈپ بىردىنلا يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئەركىننى ئۇرۇۋاتقان ئادەم كۆرۈنۈشىدىن غاپپار بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك تۇراتتى.

— ھەي خومسا! — غاپپار غەزىپىنى باسالماي ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، — نەۋرەڭدەك بالىنى ئۇرۇشقا كۆڭلۈڭ قانداق چىدىدى؟

ھېلىقى ئادەم غاپپارغا ھومىيىپ قاراپ:

— بالامنى ئۇرۇپتۇ، تاياقنى تېتىپ كۆرسۇن دەپ ئۇنى ئۇردۇم، قانداق گېپىڭ بارمۇ؟ — دېدى ۋە ئەركىننى يەنە بىرنى تەپتى.

— مانا گېپىم بار! — غاپپار غولاچلاپ تۇرۇپ ھېلىقى ئادەمنىڭ زاڭقىغا بىر مۇشت سالدى. ئۇ ئادەم سەندىرەكلەپ كەتتى.

— بالىلىرىم، بارمۇسىلەر؟ — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ئۇ.

غاپپار يەنە بىر مۇشت ئېتىۋېدى، ھېلىقى ئادەم چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى-دە، يېقىن يەردىكى دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى، غاپپار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. شۇ ئارىدا دەرۋازا ئېچىلىپ ئىچىدىن 20 — 25 ياشلاردىكى ئىككى يىگىت چىقىپ كەلدى. مۇشتلىشىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. غاپپار ئۈچ نەپەر رەقىبىگە مۇشت، پەشۋا ۋە كاللا بىلەن بىرنەچچە مىنۇت تاقابىل تۇرالىدى. ئاخىرى بولالماي يىقىلىپ چۈشتى. ئاتا-بالا ئۈچەيلەن ئۇنى تېپىپ، دەسسەشكە باشلىدى.

غاپپار ئارىلاشقان چاغدىلا ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ قاچقان، بىراق نېمىشقىدۇر يىراققا كەتمەي دوقمۇشتا قاراپ تۇرغانىدى.

ئۇمۇ بۇرۇن غاپپارنى ياقتۇرمايتتى. ئەمما هازىر ئۇنىڭغاكۆڭلىدە ئاللىقانداق يېقىنلىق هېس قىلدى. غاپپارنىڭ رەقىبلىرىگە بوي بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئىچ ـ ئىچىدىن پەخىرلىنىپ كۆڭلىدە «ياپىر غاپپار ئاكام ئەجەپ نوچى ئادەمكەن» دېدى ۋە غاپپار بىرەيلەننى بىر كاللا قويۇپ يىقىتقاندا خۇشاللىقىنى باسالماي:

ـــ ئەجەب ياخشى بولدى! ـــ دېگىنىچە چاۋاك چېلىۋەتتى.

بىراق ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. غاپپار يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرالمىغاندا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

ـــ ئادەم بارمۇ؟ ئادەم بارمۇ؟ ـــ دەپ بار ئاۋازدا ۋارقىرىغىلى تۇردى ئۇ.

هېلىقى ئادەملەر دەرهال ئۇرۇشتىن توختىدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. ئەركىن يۈگۈرگىنىچە غاپپارنىڭ يېنىغا كەلدى. غاپپار ئىنجىقلاپ هاسىراپ بېشىنى كۆتۈردى، چېكىسى يېرىلغانىدى. ئەركىن ئۇنى يۆلەۋېتىپ، ئىچ ئاغرىتقان هالدا:

ـــ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

غاپپار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى ۋە يەرگە بىرنى تۈكۈرگەندىن كېيىن ئەركىنگە بىر قاراپ قويدى ـ يۇ، گەپ قىلماستىن يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىدىكى توپا ئارىلاشقان قانلارنى سۈرتتى. ئەركىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قاققاچ گويا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك:

ـــ سىز يالغۇز، ئۇلار ئۈچ كىشى بولۇپ قالدى ـ دە، بولمىسا... ـــ دېدى.

غاپپار ئۇنىڭغا قاراپ راست ئېيتتىسەن دېگەندەك كۈلۈپ قويدى.

ـــ ماڭ، ئىتتىكرەك ئۆيگە كەت، ئاناڭ ئەنسىرەپ قالغاندۇ، ـــ دېدى ئۇ ۋە يەنە بىر قېتىم كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى، ـــ خوش، ئاغىنە.

غاپپار ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى.

ـــ دادا!

ئۇ تېخى ئۇن قەدەمچە ماڭغانىدى، بىردىنلا سېھىرىگەر قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا يەنە جان كىرگەندەك مىدىرلاپ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. ئەركىن بايىقى جايىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

ـــ دادا! ـــ دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم ۋە ئۇقتەك تېز يۈگۈرۈپ كېلىپ غاپپارغا چاپلاشتى، ئېسەدەپ يىغلىدى، ـــ دادا يۈرۈڭ بىللە كېتەيلى!

غاپپار بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ كۆزىگە ياش ئالمىغان، كىرپىكلىرىنى نەمدىمىگەنىدى. بەزىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت، هەسرەت ـ نادامەت دەستىدىن ئىچ باغرى قىيانغا ئايلانغان، ئەمما ئۇنىڭدىن بىر تامچىسىنىمۇ سىرتقا چىقارماي، چىشىنى چىشلەپ، يەنە ئىچ باغرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن، ئەمما بۇ قېتىم چىدالمىدى. ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، كەلكۈندەك يامراپ يۇقىرى ئۆرلىگەن ياش ئېقىمى قۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن بىرجۈپ بۇلاقتىن ئۇرچۇپ چىقتى. ئاۋۋال كىرپىكلىرىنى نەمدەپ، ئاندىن شەبنەمدەك تىترەپ ئىككى مەڭزىگە سىيرىلدى...

ـــ ماقۇل بالام، ئوبدان ئوغلۇم، ـــ دېدى ئۇ هاياجىنىنى باسالماي، ـــ ئۆيگە قايتايلى، ئاناڭ يولىمىزغا قاراپ تۇرغاندۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەخمەت ھاشىم

# ئىككى مەسەل

## ئاكا-ئۇكا ئوۋچىلار

كۆنلەرنىڭ بىرىدە دادىسىدىن ئوۋ-
چىلىقنى يېڭىدىن ئۆگەنگەن ئاكا-ئۇكىلار
مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئوۋغا چىقىپتۇ.
ئۇلار تاغ-ئورمانلارنى خېلىغىچە ئايلى-
نىپتۇ، ئوۋلىغىدەك بىرەر ئاڭ ئۇچرىماپ-
تۇ. قۇرۇق قايتىدىغان بولدۇق دەپ
روھى چۈشۈپ تۇرغاندا يوغان بىر ئېيىق
ئۇچراپتۇ، ئۇلار بەكمۇ خۇشال بولۇپ
كېتىشىپتۇ. ئۇكىسى چاققانلىق بىلەن
بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ مىلتىقىنى
بەتلەپتۇ.

— نەرىگە ئاتماقچى بولۇۋاتىسەن؟ —
دەپ پىچىرلاپ سوراپتۇ ئاكىسى.

— دەل كۆكرىكىنى قارىغا ئالدىم،
چوقۇم تەگكۈزىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ ئۇكىسى.

— ياق، — دەپ توسۇپتۇ ئاكىسى، —
كۆكرىكىگە ئاتساڭ تېرىسىنى كېرەكتىن
چىقىرىسەن، ئېيىق تېرىسىنىڭ قىممەتلىك
ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئەڭ ياخشىسى،
پاچىقىنى چېنەپ ئات.

— ياق ئاكا، پاچىقىغا تەگكۈزەلمەي
قالسام بىر ئوبدان ئولجىدىن قۇرۇق قالى-
مىز، تېرىسىنى دەپ ئاۋارە بولمايلى، نە-
رىگە تەگسە تەگسۇن، ئېتىۋېرەي، — دەپتۇ
ئۇكىسى ئالدىراپ.

— ياق ئاتماي تۇر، تېرىسىنى كې-
رەكتىن چىقىرىپسەن دەپ دادام خاپا
بولىدۇ، پاچىقىدىن باشقا يەرگە ئاتما.

— ئاكا، تالىشىپ ئولتۇرمايلى. ئېتى-
ۋېرەي، — دەپتۇ ئۇكىسى جىلى بولۇپ.

— ياق ئاتما، بولمىسا نەرىگە ئې-
تىشنى دادامدىن سوراپ كېلەيلى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆيىگە كېلىپ

دادىسىدىن سوراپتۇ.

— ھۇ، ئەخمەقلەر، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ دادىسى، — نەرىگە ئاتساڭ ئاتىماسسەن، ئوقنى تەگكۈزەلىسەڭ بولىدى ئەمەسمۇ!

ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ھېلىقى جايغا قايتىپ كەپتۇ، بىراق ئېيىق ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىكەن.

جاھاندا كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەتنى دەپ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئەخمەقلەرمۇ بار - دە!

## بۆرىنىڭ تەدبىرى

بىر زامانلاردا بۆرە ئورمانلىقتىكى ئاجىز - ئورۇق ھايۋانلارغا قازى بولۇۋالغانىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇ بەكمۇ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي كېتىپتۇ. قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئەسكىلىك، زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى قىپتۇ. بىچارە ھايۋانلار دەردىنى ئىچىدە بىلىپ لام - جىم دېيەلمەيدىكەن. قورققىنىدىن تېخى ئۇنى ئاغزىغا كەلگەنچە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكاۋۇرلىشىپ ئۆزىنى بىلمەي قالغان بۆرە «قول ئاستىمدىكى بۇ ھايۋانلار ئىچىدە تەپ تارتماي ماڭا پىكىر بېرەلەيدىغان، كەمچىللىك، سەۋەنلىكلىرىمنى يۈزمۇ يۈز سۆزلىيەلەيدىغانلار بارمۇ، ناۋادا شۇنداقلار چىقىپ قالىدىغان بولسا، شۇ يەردىلا ئەدىبىنى بېرىپ، ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇجۇپ قويايچۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، بارلىق ھايۋانلارنى يىغىپ ئۇستىلىق بىلەن ۋەز ئېيتىپتۇ:

— قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە خېلىدىن بۇيان قازىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ جەرياندا سىلەرگە كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىپ بەردىم، لېكىن بەزى سەۋەنلىكلەردىنمۇ خالىي بولالمىدىم. سىلەردىن ماختاش سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن ھېچقايسىڭلار سەۋەنلىكلىرىمنى ئوستىمدە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدىڭلار. بۇنداق بولغاندا ئارىمىزدىكى سەمىمىيەت، دوستلۇق مۇستەھكەم بولالمايدۇ. مەن بۇندىن كېيىن يامان خۇيلىرىمنى ئۆزگەرتىپ ئادىللىق، رەھىمدىللىك يولىغا قاراپ ماڭماقچىمەن. شۇڭا قانداقلا كەمچىلىك، سەۋەنلىكلىرىم بولسا قورقماي كۆرسىتىپ بەرسەڭلار، كۆرسىتىپ بەرگەنلەر مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ قالىدۇ، قېنى، مەرھەمەت، كىم سۆزلەيدۇ؟

ھايۋانلار بۆرىنىڭ ھېيلىگەرلىكىنى

ئوبدان بىلگەچكە، «خۇدا ساقلىسۇن، بۇ ياۋۇزنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سۆزلىگىلى بولامدىغان» دېيىشىپ، زۇۋان سۇرمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئېكىن تەجرىبىسىز، ياۋاش قوي «خۇدايىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

— جانابىي تەقسىر، مەن سىزنىڭ بىرلا كەمچىلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— بارىكاللا، بارىكاللا، قېنى قورقماي سۆزلەۋەرگىن، — دەپتۇ بۆرە ياسالمىلىق بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ.

— دەيدىغىنىم باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت نەپسىڭىز سەل يامانىكەن، يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ كەمچىلىكىڭىزنى تۈزىتىۋالسىڭىز، بەكمۇ خۇشال بولاتتۇق.

بۆرىنىڭ قاپىقى سەل تۈرۈلگەن بولسىمۇ بىلىندۈرمەي:

— خوش، سېنىڭچە بۇ كەمچىلىكىمنى قانداق قىلسام تۈزىتەلەيمەن؟ — دەپتۇ.

— ھازىر قوي ياكى توشقانىدىن كۈندە دېگۇدەك بىر نەچچىنى يەۋاتىسىز، بۇنداق بولغاندا بىزدەك ئاجىز-ئورۇقلارغا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتىدىكەن. بىر نەچچە كۈندە بىرەرنى يېسىڭىزمۇ بولارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ قوي.

— ھىم، بۇ پىكىرمۇ بىر ھېسابتا توغرا، — دەپتۇ بۆرە، — بۈگۈندىن كېيىن مەن بۇ كەمچىلىكىمنى تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلاي. بىراق بىر نەچچە كۈندە بىرنى يېسەم بولامدۇ-بولمامدۇ، ئاۋۋال سىناپ باقسام بولىدۇ، مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. بۇنى ھازىرلا سىنايلى، قېنى، بۇياققا كەل.

قوي غال-غال تىترەپ كېتىپتۇ، لېكىن ئامالسىز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بۆرە شۇ مەيداندىلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىپتۇ-دە، ئاغزى-بۇرنىدىكى قاننى سۇرتۇۋېتىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— خوش، يەنە كىمنىڭ پىكرى بار؟ ھەرگىز تارتىنماڭلار، — دەپتۇ.

— تەقسىر، سىزدە كەمچىلىك، سەۋەنلىك دېگەن نېمىش قىلسۇن؟ بۇ بايىقىدەك ئەخمەقلەرنىڭ دەيدىغان گېپى. سىزدەك ئادىل قازىدىن دۇنيادا يەنە بىرى تېپىلمايدۇ، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك تەڭلا ۋارقىرىشىپ.

بۆرە بىر-بىرىدىن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ بىر ھازا ئۇلاردىن پىكىر تەلەپ قىلىپ بېقىپتۇ. لېكىن پىكىر قىلىدىغان ھېچكىم چىقماپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۆرە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان بوپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

سەيپىدىن ئەزىزى

# يۈرەك ئالقىشلىرى

## پەرۋاز قىل، تۇرپان

### 2 ـ قېتىملىق تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسىگە

ئۈزۈم سەيلە ـ تاماشىسىغا قۇتلۇق ئەي ئانا تۇرپان،
سېغىنغان قەلبىمدىن ئۇتلۇغ سالام ئېيتار ساڭا، تۇرپان.
ئۇلۇغ ئاستانە مېھرىنى ئېلىپ كەلدىم قىلىپ سوۋغا،
بېشىڭغا تاجى بولغاي بۇ شەرەپ ـ شۆھرەت مانا، تۇرپان.
كۆرۈپ شادىيانە ھۆسنىڭنى كۆڭۈللەر يايرىدى شۇنچە،
يارانلار ئەجرىدىن پۈتكەن گۈلىستانلار ئارا، تۇرپان.
كۆرۈپ يالقۇنتېغىڭنى دەپتىكەن تاڭ سىڭ نېمە قىسمەت؟
نە بىلسۇن ئۇ، بۇ جايدا گۈل ـ گۈلىستانلىق بىنا، تۇرپان.
نە بىلسۇن ئۇ ماشايىخلار بېھىشت ئەسلىدە تۇرپان دەپ،
ساڭا كارىز سۈيى قىلغان گۈزەللىكنى ئاتا، تۇرپان.
ھامان قىل تەنتەنە پۈتكۈل جاھانغا كۈچ ـ ئىرادەڭنى،
بېلىڭنى چىڭگىتىپ ئەيلە بۇ يولدا جان پىدا، تۇرپان.
ساڭا قەلبىداش ئەزىزى، كۆتەر سەندىن شەرەپ ـ تۆھپە،
قىلىپ جەۋلان سامادا پەرۋاز قىلغىن يەنە، تۇرپان.

1991 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، تۇرپان.

## ۋۇتاۋۇق مۇقام

### يەكەندە مۇقام ئۇتۇقلىرىنى كۆرگەندە

ئېتىڭنى ئاڭلىسام ھەر رەت سېزەرمەن كۆكتە روھىمنى،
ئەمەس روھلا، يەنە تەكرار كۆرەرمەن چىن ئۈمىدىمنى.

ئۆزۈڭ سەن جانىجان ئەلنىڭ جاپالىق يولىغا شاھىت،
كۆرەرەن سەن بىلەن ئۇنىلاپ ئەسىرلىك تۆھپە ـ ئەجرىمنى.
سېنىڭ ئاھاڭلىرىڭدا ئاشۇ ئۇيغۇرلارغا خاس پاك روھ،
چېلىشلار دولقۇنىدا دائىما ئەسلەيمەن قەرزىمنى.
سېنىڭ نەغمىلىرىڭ بىر بىباھا گۆھەرگە لىق ئامبار،
شۇ گۆھەر چاقنىشىدا كۆرىمەن دەريايى تەرىمنى.
ئەسىرلەپ توختىماي تارىم كەبى شاۋقۇن بىلەن ئاقتىڭ،
ئەزىز خەلقىملا باركى سەنمۇ بار، دەپ يازدىم قەدرىمنى.
مۇقامغا قارشى چىقماق بولدى سولتەكلەر بۇرۇندىنلا،
غەزەپلىك تىغ ـ بىسىڭغا مەنمۇ قوشتۇم ئاچچىق ـ قەھرىمنى.
چېلىشتا يېڭىلاندىڭ، تازىلاندىڭ، كۈچ ـ مەدەت تاپتىڭ،
قۇتلۇق نامىڭغا قوشتۇمەن جاپالىق تامچە تەرىمنى.
ئۇلۇغ دەۋران ھايات بەردى، ياساندۇردى سېنى قايتا،
ساڭا خۇشتار ئەزىزى چالىمەن تەڭكەش دۇتارىمنى.

1991 - يىل 15 - سېنتەبىر، يەكەن.

## قەدىناس دوستلار

### دوستلار بىلەن يەنە كۆرۈشكەندە

يەنە دىدار كۆرۈشتۇق قەدىناس دوستلار قاتار بولدى،
قەدىردان رىشتىمىزگە بىزدىكى ساپ دىل گۇۋاھ بولدى.
كۈرەش دولقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ پىشقان يۈرەك بىزدە،
ئۇنىڭ رىتىمى بۈگۈن گويا نەغمە ـ ناۋا بولدى.
ئۆمۈرنىڭ قىسسىسىنى ياد ئېتىپ يازدۇق قىلىپ داستان،
دېڭىز شاۋقۇنىدەك ئۆركەشلىرى ياڭراق سادا بولدى.
ھايات مەنزىللىرىنى توختىماي باستۇق كېرىپ كۆكرەك،
بۆسۈپ ئۆتتۇق داۋانلارنى دېمەي «بىزگە جاپا بولدى.»
خەلقنىڭ مېھرىدىن ئارتۇق مۇكاپات يوق بۇ ئالەمدە،
خەلق ئىلھامى بىزگە دائىما چوڭ باشپاناھ بولدى.
قەسەمياد ئەيلىگەن بىز پەللىگە چىقماققا مەردانە،
نىشاندىن يانمىغايمىز، ھەر قەدەم تەنگە داۋا بولدى.
ئۈمىدۋاردۇر ئەزىزى بۇ يۈرۈشتە مىڭ تۈمەن يولداش،
خوشنە دوستلار، ئىچەيلى بۇ قەدەھ بىزگە راۋا بولدى.

1991 - يىل 15 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## خەلق چاكىرى بولماق ئەلا

ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى لازىم.
ماۋزېدۇڭ

ئەي قەلەمكەش خەلق ئۈچۈن تەۋرەت
قەلەم.
خەلق يولىدا باس قەدەم، قولدا ئەلەم؛
خەلق مېھرى چوڭ مۇكاپاتتۇر ساڭا،
دوستلىرىڭ خۇش، دۈشمىنىڭ چەككەي
ئەلەم.

*　　　　*

خەلق چاكىرى بولالىساڭ نەئارمان،
خەلقنى كۆزلە، خەلقنى سۆي بولسا
دەرمان؛
خەلقنى قىلساڭ رىزا تۆھپەڭ بىلەن،
قالۇر نامىڭ، روھىڭ ئۆلمەس زامان -
زامان.

*　　　　*

خەلقنىڭ قويىندا ھېسابسىز گۆۋھەر،
قازالىساڭ ئالۇرسەن باھاسىز جەۋھەر؛
ئەجرىڭنىڭ مېۋىسىن سۇنساڭ خەلققە،
خەلق سۇنار ساڭىمۇ ھۆرمەتلىك مۇنبەر.

*

خەلق ساڭا تۇز بەردى، شېرىن نان بەردى،
سەن ئۈچۈن ئانىماي ئەزىز جان بەردى؛
خەلققە ۋاپادار بولماق قەرزىمىز،
سېنى دەپ، ئەۋلاد دەپ ئىسسىق قان بەردى.

*　　　　*

خەلق سەندىن كۈتىدۇ ياخشى ئۈمىدلەر،
بەخت دەپ تىلەيدۇ ئېزگۈ تىلەكلەر؛
قاندۇرساڭ شۇ ئۈمىد، شۇ تىلەكلەرنى،
رازى خەلق - دوستلىرىڭ - ساغلام
بىلەكلەر.

*　　　　*

سېنىمۇ قويىندا ئۆستۈردى شۇ خەلق،
نان بېرىپ، تۇز بېرىپ باققانمۇ خەلق؛
قەرز ئۈچۈن خەلققە قايتۇرساڭ تۆھپە،
ئەزىزى ئۇنۇتماس ۋاپادار شۇ خەلق.

1990 - يىلى ئىيۇل، بېيدەيخې.

## بىلىم - كۈچ

بىلىگلى ئەرەن قوينىغا تاش سالساڭ
ئالتۇن بولۇر،
بىلىگسىز ئەرەن قوينىغا ئالتۇن سالساڭ
تاش بولۇر.
- قەدىمكى ئۇيغۇر ماقاللىرىدىن

بىلىم - كۈچ، دوست تۇتساڭ ساڭا باشپاناھ،
بولالىساڭ ۋاپادار، ساڭا ئاشنا.
ۋاپاغا ۋاپادار قەدىردان دوست ئۇ،
جاپاغا رەھىمسىز - شەپقەتسىز ئانا.

*

بىلىم - كۈچ، ئۇ ساڭا بەرگۈسى دەرمان،
نىشاندىن ئاداشساڭ بېرىدۇ پەرمان.
سەن ئۇنى ئەگكۈشتەر بىلىپ ئىشلەتسەڭ،
ئۆمرۈڭدىن رازى سەن، بولمايدۇ ئارمان.

* *

بىلىم - كۈچ خارلاشنى كۆرمەيدۇ راۋا،
سەن سادىق بولساڭ ئۇ، كۆرەر ئەتىۋا؛
قولىدا ھەقىقەت، ئوخشار ناھەقنى،
ياقمايدۇ ئۇنىڭغا قۇرۇق پەتىۋا.

* *

بىلىم - كۈچ بىلگۈچكە ئەگكۈشتەر چىراق،
بىلىمدان ھەييارنى قاچىدۇ يىراق.
ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىساڭ ئەگەر،
بولىدۇ ئۇ سېنىڭ قولۇڭدا ياراق.

* *

بىلىم - كۈچ ئالەمنى بىلىپ يەتكۈچى،
تەپەككۇر — ھېكمەتتىن زەنجىر ئەشكۈچى.
جاھاننىڭ سىرىنى كۆرسىتەر ساڭا،
يېڭى دۇنيا قۇرۇشنىڭ زىل كۆرسەتكۈچى.

* *

بىلىم - كۈچ سەن ئۇنى قانچە دوست تۇتتۇڭ؟
نادانلىق دەردىنى قانچىلىك يۇتتۇڭ؟
ھەققانىي كۆرەشتە — بىلىم جېڭىدە،
ئەزىزى ساۋاق ئال، قانچىلىك ئۇتتۇڭ؟

1990 - يىل ئىيۇل، بېيدەيخې.

## ھەقىقەت تۇمارى

لەنىتىلەرگە ھومايسام بولىدۇ قەھرىم لاۋا،
باش ئىگەرمەن سەبىيلەرگە بوپ گويا ياۋاش كالا*.
مېھرىبان ئانام مېنى ئەللەي ئېتىپ تۆككەندە ياش،
دېدى «ئوغلۇم بولما نامەرد، بولمىسۇن كۆڭلۈڭ يارا».
كۆڭلى ئاق مەردانىنى دوست تۇت، ئۆز يولۇڭدىن ئازمىغىن،
بولغىن ھوشيار، يوق ئەمەس دۇنيادا پەس، كۆڭلى قارا.
ئىزدىنىپ تاپتىم ھەقىقەت يولىنىڭ تۇمارىنى،
خۇش كېلىڭ، دەپ ئاچتى ئىسسىق قوينىنى تاغۇ - دالا.
مىڭ - تۈمەن پالۋان بىلەن چۈشتۈم چېلىش مەيدانىغا،
ئاخىرى چۈشتۈم ساماغا ئەل بىلەن بوستان ئارا.
يول يىراق، مۈشكۈل ئىكەن، دۈچ كەلدى ھەر خىل تام - توساق،
چوغ كۆرەش يالقۇنىدا تاۋلاندى كۆپ باتۇر بالا.
جىن - شاياتۇن توسسىمۇ ئالدىڭغا گەر خەندەك قېزىپ،
ئەي ئەزىزى، ئالغا باس گەر بولسىمۇ توپان بالا.

1990 - يىلى 22 - سېنتەبىر، بېيجىڭ.

* لۇشۇننىڭ مەشھۇر ئىككى مىسرا شېئىرىنىڭ روھى بويىچە.

مۇتەللىپ خۇرسەندى

# ئەككى شېئىر

## سالام ساڭا، قەدىردان ئۇستاز

(ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بېغىشلايمەن)

كىچىككىنە بىر گىياھ ئىدىم
ئۈنۈپ چىققان چاچ رەڭ تۇپراقتىن
بۇدرۇقىنى قولىنى سوزۇپ،
كەچۈر يوللار دەپ بىرەلمەيمەن
ئۇ چاغ قانداق يىغلىغىنىمنى.
كۆلكىلىرىم ئىدى غەرەزسىز
مەنا بېرىپ ئاڭا ئۆزۈڭچە
تەڭقىسلىقتا قويمىغىن مېنى.

ئېھ مۇڭداشقاق پاخما باش موما،
گوللىغانتىمۇ مېنى نېمە دەپ؟!
بولمىغانكەن كەپتەر قىز ئەسلى،
يىلان يىگىت بولمىغىنىدەك.
قانچە باھار ئۆتۈپ كەتتىكىن،
ئۇنتۇلۇشقا بولالماي قادىر
بالىلىقنىڭ سۈزۈك كۆلىگە
چۆكۈپ كەتكەن قەغەز كېمىنى.
رەھمەت ساڭا قەدىردان يوللار،
رەھمەت ساڭا قەدىردان ئانا.
تېپىۋالدىم دەپتەر، قەلەمدىن
يەتتە ياشقا تولغان كۈنۈمنى.

سالام ساڭا كۆلگۈنچەك سىنىپ،
ئەڭ دەسلەپكى مۇئەللىمىمدۇر
مۇشۇ كىشى، تونۇپ ئال ۋاقىت.
جىم تۇرالماي قالدىڭغۇ ئەجەب،
سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇڭ بولسا،
يۈر، ئاپىراي سېنى يېتىلەپ.

بېغىمىزنىڭ يېنىدا ئۆسكەن
كىچىككىنە يالپۇزلۇققا مەن.
كۆرگۈڭ بولسا مېھرىنى ئەگەر
يۈر، ئاپىراي سېنى يېتىلەپ،
تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەندە ئالەم.
كەنتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى
يېشىل ئەتلىك تاغنىڭ باغرىدا،
ئاپئاق - ئاپئاق بۇژغۇنلار ياساپ
ئېقىۋاتقان بۇلاق بېشىغا.

سالام ساڭا قەدىردان سىنىپ،
نىچۈن كۆلۈپ باقمايسەن ماڭا،
تۈرىسەنغۇ يىغلىمىسىراپلا.
ساقىسىز بولۇپ قاپتۇ دېدىڭمۇ
كۆزەينەكلىك خۇش خۇي مۇئەللىم؟
«ئېغىر زەخمە يەپتۇ ئۆپكىسى».
دوختۇر تاغا جۆيلىمەڭ ئۇنداق!
ئۇ بولمىسا ئالەم دېگەننىڭ
سىرلىرىنى يېشەممىز قانداق؟
يۇمشاقىنە بور توزانلىرى
نېمە قىلغانىدى ئۇ ساڭا؟
ئەپۇ سورا بېرىپ بالىنېستقا.

سالام ساڭا قەدىردان سىنىپ،
خاسىيەتلىك ئۆۋسەن شۇنداق،
چىقىپ قالدى قاناتلىرىممۇ
كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلغۇدەك.
گۇمانسىراپ قارىما ئۇنداق،
ئۇزاقلاردا قالدى خوشلىشىپ

سەن تۈنجى رەت كۆرگەن ئۇ گۆدەك.

سالام ساڭا قەدىردان ئۇستاز،
ئادەم دېگەن توپىدىن بەرپا
بولغانىدى دېمىگەننىدىڭ؟!
سەن تۆرەلگەن قانداق توپىدىن؟
بوران سېنى توزىتالماسكەن،
يامغۇر سېنى ئېرىتەلمەسكەن.

مەن ئۆگەندىم سېنىمۇ قوشۇپ،
ئېلىپبەنى ئۆگەنگەن سىياق،
ئېھ مەن ئىدىم سىدام بىر خەسە،
يېزەپ چىقتىڭ بېرىپ رەڭ - بوياق.

سالام ساڭا قەدىردان ئۇستاز،
بۇ ھەرگىزمۇ ئەمەس تۈنجىسى.
ئەمەستۇر ھەم ئاخىرقىسىمۇ،
بەك چوڭ دېگەننىڭ ئوكيانىنى،
چوڭقۇر دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ،
شۇندىن بېرى ئويلاپ قالىمەن،
كەڭرىسىدۇر قەلبىڭدىنمۇ دەپ؟
چوڭقۇرىدۇر مېھرىڭدىنمۇ دەپ؟
سالام ساڭا قەدىردان ئۇستاز
مەن ئالدىڭغا كەلگەن تۈنجى كۈن
قارا ئىدى چاچلىرىڭ بەكمۇ
ئالدىمىدىكى مۇشۇ دوسكىدەك.
قار يېغىپتۇ ئەمدى قارىسام،
ئوتتۇز بەش ياش دېدىڭ سورىسام.
قوي ئادىشىم، تەسەللىلەرنى
كېتىۋاتىمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.
قىش دېگەننىڭ كۆزى كورمىدۇ؟!
قارىغىنا ئاۋۇ خەقلەرگە
يېشى بېرىپ قالغان ئەللىككە،
چېچى قارا بىزنىڭكىدەكلا.
«ئوقۇتقۇچى، جاپاكەش ئىنسان!»
كىم بولغىيتتى بۇ سۆزنى ئېيتقان؟
سەن دېدىڭمۇ، ياكى ئۇنى مەن؟
يىغلىۋالاي توسما جان ئاداش،
يۈرىكىمگە پاتماي قالدى ياش.
سالام ساڭا قەدىردان ئۇستاز،
بىر ھارۋىدۇر بۇ ھايات دېگەن
يۈك بېسىلغان ئۈستىگە پەۋەس،
ئۇنى ئالغا سىلجىتماق ئۈچۈن
بولۇش كېرەك ھاياتتا ھەر دەم
قۇدرەت تولۇق ئەقىل زەبەردەست.
بەختىمىزگە بولغاچقا ئۆزۈڭ،
سىر دېگەنگە بولدى سەتچىلىك.
زېھنىڭ گويا ھوسۇللۇق ئېتىز،
ئېھ، كۆرمىدۇق ھېچ قەھەتچىلىك.
سەن بولغاچقا نۆۋەر بۇ ھايات،
شاگىرتلىرىڭ ناخشاڭدۇر ھەييات.
ئارزۇلايمەن بولۇپ قالسام دەپ
ئۇنىڭ بىرەر جۇشقۇن مىسراسى،
قانداق يارقىن سەندىكى سۇبات.

## مۇھەببەتنىڭ تۈنجى ناخشىسى

دادىسى يوق يېتىم بولۇپ باق،
ئاشۇ چاغدا چىقار ساۋاتىڭ
دادا دېگەن بولىدۇ قانداق،
مۇشۇ يوللار دادام شۇمىدۇر؟
يىقىتمىدى مېنى بىرەر رەت.
تۈنلەردىمۇ قالمىدىم ئېزىپ،
ئۇيۇق يارقىن كۆزلىرىمىدۇ؟
كەلگۈسىمنىڭ خەرىتىسىنى
قوللىرىمغا تۇتقۇزغان سىزىپ.

مۇشۇ ئېتىز دادام شۇمىدۇ؟
ئۇندا جەۋلان قىلغان باشاقلار
ئوخشايدىكەن سۆزلىرىگە بەك.
ئوخشايدىكەن كۈلكىلىرىگە
لەرزانغىنە يەلپۈنگەن چېچەك.

مۇشۇ سۇلار دادام شۇمىدۇ؟
رەھمەت ساڭا ۋاپادار ئېسىم،
كىچىككىنە بېلىق چېغىمنى
كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈڭ پارلاق.
شىلدىرلىغان ئىزغىرىن ئاۋاز
سەپىرىمنىڭ سادىق ھەمراھى
بارمىقىمغا ئورنىغان مەگدەك،
مەن قانچىلىك چوڭ بولۇپ كېتەي
قوي پىيالە دېگەن نەرسىنى،
دوم يېتىپلا ئىچكۈم كېلىپتۇرار
پادا بېقىپ يۈرگەن بالىدەك.
مۇشۇ قۇياش دادام شۇمىدۇ؟
شۇنداق ئىدى ئۇنىڭ چېھرىمۇ،
شۇنداق ئىدى ئۇنىڭ مېھرىمۇ،
ئوخشار ئىكەن تال - تال نۇرلىرى.
يىرىككىنە يوغان قولىغا
تېڭىمىپ تۇرار ئىدى مېنى ئۇ
سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسكەن دەپ،
تونۇر ئوخشاش يىللىق باغرىغا:
مۇشۇ چۈشلەر دادام شۇمىدۇ؟
مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ ئاستا
ياستۇققا باش قويۇشۇمغىلا.
ئۇندا ئاسمان باردۇر ياپيېشىل،
لەگلەكلىرىم قىلىدۇ پەرۋاز،
ئۇندا گۈللەر باردۇر بەك ئېسىل،
بار ئۆرۈكلەر مەي باغلىغان ياز،
بار قارىيىپ پىشقان شاتۇتلار،
ئاچچىق - چۈچۈك جىنەستىلەرمۇ؟
بار ئەيىبلەپ باققان ئىسسىق كۆز،
دىلدەك يېنىپ تۇرغان گۆھەرمۇ.

مۇشۇ ھاۋا دادام شۇمىدۇ؟
چاچلىرىمغا تۇرار سۈركىلىپ،
تىنىقىمىدىن تۇرار تۆكۈلۈپ،
مەن ئېسىمنىڭ بىرىنچى بېتى،
ئۇ ئالدىمدا يۈرۈپ كېتىدۇ
چىقماق بولسام تاغلارغا ئەگەر،
دېڭىزلارغا شۇڭغىماق بولسام،
ئۇنىڭكىدۇر باشلاپقى سەپەر.

مۇشۇ كىتاب دادام شۇمىدۇ؟
ئۇزۇن - ئۇزۇن سوزۇلغان قۇرلار
ئۆزگەرگەندۇ تىلىدىن قاچان؟!
ئۆزگەرگەندۇر نەۋقىران ئۇندەش
خىرۇستالدەك دىلىدىن قاچان؟!
جىلتىسىدا كۈلگەن باھارنىڭ
سىياقىنى تونۇماسمەنمۇ؟
ئۇندا كۈيلەپ تۇرغان بوز تورغاي
ئارمىنىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟

كەچۈر دادا،
سېنى سۆزلەي دەپ
دۇدۇقلىتىپ قويدۇم قۇرلارنى.
بىر چېچەككە تەك قىلىپ بولماس
ئالەمدىكى بارچە نۇرلارنى.

دادا دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنىنى
بىلمەك بولساڭ دادا بولۇپ باق.
ئاشۇ چاغدا چىقار ساۋاتىڭ
دادا دېگەن بولىدۇ قانداق.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

# ئۈچ شېئىر

## ھەر كۈنى سەھەر

ـــ يېزىلاردىكى قىز ئوقۇتقۇچىلارغا

ئۇ تېخى كىچىك،
ئۇ ياش مۇئەللىم.
ناماز شام گۈلدەك تازا تارتىنچاق.
ھەركۈنى سەھەردە ئۆتەر بۇ يولدىن
سەھەردەك قەلبىدە بار بىر ئىشتىياق.

يۈزلىرى تولۇن ئاي، قاشلىرى كامان،
كۆزلىرى يۇلتۇزدەك تۇرار نۇر تۆكۈپ.
يالتىراق ياقۇتتەك نېپىز لېۋىدە
چىرايلىق غۇنچىلار ياتار چۈش كۆرۈپ.
چۆمۈلۈپ نۇرىغا ئالتۇن تاڭلارنىڭ
ماڭىدۇ ھەمىشە تاڭغا تەلپۈنۈپ.
لېكىن ئۇ قالمايدۇ ھەرگىزمۇ ھېرىپ،
بۇ يوللار ئۇنىڭغا ياتار باش ئېگىپ.
تونۇش بىر سىيما بار ئۇنىڭ قەلبىدە،
تۇرىدۇ توختىماي ھېكمەتلەر سۆزلەپ:

توغاچتەك باللار، كۈمۈشتەك بورلار،
رەتمۇ رەت ئورۇندۇق، قاپقارا دوسكا،
ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتەر لېنتىدەك
جانىجان ئاشىيانى
سۆيۈملۈك مەكتەپ!

ئۇ تېخى كىچىك،
ئۇ ياش مۇئەللىم،
تۇرىدۇ ۋۇجۇدى قۇياشتەك يېنىپ.
شەپەقتە، ئورنىدىن ھەر كۈنى سەھەر
ئۆتىدۇ بۇ يولدىن ۋېلىسىپىت مىنىپ،
شۇ ئاددىي ۋېلىسىپىت چاقلىرى بىلەن
كەلگۈسى ھاياتنىڭ يېڭى ئەسىرنىڭ
رەڭگـا رەڭ سۈرىتىن ئـۆتىدۇ سىزىپ.
ئۆتىدۇ ئۇپۇقنى، قۇياش قىرغىقىن،
ئادەملەر، مەنزىللەر، ئۆيلەرگە چېچىپ.
ئويغىتار بۇ چەكسىز ئالەمىنى
باغرىغا توختاۋسىز مۇھەببەت ئېتىپ.

## يېشىللىقنى سۆيىمەن

ھېرىسمەن مەن ئەزەلدىن يېشىللىققا،
سۆيىمەن يېشىللىقنى چىن دىلىمدىن.
يېشىللىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىدۇر،
تۆرەلگەن مەنمۇ ئەسلى يېشىللىقتىن.

پۈركەلگەن يېشىللىققا يۇرتۇم مېنىڭ،
ھەتتاكى قۇملىرىمۇ ئۇنىڭ يېشىل.
زۇمرەتتەك يېشىل ئۇنىڭ سۇلىرىمۇ،
يېشىلدۇر ۋادىسىمۇ شۇنداق ئېسىل.

مەن ئۆسكەن پادا بېقىپ يېشىللىقتا،
ۋە يەنە يېشىللىقتىن گۈللەر تېرىپ.
ياپيېشىل داللارغا بولۇپ مەپتۇن،
كۈي كۈيلەپ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ.

مەن ئۆسكەن يېشىل مەھەللە، ھويلىلاردا
سۇ ئىچىپ يېشىل چىمەن بولاقلاردىن.
ياپيېشىل ئورمانلاردا سۆيگۈ كۈتتۈم،
يېشىل تون يېپىنشقان قىزچاقلاردىن.

سۆيىمەن يېشىللىقنى چىن دىلىمدىن،
يېشىللىق دۇنياسىغا شەيدا قەلبىم.
روھىمۇ سىڭىپ كەتكەن يېشىللىققا،
ياپيېشىل يۇرتۇم مېنىڭ، شۇدۇر بەختىم.

## دالا ناخشىسى

جالىلىقىم ئۆتكەن سەندە قۇشتەك گۇناھسىز،
ۋۇجۇدۇمغا يېقىپ تۇنجى ئىنتىلىش ھېسى.
ئېقىنلىرىڭ ئەللەيلىسە شېرىن چۈش بېرىپ،
توغراقلىرىڭ سۆزلەپ بەرگەن مەردلىك قىسسىسى.

جار ئېسىمدە، ئۇنتۇلمايدۇ ئۇ شېرىن چاغلار،
چىمەنلىرىڭ ياتسام بولغان ماڭا سېلىنچا.
بويلىرىڭدا چاپقانىدىم قىيغىتىپ تايدەك،
بۇلۇتلارنى سۆرەپ يۈرۈپ قىلغان يېپىنچا.

جىلىۋالغان ئىسقىرتىشنى تورغايلىرىڭدىن،
تومۇزدىكى ئاپتىپىڭدىن چاقناپ كۈلۈشنى.
چۆرۈۋالسا بويلىرىمنى چاڭقاق شاملىڭ،
ئېيتىپ بەرگەن گۈلۈڭ گۈلنى قانداق سۆيۈشنى.

ئاق تىكەنلەر شاخارىشقان ئاشۇ چاتقاللىق
ئېلىپ قالغان كۆڭلىكىمنىڭ پېشىنى يىرتىپ.

كەلسەم سەھەر ناخشا ئېيتىپ، قويۇمنى
ھەيدەپ،
يۇلتۇزلارمۇ ئوركۈپ كەتكەن چۆچۈشۈپ
كېتىپ.

تۇرار ئەنە تىك قىيادا قېرى بىر سۆگەت،
ھاپاش بولغىن دەيدۇ مېنى ئاستا شەرەتلەپ.
تەلمۈرىدۇ يۇلغۇنلارنىڭ ياقۇت چېچەكى،
سۆيگىن دەيدۇ كاككۇك گۈلى لېۋىنى تەڭلەپ.

توقايلىرىڭ جىمىرلىتىپ قىسار كۆزىنى،
قىياقلاردا ئېغىنايدۇ مۆلدۈرلەپ شەبنەم.
يېنىككىنە تېگىپ قويۇپ پۇشقاقلىرىمغا،
يانتاقلىرىڭ چاقچاق قىلار پىچىرلىشىپ ھەم.

كەلگىن دەيدۇ، كىمىز قوينۇڭ كۈلۈپ يېقىملىق،
گىياھلىرىڭ ۋاللىدايدۇ شەبنەملەر تۆكۈپ.
بالىلىقىم ياتقان ئاشۇ قاپتاللىرىڭدا
كۆيلىرىمنى قويغانىدىم مەڭگۈ يىتتۈرۈپ.

دوزاخ دەيدۇ، مېنىڭ ئاڭا كىرگۈم يوق پەقەت،
كىرەي دېسەم بېرىلمەيدۇ جەننەتنىڭ خېتى.
شۇڭا دەيمەن ئۆلسەممۇ گەر سېنىڭدە قالاي،
كەڭرى قوينۇڭ يۇتۇپ كەتسۇن مېنى شۇپېتى.

چىمەنلىرىڭ يەرلىكىمدە بولسۇن كېپىنىم،
تورغايلىرىڭ ئورۇندىسۇن ماتەم كۈيىمنى.
توغراقلىرىڭ ۋەز سۆزلىسۇن بېشىمغا كېلىپ،
ئېقىنلىرىڭ ئىچۈرۈشكەي ياسىن سۈيىنى!

ئىبراھىم ئىزاقى

# ئىككى غەزەل


1

جىر كۆرۈپ يۇلتۇز نە يۇلتۇز ئايغا ئوخشاتتىم سېنى،
ئايدىمۇ قوزغاپ ھەۋەس ئايغا ئۇلۇغلاتتىم سېنى.

ئاي تولغۇل ئاسمانىدىكى سەييارىلەرگە شاھ قىلىپ،
نۇر تارتسۇن دەپ پەلەك تەختىگە ئورناتتىم سىنى.
قىلمىسۇن دەپ قەست كۆزەلمەي كائىناتنىڭ قىزلىرى،
قۇل - دىدەك قىلىپ جىمى يۇلتۇزنى، قوغداتتىم سىنى.
قىلدۇرۇپ سەيلە شەبىستاندا پەلەكنىڭ قەسرىنى،
ئەيلىتىپ جىلۋە سامان يولىدا ئويناتتىم سىنى.
بىغۇبار رۇخسارىدىن ئەيلەپ تەمەننا تەختىدە،
ياتمىسۇن غەپلەتتە دەپ تاڭلاردا ئويغاتتىم سىنى.
سورىسا كىم دەپ ئىزاقى دەر: گوزەل كۇچا قىزى،
ئەرزىمەس تەسۋىر بىلەن ئالەمگە ئاڭلاتتىم سىنى.

2

ھېچ كىشى ياخشى دېمەس بىلسەڭ سېنى مەندىن بۆلەك.
ھېچ كىشى يامان دېمەس بىلسەڭ مېنى سەندىن بۆلەك.
ياخشىغا ئايلانغۇسى يامانىنى كۆپ ياخشى دېسە،
ياخشى سۆز ئازدۇر يامانىنى ياخشى دېگەندىن بۆلەك.
ياخشىلىق ئەيلەش يامانلىققا يىگىتنىڭ ئىشى، بىل،
قىلمىدىم ئىش سېنى ياخشى دەپ كۆتۈرگەندىن بۆلەك.
تىللىدىڭ قانچە يامان دەپ، ماختىدىم كۆپ ياخشى دەپ،
كۆرمىدىم مەن ياخشىلىق سەندىن سۆكۈلگەندىن بۆلەك.
گەر يامان بولسام، يامانلىق ئەيلىسەم كۆرسەت دەلىل،
نەگۇناھىم بار سېنى ئەڭ ياخشى كۆرگەندىن بۆلەك.
ياخشى بولساڭ ياخشىلىق قىلدىڭ يامانغا قانچىلىك؟
ياخشىنى دەپ بەك يامان ئابروينى تۆككەندىن بۆلەك.
ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلار تۇتار بىر دەستە گۈل،
نېمە كۆرسەتتىڭ بېغىڭدا ماڭا تىكەندىن بۆلەك.
ياخشىلار تولغان جاھاندا ئۇچراپ يامانغا مەن پەقەت،
چەكمىدىم دەرد ياخشىنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەندىن بۆلەك.
بىل، ئىزاقى ياخشى ۋەسلىگە يېتىشتە سەن بىدەردە
چارە يوق يامانلىدىن رىشتىڭنى ئۈزمەكتىن بۆلەك.




پەرھات ئىلياس

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

سەن ئەزەلدىن ئۈرۈمچى دەرياسى ئىدىڭ.

سەن ئەسلىدە دولقۇنلىرى ئۈزۈلمەس، كەلكۈن كەلسە تەڭ تەۋرەپ، سىغۇلغاندىمۇ بىر سايىنى بويلاپ ئاقىدىغان، ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۈن يەتمەيدىغان ئەزىم دەريا ئىدىڭ. كېيىن تارام-تارام ئېقىنلارغا بۆلۈۋېتىلدىڭ. ئەسلىڭنى بىلمەيدىغانلار سېنى دەريا دېيىشمەي، ياش بوغۇنلار دەريا دەپ ئاتىمايدىغان بولۇشتى. ھەتتا بەزىلەر سېنىڭ ئىلگىرى دەريا ئىكەنلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇشتى.

مەن سېمونت كۆۋرۈكنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىغا يۆلەنگىنىمچە ئۈرۈمچى دەرياسىغا ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرىمەن. دەريا دولقۇنلىرى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك سېمونت قىرغاقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا. دولقۇنلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چاچراپ چىققان بۇژغۇنلار يول چىراغلىرىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا ھېقىقتەك يالتىراپ تەرەپ-تەرەپكە چېچىلماقتا.

مەن يەنە ئۈنسىز خىتابىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

...ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن دەريا ئانا، دادام ساھىلىڭدىكى شېغىللىرىڭدا قېيغىتىپ، قۇملىرىڭغا ئېغىناپ چوڭ بولغانىكەن. دادام بوۋامنىڭمۇ سېنىڭ دولقۇنلىرىڭدا سال ھەيدەپ، بېلىقلىرىڭغا تور تاشلاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ ئۇدۇم گويا بىر قۇلاقىمغا ئەزان، بىر قۇلاقىمغا تەكبىر ئېيتىپ قويۇلغان مۇقەددەس ئىسمىدەك يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالدى. مەنمۇ سېنىڭ بويۇڭدا ئويناپ، چوڭ بولدۇم. مانا ھازىر قىيامىغا يەتكەن كۈچتۈڭگۈر يىگىتكە ئايلاندىم. مېنىڭ يۈگەكتىكى

چاغدىكى ئېگىزلەشلىرىم، باللىق چاغلىرىمدىكى گۈزەل ھەۋەسلىرىم، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدىكى شادلىق ۋە ئازابلىرىمنىڭ ھەممىسىلا سېنىڭ دولقۇنلىرىڭغا قوشۇلۇپ، يىراقلارغا ئېقىپ كەتكەن. بىراق ھەر قېتىم سېنى كۆرسەملا يەنە باللىق چاغلىرىمغا يېنىپ قالغاندەك بولىمەن.

مەن رىشاتكىغا يۆلىنىپ ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، قىرغاق بويلاپ ئاستا تۆۋەنلەپ ماڭدىم.

مەن ئىلگىرىمۇ جىمغۇر ئىدىم. بىراق بىر ئايدىن بېرى تېخىمۇ كۆپ خىيال سۈرىدىغان، پىنھان جايلاردا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم.

مەن مېڭىشتىن توختاپ قىرغاققا كېلىپ ئولتۇردۇم. شوخ دولقۇنلارغا قاراش بىلەنلا قەلبىم يەنە لىرىك تۇيغۇلار بىلەن تولدى.

— شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانسەن دەريا ئانا؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— قىزىقسىنىدە ئارمان بالام، — دەريا ئانا قىرغاققا ئۇرۇلۇپ يېنىك نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كىچىك چاغلىرىڭدا تولا سوئال سورايتتىڭ، ئەمدى چوڭ-چوڭ يىگىت بولۇپ قالغاندىمۇ شۇ ئادىتىڭ قالماپتۇ.

مەن ئۇنىڭ ئۆز سۆزىنى باشلاشتىن بۇرۇن شۇنداق دەپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئۈن-تىن چىقارماي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۈتتۈم.

— كۆرگەنلىرىم كۆپ، ئويلىغانلىرىم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ، تالاي كىشىلەر ھاياتتىن بىزار بولۇپ، مېنىڭ قوينۇمغا ئۆزلىرىنى ئاتتى... تالاي-تالاي شوخ يىگىتلەر مېنىڭ بويۇمدا ئولتۇرۇپ ساز بىلەن ناخشا توۋلاپ تاڭلارنى ئاتقۇزدى. تېخى ئاخشاملا بىر يىگىت قىرغىقىمغا كېلىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئۇ ماڭا ئېيتمىغان بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇردۇم. سەنمۇ ئىلگىرى ئەركە قوزىلاردەك شوخ بولىدىغان، يېقىندىن بېرى نېمىشقىدۇر بارغانچە مۇڭلۇق، خىيالچان بولۇپ قېلىۋاتىسەن. ھەي، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ياش چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق رومانتىك كېلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولغانىدى.

## بىرىنچى باب

### 1

خاسىيەتلىك شەنبە.

بۈگۈن بىزنىڭ كۆرۈشىدىغان كۈنىمىز ئىدى. شۇڭا مەن دەرستىن چۈشۈپلا سەنئەت مەكتىپىگە قاراپ يول ئالدىم. نېمىشقىدۇر ئىچ-ئىچىمدىن بىرخىل خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر، دەرەخلەر، بىنالارنىڭ ھەممىسىلا

ئىلگىرىكىدىن كۆپ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى تولىمۇ يېقىملىق مۇزىكىدەك بىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىسام يەنە بىر ئاز تەشۋىشلىنىپمۇ قالاتتىم، سۆزدە چاندۇرۇپ قويارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەندىشىلىرىمگە يىگىتلىك غۇرۇرۇم بىلەن پەرداز بېرىمەن، يەنە ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرگە خۇشاللىق ئىچىدە كۆز تىكىمەن...

مەن مەرزىيەنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا بارغاندا، ئۇ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. ياتاق قىزلارغا خاس رەتلىك ۋە پاكىز ئىدى. دېرىزە تەكچىسىگە ۋىناسىنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان، تاملارغا رەسسامچىلىقنىڭ چوققىسى ئاتالغان ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى داۋىنچىنىڭ «مونالىزا» ناملىق مەشھۇر رەسىمى ۋە ھەرخىل سىدام، ماي بوياق، ئويما رەسىملەر ئېسىلغانىدى. ياتاق ناھايىتى پاكىز بولسىمۇ دىماغقا ماي بوياقنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

مەن مەرزىيە سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم. بىر چاغدا تۈرمەكلەپ قويۇلغان بىر رەسىمنى ئېلىپ ئاچتىم ـ دە، تۇرۇپلا قالدىم. قولۇمغا ئالغىنىمنى ئاق قەغەزمىكىن دەي دېسەم سۇس رەڭ بېرىلگەندەك ئىدى، ئاستى تەرىپىگە يەنە «تۇمانلىق كېچە» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى. رەسىممىكىن دەي دېسەم نەبىرەر شەكىلمۇ يوق ئىدى.

مەن ھېچنىمىنى ئىلغا قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى مەرزىيەدىن سورىدىم:

— بۇ تېخى پۈتمىگەن رەسىمكەن دە؟

مەرزىيە كۈلۈپ كەتتى ـ دە، رەسىمنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئىشىك تۈۋىگە ئېلىپ باردى.

— ئەمدى قاراپ بېقىڭچۇ.

مەن ھېلىقى قەغەزگە قايتا قارىدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىمدا تۇمانلار ئارىسىدىكى غۇۋا ئاي نۇرى، تۇمانلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان تاغلارنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس سايىسى نامايان بولدى.

— سىز تېخىمۇ يىراقتىن قاراپ بېقىڭ، — دېدى مەرزىيە.

مەن دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ رەسىمگە قارىدىم. بۇ قېتىم ھېلىقى مەنزىرىلەر تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈندى. مەن يەنە تۇمانلار ئوراپ تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنىمۇ ئېنىق كۆردۈم.

— كۆردۈم، كۆردۈم، — دېدىم ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، — راستتىنلا تۇمانلىق كېچىكەن.

— ماي بوياقنى يېقىندىن كۆرسىڭىز ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بايقىيالمايسىز، — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇ رەسىمنى رەسسامچىلىقتىكى

كۆرۈش سەزگۈسىگە ئائىت ئون ئالاھىدىلىكنى تەجرىبە قىلىپ بېقىش ئۈچۈن سىزغان. سىز بۇ رەسىمگە قانچىلىك يىراقتىن قارىسىڭىز ئۇ سىزگە شۇنچە ياخشى كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشسىڭىز ئۇ شۇنچە غۇۋالىشىپ كېتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەلۇم قانۇنىيەتنى چۈشەنگەندەك بولدۇم ۋە «تۇمانلىق كېچە» گە قاراپ بىرخىل شېئىردىي مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ئويلىنىپ قالدىم.

— جىمىدە تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟

— بۇ رەسىمىڭىز ماڭا پۇشكىننىڭ بىر شېئىرىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ.

— قېنى ئوقۇپ بېقىڭا، — دېدى مەرزىيە بىردىنلا قىزىقسىنىپ.

مەن ئۇنىڭغا شېئىرنى ئوقۇپ بەردىم:

مۇھەببەت ۋە ئۈمىد، تىنچ شان ـ شۆھرەت
ياسالماس كۆڭۈلنى ئەمدى كۆپ زامان.
ئويۇن ۋە كۈلكىسى ئۆتتى ياشلىقنىڭ،
گويا چۈش، گوياكى تاڭدىكى تۇمان...

— ياخشى شېئىر ئىكەن، — دېدى مەرزىيە ھاياجانلىنىپ، — مەن بۇ رەسىمدە ئىپادىلىگەن، ئەمما ئاغزاكى دېيەلمىگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى بارىكەن. مەن تېخى بۇ رەسىم ئارقىلىق يېڭى بىر مەزمۇننى ئىپادىلىدىم دەپ مەغرۇرلىنىپ يۈرۈپتىمەن. بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكىلەر دەپ بولغان سۆزلەرنى بوياق بىلەن كۆچۈرۈپ چىققانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم:

— دۇنيادا ئىنسان زادىلا ئويلاپ باقمىغان يېپيېڭى مەزمۇن يارىتىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. باشقىلار ئويلىغاننى ئۇلار ئويلاپ باقمىغان باشقا شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆزۈمنى ئېيتسام، كىچىكىمدىن شېئىر يېزىشقا باشلىغان بولساممۇ ھازىرغىچە باشقىلارغا تەقلىد قىلىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن.

— راست ئېيتىسىز، — دېدى ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ، — بىزنىڭ مۇئەللىممۇ «بىر ئالمىنى سىزىپ چىقىشمۇ يېڭىلىق، ئالمىنى ئوتتۇردىن بۆلۈپ ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ سىزىش تېخىمۇ يېڭىلىق» دېگەن. ئەگەر زېرىكمەي ئىزدىنىدىغانلا بولساق، كىشىلەر كونا دەپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەردىنمۇ سانسىزلىغان يېڭىلىقلارنى بايقاش مۇمكىن.

مەرزىيە سەنئەت مەكتىپىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتى ماي بوياق كەسپىدە ئوقۇيتتى. بىز سەنئەت مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر كۆڭۈل ئېچىش مەرىكىسىدە

تونۇشۇپ قالغاندۇق. گەرچە بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا ئۇزۇن بولمىغان بولسـ
ـمۇ، گويا كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر ئارزۇ، ئوخشاش ھەۋەستە چوڭ بولغاندەك پىـ
كىرىمىز بىر يەردىن چىقاتتى.

ئادەم دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن. بەزىلەر كۆندە ئۇچرىشىپ، پاراڭلىشىپ تۇر-
سىمۇ مەڭگۇ بىر-بىرىنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بەزىلەر بولسا بىر كۆرۈ-
شۈپلا بىر-بىرىنى ياقتۇرۇپ قالىدىكەن.

مەن سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ توكچىلىق كەسپىدە ئوقۇساممۇ، ئەدەبىياتقا
ئىشتىياقىم بار ئىدى. بوش ۋاقىت تاپسىملا شېئىر يازاتتىم، ئەدەبىياتقا دائىر كىـ
تابلارنى كۆرەتتىم، تۈرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىشلارغىمۇ شائىرلارغا خاس نازۇكلۇق بىـ
لەن قارايتتىم. شۇڭا بەزى ساۋاقداشلىرىم ماڭا «لىرىكا» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشتى. كې-
يىنچە، ئۇلار مېنى «ھەي لىرىكا» دەپ چاقىرسىمۇ مەن ئېغىز ئالماي «ھە» دەۋېرى-
دىغان بولدۇم. بۇلا ئەمەس، بەزىدە ياتاقداشلىرىم ماڭا چاقچاق قىلىپ خىلمۇ خىل
لەتىپىلەرنى توقۇپ چىقىشاتتى.

— بىلەمسىلەر، يېقىندا ئارمان بىر قىزغا تەلەپ قويىماقچى بوپتۇ، — سۆز باشلايتتى
باشقىلارنىڭ يېغىنىدىغا تېگىپلا يۈرىدىغان بىر ساۋاقدىشىم، — ئۇ تەلەپ قويۇشتىن بۇ-
رۇن مۇھەببەت شېرلىرىدىن ئۇننى يادلاپتۇ. ئاندىن قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ يادلىغانـ
لىرىنى شۇنداق ئوقۇغىلى تۇرۇپتىكى (ئۇ شۇ يەرگە كەلگەندە قوللىرىنى ھەرىكەتلەنـ
دۈرۈپ، مېنىڭ دېكلاماتسىيە قىلغان ھالىتىمنى دورايتتى. بۇنىڭ بىلەن قالغانلار
پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشەتتى)، قىز ئىككى شېئىر ئوقۇلۇپ بولغۇچە، ئاران تەخىر قىـ
لىپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى شېئىرنى ئەمدىلا باشلىغانىكەن، ھېلىقى قىز ئارمانغا «بولدى
قىلىڭ، كالىڭىزنىڭ سەل-دەزى بار ئوخشايدۇ» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مەنمۇ، كۆپىنچە ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ چاقچاقلىشاتتىم. لېكىن بەزىدە ئۇلار-
نىڭ شېئىرنى شۇنچىلىك ئېرزىمەس نەرسە دەپ ئويلىغىنىغا ئاچچىقىممۇ كېلەتتى.

— سەنئەتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە نېمە، دېگۈلۈك.

ئۇلار مېنىڭ بۇنداق سۆزلىرىمنى ئاڭلاش بىلەن تېخىمۇ كۈچەپ ھۇجۇمغا
ئۆتەتتى.

— بىلىمىز، بىلىمىز، ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ، شېئىرنىڭ قەدرىنى
ئارمان بىلىدۇ.

— ھەي خالايىقلار، ئۇلۇغ شائىرىمىز ئارمان بىلەن پەخىرلىنەيلى!

شۇ سۆز تەڭ بىلەن باشقىلارمۇ «پەخىرلىنەيلى!» دەپ شۇئار توۋلىشىپ
كېتەتتى.

— بولدى قىلىشاڭلارچۇ، ياتاقنىڭ ئىچى شېئىر پۇراپ كەتتى، — دەيتتى ئاريـ
دىن بىرى، — ئەمدى ئۇخلايلى.

— شائىر دېگەننىڭ گېپىنى قىلمىساڭلارچۇ، — دەيتتى يەنە بىرى ئۇنىڭغا جور
بولۇپ، — ھازىر ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسىمۇ تۆكمەيدىن بەش شائىر چۈشىدىغان بولدى...

ئۇلارنىڭ گەپلىرى بەزىدە چۈشىمگە شۇنداق تېگەتتىكى، ئۇلار بىلەن ياقا تۇتۇشۇپ قالغان چاغلىرىممۇ بولدى. شۇنداقتىمۇ ساۋاقداشلىرىم يەنىلا ئاقكۆڭۈل، ئوبدان باللار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان بۇ خىل قارىشى ماڭا ياقمايتتى. ھە دېسىلا ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ كېتەتتىم. ئۇلارچە بولغاندا بىزنىڭ كەسپىمىز ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتسىز بولغاندىكىن شېئىر ئوقۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىمىش. ئۇلار كەسپىنى ياخشى ئۆگەنسە، ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئالسا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ياخشى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشسىلا بولدى دەپ ئويلىشىدۇ. ئادەم نېمىلا بولمىسۇن تۆمۈر - تەسەكتىن قۇراشتۇرۇپ قويغان مېخانىك ماشىنا ئەمەسقۇ، ئۇنىڭدا ھېسسىيات، تۇيغۇ دېگەن نەرسىلەرمۇ بولىدىغۇ؟

شۇلارنى ئويلىسامىلا مەرزىيەگە ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېھتىمال بۇرۇنراق تونۇشمىغاندىمەن دەپ ئۆكۈنىمەن. مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشىنىدىغان، ماڭا پىكىرداش بولالايدىغان ھەم مېنىڭ ئەجرىمگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم پەقەت مەرزىيەلا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى سىزىقلارغا، خىلمۇ خىل رەڭلەرگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. مەن بولسام ئويلىغانلىرىمنى مىسرالار تېگىگە كۆمۈپ قويىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ رەسىم ئارقىلىق شېئىر يازسا، مەن شېئىر ئارقىلىق رەسىم سىزىمەن...

2

مەرزىيە تۈنۈگۈن ماڭا ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىدە ئېچىلىدىغان ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ بېلىتىدىن ئۈچنى ئەكىلىپ بەرگەنىدى. مەن چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن مۇزېيغا باردىم. مۇزېينىڭ رەسىم كۆرگەزمە زالىغا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن خىلمۇخىل ماي بوياق رەسىملەر قويۇلغانىدى.

كۆرگەزمىگە يەنە مەرزىيەنىڭ ئىككى پارچە رەسىمىمۇ قويۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ھېلىقى «تۇمانلىق كېچە»، يەنە بىرى «يالىڭاچ ئايال» ئىكەن.

زال ئىچىدە ئادەم خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسىملەردىن ھۇزۇرلىنىپ «پاھ مۇنۇ رەسىمنىڭ پەيزىلىكىنى» دېيىشسە، بەزىلىرى باشقىچە كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئېيتىشاتتى. مەن مەرزىيە سىزغان رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن يېنىمىزغا كەلدى.

— ھەي، ماۋۇ رەسىمنىڭ سەتلىكىنى قارىغىنا! «مەرزىيە؟» تېخى بۇنى ئۇيغۇر قىزى سىزىپتۇ. مۇسۇلمان بەندىسى مۇشۇنداق ھاياسىز نەرسىلەرنى سىزسا جاھان نېمە، بولۇپ كەتتى، — دېدى ئەر رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن.

— نومۇس قىلماي نېمانچە قارايسىز، مېڭىڭا بۇياققا، — دېدى ئايال كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا ئېرىنىڭ قولىدىن سۆرەشتۈرۈپ.

— ھەي، قىيامەت قايىم بولغىلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى ئەر يالىڭاچ ئايالدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي، زامان ئاخىرىدا ئادەملەر يالىڭاچ يۈرىدۇ دېگەننى راست ئوخشايدۇ. ھەي مەيلىمىزگە قويۇۋەتسە، خۇدايىمىزنى بىلمەيدىغان خەق جۇمۇ بىز.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بەش-ئالتە يىگىت كەلدى-دە، بۇ رەسىمگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشتى. ئاندىن خاتىرىلىرىگە نېمىلەرنىدۇر بىر نەرسىلەرنى يېزىۋالدى.

مەن كۆرگەزمىدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى يېزىپ قويماقچى بولۇپ پىكىر دەپتىرىنى ۋاراقلاپ كۆرۈۋېتىپ مۇنۇلارغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى:

«... تومانلىق كېچە، ھەقىقەتەن ياخشى سىزىلىپتۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل سىتىرېئولۇق خۇسۇسىيەت بار ئىكەن. ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇ شۇنچە، غۇۋالىشىپ كىشىگە گويا تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. مانا بۇ رەسىمنىڭ بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقى. «يالىڭاچ ئايال» مۇ ئۇيغۇر رەسساملىقىدا زور بۆسۈش بوپتۇ. بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ مۇشۇنداق تېمىغا مۇراجىئەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى ئاسان ئەمەس...»

مەن بۇنى بايىقى ئەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمچە، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈم رەسىم سىزىشنى بىلمىگەچكە، مەرزىيەنىڭ رەسىملىرىنىڭ زادى قانچىلىك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمما نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ رەسىملىرى ماڭا باشقىچە گۈزەللىك بەخش ئەتتى. گويا بۇ رەسىملەر ماڭا مەرزىيەنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىكى سۆزلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك مېنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى...

3

شۇندىن كېيىن مەرزىيە يەنە نۇرغۇن ماي بوياق رەسىم سىزدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزى سىزغان رەسىملەرگە مېنىڭ شېئىر يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتە ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ رەسىملىرىگە شېئىر يېزىپ چىقتىم ۋە شەنبە كۈنى كېلىشى بىلەنلا سەنئەت مەكتىپىگە باردىم. شېئىرلىرىم مەرزىيەگە بەكلا ياراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەنمۇ خېلى خۇش بولۇپ قالدىم.

بىز مەكتەپ ئىچىدە ئايلانغاچ پاراڭلاشتۇق.

مەن ئۇنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان ھېلىقى ئىككى پارچە رەسىمىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن-ئېرىشمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— نەدىكىنى، — دېدى ئۇ، — مۇكاپات بەرمىگىنىگۇ مەيلى، رەسىمنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇشقا يارىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن يېتەرلىك، بىراق شۇ رەسىمنى سىزغانلىقىم ئۈچۈن خېلى دەشنەم ئىشىتتىم.

— نېمە؟

— ئىككى كۈن بۇرۇن ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم، ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا نېمە، دەيدۇ دېمەمسىز؟ «قويۇڭا ئۇكام سىزنى، شۇنداقمۇ بى نوموس رەسىمنى سىزامسىز،

سىزغىلى باشقا نەرسە چىقمىدىمۇ؟ ئاكىڭىز سىزنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن». مەن «نېمىشقا؟» دەپ سورىۋىدىم ئۇ، «نەدىكى ئادەم قارىغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى سىزغىلى تۇرسىڭىز، سىز ئەمەس، بىزنىڭ يۈزىمىز چىمىلدايدىكەن، تۈنۈگۈن بىرسى بىر قانچە، خوتۇننىڭ ئالدىدا سىزنىڭ ھېلىقى رەسىمىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، ئىزادىن ئۆلىدىم، باشتىسى بولدۇم. ئۇبدان ئۇكام، شۇ ئىشىڭىزنى تاشلاڭ، ئۇ قىزلارغا لايىق ئىش ئەمەس...» دەپ مېنى بىر مۇنچە جىملەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەر قانچە، چۈشەندۈرۈپمۇ قايىل قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلۈم غەش بولۇپ قايتىپ كەلدىم، بولا ئەمەس، ھەتتا يۈزۈمچىلا «قېلىن، داپشاق» دەپ ئاھانەت قىلغۇچىلارمۇ بولدى.

— ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ئۆزىڭىز تاللىغان يولدا مېڭىۋېرىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— بۇمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا كۆيۈنگىنىدۇ بەلكىم. ئۇلارمۇ مېنى ئەخلاقلىق، ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدۇ. بىراق ئۆزلىرى نېمىنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ماڭا كۆيۈنىمەن دەپ ئەمەلىيەتتە زىيان سېلىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۈز، ئەمما كۆڭلىنىڭ كۆزى يوق. بىز بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسىلا ئەخلاق، پەزىلەت ھەققىدە سۆزلەيمىز. بىراق سەنئەتكە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل پەزىلەت ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆز ماھىيىتىمىزنى تونۇۋېلىشقا شۇنچىلىك موھتاج، بىراق بىرەرسى بىزنىڭ ماھىيىتىمىزنى ئېچىپ بەرسە ئەڭ ئەشەددىي تىللار بىلەن تىللايمىز. مەنمۇ ئۇلار دېگەندەك ئۇنداق يامان قىزلاردىن ئەمەسقۇ... — ئۇ كۆزىگە لىممىدە ياش ئېلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىزغان ئۇ رەسىملەر تېخى ۋايىغا يەتمىگەن مەشق ئەسەرلەر. لېكىن مەن مەشق جەريانىدا ئورغۇنلىغان ئىشلارنى ھېس قىلدىم. بىز ئەزەلدىنلا سەنئەتكار مىللەت، لېكىن ھازىر بىزدە سەنئەتنى چۈشەنمەيدىغانلار يۈرەكىنى ئېچىشتۇرغىدەك دەرىجىدە كۆپ ئىكەن.

مەرزىيە بارغانچە ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئېشىشقا باشلىدى.

ئەجەبا، بۇ گەپلەر بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ-ھە، دەپ ئويلىدىم مەن.— ئادەمنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سىزىشقۇ ئۇنچە يېڭىلىقمۇ ئەمەس، لېكىن بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئادەم ھەققىدە شۇنچىلىك ئىزدىنىشى قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش.

مەن مەرزىيەگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى شاپتۇل چېچەكلىگە تېمىپ قالغان تاڭ شەبنىمىدەك سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. چىرايلىق، ئەمما خىيالچان كۆرۈنىدىغان قارا قۇمچاق كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك، ئۇمىدۋارلىق ۋە سەنئەتكارلارغا خاس چەكسىز ئىشتىياق ئۇرغۇپ تۇراتتى. يەلكىسىگىچە چۈشكەن بۇدۇر چاچلىرى زىلۋا بويىغا خوپ يارىشقان، ئاق بۆرتمە كۆڭلىكى ئۇنى ساماۋى پەرىشتىلەرگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. يەنە قەغەزدەك نېپىز، يارىشىملىق لەۋلىرى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرىدىن كۆرۈنۈپ

تۇرغان سۈتتەك ئاق، نوتىدەك يۇمران بەدىنى ۋە سەل پەستە مۇشتۇمچە كۆتۈرۈلگەن، تېمىپ چۈشۈش ئالدىدىكى سۇ تامچىسىدەك تەۋرىنىپ تۇرغان بولۇق كۆكسى... بىردىنلا ۋۇجۇدۇم چايغا چۈشكەن خام قايماقتا ئوخشاش ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغىلا گويا ئۇنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويغاندەك يۈزۈم ھۆپپىدە بولۇپ كەتتى. مەن دەرھال كۆزلىرىمنى ئەپقېچىپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تىكىلدىم.

— پىكاسسومۇ دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىكەن، لېكىن ئۆز پىكىرىدىن قايتماي ئىزدىنىۋەرگەچكە ئاخىرى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە رەسسامغا ئايلاندى. سىز ھەرگىز بوشاشماڭ، داۋاملىق ئىزدىنىۋېرىڭ، كېيىنچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان پىكاسسو بولۇپ قالامسىز تېخى!

مەن يەنە ئەسلى ھالىتىمگە قايتىپ ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش نەسىھەت قىلدىم.

— ۋىيەي، بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مۇنداقچە، سۆزلەپ قويسام مېنى مازاق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ. سىز دېگەندەك مەنمۇ ئىلگىرى پىكاسسوغا بەك ئېتىقاد قىلاتتىم. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆرىمەن، لېكىن مەن پىكاسسوغا چوقۇنغان تەقدىردىمۇ پىكاسسو بولۇشنى خالىمايمەن ھەم بولىمەن دەپمۇ بولالمايمەن. مەن ئىجادكارلىقتا ھەر قانچە ئاجىز بولساممۇ يەنىلا مەرزىيە بولۇشنى خالايمەن. چۈنكى سەنئەتكارلار ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئۆزىنىلا يارىتالايدۇ...

4

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئائىلىدىن كەلگەن پۇلغىلا قاراشلىق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئايدا ئوتتۇز ـ قىرىق يۈەن كەلسە، بەزىلىرىگە ئون ـ يىگىرمە يۈەن كېلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار يەنىلا بەتخەج، مەرد. ساۋاقدىشىم مەھەممەتمۇ ئەنە شۇنداق قولى ئوچۇقلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى ئاقكۆڭۈل، ئىرادىشچان بالا. شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتىمەن ھەم ئۇنىڭغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. بۈگۈن ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭغا ئوتتۇز يۈەن ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ مېنى بازارغا بىللە چىقىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. چۈشتىن كېيىن دەم ئېلىش بولغاچقا مەنمۇ ماقۇل بولدۇم.

بىز بازار ئارىلاپ بىر نەچچە كىتاب سېتىۋالدۇق. ئاندىن كىنو كوردۇق. كىنودىن چىقىپ تاماق يېگىلى ئاشخانىغا كىردۇق. بۇ زاۋال مەزگىلى ئىدى. مەھەممەت تاماق تەييار بولغىچە، ماڭىمۇ گەپ قىلماي تۆت بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— نېمىشقا ئەكىردىڭ بۇ نېمىنى؟ — دېدىم مەن نارازى بولۇپ، — بۈنى ئىچىۋالساق كەچتە قانداق تەكرار قىلىمىز؟

— بىر قېتىم تەكرارغا قاتناشمىغانغا نېمە بوپتۇ. بولمىسا ئەتە تولۇقلىۋالارمىز. بۈگۈن سەن مېھمان. مېھمان دېگەن قويىدىن ياۋاش بولىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— بۇنى ئىچمەيلى، ماقۇل دېگىن.

— سەن ئىچمىشىڭچە ئىچكىن، قالغىنىغا مەن بار، — ئۇ سۆزلىگەچ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

بىز تاماق كەلگۈچە ئىككى بوتۇلكا پىۋىنى قۇرۇۋقداپ بولدۇق. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە سىرتقا ماڭدى.

— نەگە باراي دەيسەن؟

— مانا، ھازىرلا كىرىمەن.

— بولدى چىقايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — مۇشۇنى ئىچىۋېتىپ مەكتەپكە قايتايلى.

— ئالدىڭغا پاقلان گۆشى قويۇپ قويسا، نېزىقاپ ئاچ قالىدىغان نېمە جۇمۇسەن، مېنىڭ ئىلھامىم تۇتقاندا جىم ئولتۇرمامسەن.

— بولدى قىل، بۈگۈن مەردلىك قىلغان بىلەن، ئەتىلا تۇرۇسقا قاراپ يېتىپ قالىسەن، — مەن چاقچاق ئارىلاش ئۇنى ئۆز جايىغا ئولتۇرغۇزدۇم.

مەھەممەت ئادەتتە خۇش خۇي، چاقچاقچى يىگىت ئىدى، لېكىن بۈگۈن نېمىشقىدۇر سەل غەمكىن كۆرۈنەتتى.

— ھەي، بۈگۈن ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ، — دېدى، ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — چىلاشقۇدەك ئىچىدىغان ئىشتى.

— نېمىشقا ئىچىڭ سىقىلىدۇ؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا.

— بولدىلا، سورىمايلا قوي، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، بىر ئىستاكان پىۋىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

بىز بىر پەس ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئاندىن ئۇ ماڭا يەنە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاداش، سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن چىقىپ ئارتۇق ئەس ئىلىنىڭكىدىن بىر-نىلا ئەكىرەي، سەن كېلىڭنى ھۆللەپلا تۇر، قالغىنىڭغا مەن بار. سېنىڭ بىلەن ئىچ-سىر تۆكۈشۈپ مۇڭدىشىپ باقمىغىلىمۇ خېلى زامانلار بولۇپ كېتىپتۇ.

مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ماڭا بىرەر كۆڭۈل سىرىنى ئېيتماقچى بولۇۋاتقىنىنى جەزم قىلدىم.

— راستىنلا ئىچكىڭ بولسا، ئىچسەك ئىچەيلى، — دېدىم مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، — ئەمما ھاراقنى مەن ئەكىرىمەن.

مەن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر بوتۇلكا ھاراق ۋە كاۋاپ ئېلىپ كىردىم. مەنمۇ ئانچە-مۇنچە ئىچىشىپ بەردىم. مەھەممەت ئارقا-ئارقىدىن ئىچكىلى تۇردى. بەش-ئالتە رومكا ئىچىپلا ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىشقا، گەپ-سۆزلىرىمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى.

— سەن ھاياتنى قانداق چۈشىنىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ گەپ ئارىلىقىدا.

— مەنما؟ — مەن سەل ئويلىنىپ قالدىم، — راستىمنى ئېيتسام، تېخى ھاياتنى چۈشىنىپ يەتمىدىم.

— راست دەيسەن، بىز ھاياتنى ھازىرلا ئەمەس، مەڭگۈ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز، — ئۇ يەنە بىر رومكىنى قېقىۋەتتى-دە، ئاغزىنى سۈرتتى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن مۇشۇ كەمگىچە بىرەر كىشىگە يامانلىق قىلمىدىم. باشقىلارغا قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىقنى ئاياپ ئولتۇرمىدىم. بىرەرىگە بەرگەن ۋەدەمگىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلغىنىم يوق، لېكىن مەن ئەڭ ئىشەنگەن كىشى قوپۇپ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ماڭا ئىلتىجا قىلغاندەك تىكىلدى، — ئاداش، بۇ گەپنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم، ساڭا دېگۈم كېلىپ قالدى. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى ئۈمىد باغلاپ كەلگەن تۇرسۇنگۈل توي قىلىپ بوپتۇ... توي قىلغاندىمۇ ئۇچىغا چىققان مەككار سودىگەر بىلەن توي قىپتۇ...

— تۇرسۇنگۈل؟

مەھەممەت بىر چاغلاردا ماڭا رەسىمىنى كۆرسەتكەن خۇمار كۆزلۈك قىز يادىمغا كەلدى. مەھەممەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىز ئۇنىڭ ئون يىللىق ساۋاقدىشى ئىكەن. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەچكە، ھازىر يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن.

— بەلكىم بۇ يالغان گەپتۇ، سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدىم مەن.

— دەسلىپىدە يۇرتتىن كەلگەن بىرىدىن ئاڭلىغان. ئۇنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەي تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆزىگە تېلېفون ئۇردۇم. ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسەن: «سىز دېگەن ئالىي مەكتەپتە، مەن بولسام يېزىدا. سىز چوڭ شەھەرگە كۆنۈپ قالدىڭىز، ئەمدى بۇ سەھراغا كۆنەلمەيسىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشقا سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ قوشۇلمايدىكەن...» مانا بۇ مەن بىلەن بەش يىل ئەقىدە قىلىشقان قىزنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى. قىز، ھەي قىز... قىز بالا دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدىكەن. قىزلار ئۈچۈن مۇھەببەت يولىغا چېچىلىپ قالغان سامانچىلىكمۇ ئەرزىمەس نېمە ئوخشايدۇ... ھەر قانداق بىر يىگىت قىزغا ئەقىدە قىلسا مىنىڭچىلىك قىلار. مەن ئۇنىڭغا «ئوقۇش پۈتتۈرگەندە جەزمەن يېزامغا قايتىمەن، سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. ئۇمۇ ماڭا «سىزنى بەش يىل ئەمەس، ئەللىك يىل بولسىمۇ كۈتكۈچىلىكىم بار» دەپ قەسەم ئىچكەنىدى. ئەمما بىر سودىگەرگە تېگىۋاپتۇ. بىلىمەن ئۇنىڭ بېشىنى شۇ ئانىسى ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ ئانىسى پۇل، مال-دۇنيا دېسە ئۆلۈپ بېرىدۇ. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەشتى، ھەممە ئارمانلىرىم كۆپۈككە ئايلاندى. ئېسىت، ئۇنىڭغا قىلغان ئەقىدەم.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بىردىنلا شۈكلەپ قالدى، چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى، قۇۋۇزلىرى غەزەپتىن لىپىلداپ كەتتى.

ئۇ يەنە بىر رومكىنى گۈپپىدە كۆتۈرۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ مىسكىن دىلىغا نېمىدەپ تەسەللىي بېرىشنى، ئۇنى بۇ روھىي ئازابتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەيتتىم. ھەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغۇدەك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىممۇ يوق ئىدى.

مەھەممەت ئاخىر خېلىلا كەيىپ بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىقتىم. بىز ئاپتوبۇسنىمۇ چۈشمەي مەكتەپكە پىيادە كەتمەكچى بولدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ يەنە ئاغىل - تاغىل سۆزلىگىلى تۇردى:

— ساڭا بۈگۈن دەردىمنى تۆكۈپلا كەتتىم. باشقىچە ئويلاپ قالما... مەن سېنى ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. بىلىمەن، سەن دېگەن ئىچىڭدىكىنى تېشىڭغا چىقارمايدىغان سىر خالتىسى، ئەمما مېنىمۇ بوش چاغلىما! سەن... سەن ھەرقانچە يوشۇرغىنىڭ بىلەنمۇ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىمەن. مەن دېگەن، ھە... مەن دېگەن يىلاننىڭ يەر ئاستىدا كۆشىگىنىنىمۇ بىلىمەن. سەن ... سەن مەرزىيەنى ياخشى كۆرىسەن! ئۇمۇ سەن مۆرىمەسنى ياخشى كۆرىدۇ. ۋاي مۆرىمەسەي. جىمى يۈرگىنىڭ بىلەن جاھاننىڭ ھەممە ئەلمى - تەلمىنى بىلىدىغان نېمىسەن...

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدىم مەن بىرەر ئەيىبىم ئاشكارىلىنىپ قالغان كىشىدەك سەكرەپ، — ئەمدى گىرادۇسىڭ تۇشۇپتۇ.

— سەن مېنى مەست بولدى دەۋاتامسەن ... مەن، ھە..، بوپتۇ مەن مەست. مەن كۆڭلۈمدىكىنى ئالا قويماي ساڭا سۆزلەپ بەردىم. سەنچۇ؟ ئات يىلىدا بىر، ئېشەك يىلىدا بىر سۆزلەپ قويىسەن، سۆزلىرىمگە «ھە، شۇنداق» دەپ قويۇپلا بەزدەك بېزىرىپ تۇرىسەن. يا كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇدەك تۈزۈك گېپىڭ يوق. يا ئىچ سىرىڭنى تۆكۈپ باقمايسەن. بىلىمەن، سەن... سەن بەختلىك ئادەمسەن. سەندەك بەختلىكلەرگە مەندەك بەختسىزلەرنىڭ ھال - مۇڭ ئېيتىشىنىڭ ئۆزى ھاماقەتلىك ...

— ئۇنداق ئويلىساڭ بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغان شۇنداق بىر قىز ئۈچۈنمۇ ھەسرەت چېكەمسەن. سۇنىمۇ ئەي بولىدىغان كۆچەتكە قۇيغان ياخشى. قاقشالغا ھەرەمنىڭ زەمزىمىنى ئەكىلىپ قۇيساڭمۇ بەرىبىر كۆكلىمەيدۇ.

— راست دەيسەن! — دېدى ئۇ بىردىنلا غەزەپ بىلەن ئىككى قولۇمنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇتقىنىچە، — بىراق ئەقىدەمگە ئېچىنىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىدە قىلغىنىمنى بىلەمسەن؟

ئۇ مېنى قويۇۋېتىپ تۆمۈر رىشاتكىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنى مۇشتلىغىلى تۇردى:

— ھەي ئەقىدە! ھەي نادان تۇرسۇنگۈل!!...

ئۇ قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەنىدى. قولى رىشاتكىنىڭ قىيىق بىر يېرىگە تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك، قان ئېقىۋاتاتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم ۋە رىشاتكىدىن بېرى ئەكەلدىم:

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئاداش! ھېسسىياتقا بېرىلمەي ئەقلىڭ بويىچە ئىش قىل.

— ئەقىل؟!... ھا، ھا، ھا ... ئەقىل. مەن تا ھازىرغىچە ئەقلىم بىلەن، ۋىجدانىم بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن مەن زادى نېمىگە ئېرىشتىم؟!

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دېدىم بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتۇپ، — ئوغۇل بالا

تۇرۇپمۇ يېشىگنى ئېقىتىپ يۇرسەك باشقىلار نېمە دەيدۇ!

— مېنى يىغلىدى دېدىڭما؟ — دېدى ئۇ قان يۇقى قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ، — ها، ها، ها ... مەن يىغلىمىدىم، مانا، كۇلۇۋاتىمەنغۇ، مەن كۇلۇۋاتىمەن ئاداش! ها، ها، ها ...

ئۇنىڭ كۇلكىسى يىغلىغاندىنمۇ بەتتەر يۇرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

## 5

«بىلىمەن سەن بەختلىك ئادەم»

مەن راستتىنلا بەختلىكمۇ؟ خۇداغا شۇكرى، باشقىلار مېنى بەختلىك ھېسابلايدىكەن، لېكىن مەنمۇ جۇپ - جۇپ قىز - يىگىتلەرنى كۆرگىنىمدە بۇلار نېمىدېگەن بەختلىك - ھە، دېگەنتىمغۇ؟

مەن دەرسلەرنى ئوبدان تەكرارلاپ، ئىمتىھانلارنى ياخشى بېرىمەن. تولۇق پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىمەن، گەرچە ئانامدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن بولساممۇ، تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك، كېلىچىكىمنى ئويلىسام چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا ئىشەنچىم بار. ئىشقىلىپ ھېچ نەرسىدىن غېمىم يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە، باشقىلا مېنى بەختلىك دەپ ماڭا ھەۋەس قىلىۋاتىدۇ. لېكىن يەنە نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغۇم كەلمەيدۇ. ماڭا يەنە قانداقتۇر بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئىچىم سىقىلىدۇ. قەلبىم گويا ئىسسىق ئۆۋىدىن زېرىكىپ يىراق بىر جايلارغا ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان قۇشتەك ئاللىقانداق بىر نەرسىگە تەلپۈنىدۇ. كېچىلەرنى بولسا خىيال - ئارمان ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىمەن.

مەن رىشاتكىغا يۆلەنگىنىمچە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئۇرۇمچى دەرياسىغا تىكىلىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدىم. دەريا كېڭەيتىلگەن سېمونت قاسناقلاردا لەرزان ئايلىنىپ تۆۋەنگە شۇڭغۇپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كۆكتە ئاستا پەرۋاز قىلىۋېتىپ، بىردىنلا يەرگە شۇڭغۇپ چۈشكەن قارچىغىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

مەن يەنە بەخت ھەققىدىكى لەززەتلىك خىياللىرىمنى داۋام ئەتتىم:

... مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. شۇ چاغلاردا ئۇ قىز ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە كۇلۇپ قويسىمۇ ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېسابلايتتىم. ئۇنىڭ ماڭا باللارچە، خەيرىخاھلىق قىلىشلىرىنىمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دەپ ئويلاپ ئۆزۈمچە، مەغرۇرلىنىپ كېتەتتىم. كېيىن بۇ ئىشلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قىزلارنىڭ ماڭا قاراپ ناز بىلەن كۇلۇپ قويۇشلىرىمۇ مەندە ئۇنچىلىك نازۇك سېزىملارنى پەيدا قىلالماس بولۇپ قالدى. گەرچە يالغۇز قالغان چاغلاردا بولغۇسى جۈپتۈم ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلساممۇ، لېكىن

كۈندە ئۇچرىشىپ يۈرگەن قىزلار ئىچىدىن مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك قىز تاپالمىدىم. ئەمما مەرزىيە بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن پەقەت خىيالەن كۆرگەن، ئەمما رېئاللىقتا تېخى ئۇچرىشىپ باقمىغان سۆيگۈ مەبۇدەمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ پەرىشتىلەردەك ھۆسنى جامالى، قىزلارغا خاس خۇلق - مىجەزى ۋە كىشى كۆڭلىگە مۇزىكىدەك ئارام بەخش ئېتىدىغان خۇش ئاۋازى، بولۇپمۇ سەنئەتكە بولغان بالىلارچە ساددا، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان ئىشتىياقى مەندە كۈچلۈك ھاياجان قوزغىۋەتكەنىدى. شۇ كۈندىكى كۆڭۈل ئېچىش مەرىكىسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس پاراڭلىشىپلا ئىككىمىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاجايىپ بىر خىل ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى بايقىغانىدىم. شۇندىن كېيىن بىز پات - پات بىر - بىرىمىزنى ئىزدىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق.

ئىلگىرى مەن «قىزلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بەرىبىر ئوغۇللارغا يېتەلمەيدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتسىمۇ ئاخىر بېرىپ قارا قازاننىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئاياللار ئۈچۈن مەرزىيە بىرىنچى بولۇپ بۇ كەمسىتىشىمگە كاچات ئۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۇچراشقانسېرى بۇ ئويۇمدىن يېنىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ مېنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتى، مېنىڭ تەۋرىنىش ئىچىدە تۇرغان ئېگىمىنى قوزغاتقۇچى سۆزلىرى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىمنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىق، جاسارەت بىلەن تولغان روھىي دۇنياسىنى كۆرگەنچە ئۇنىڭغا ھۆرمىتىم ئاشتى. ھەتتا قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئادەتتىكى قايىللىقتىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئاللىقانداق شېرىن ھېسسىياتلارمۇ ئويغىنىشقا باشلىدى.

مەن دائىم ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن. ئۇنىڭ بىلەن سەنئەت، ئارزۇ ۋە ھايات دېگەنلەر ھەققىدە ئۇزاقتىن -ئۇزاق پاراڭلىشىمەن. بەزىلەر شۇنىڭغا قاراپلا ئىككىمىزنى...ھەتتا مەھەممەتمۇ شۇ گەپنى دەۋاتىدۇ. قارىغاندا ئىككىمىز راستتىنلا بىر - بىرىمىزگە ماس كېلىدىغان ئوخشايمىز، لېكىن بىز تېخى مۇھەببەت ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان تۇرساق، بۇ مۇمكىنمۇ؟

مەن يەنە مەھەممەتنىڭ «سەن مەرزىيەنى ياخشى كۆرىسەن، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگىنىنى ئەسلەپ قالدىم. مېنىڭ ئىنتىلىدىغىنىممۇ دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ بىز دائىم پاراڭلاشساق ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن چۈشۈپ بۇ چېتىدىن چىقىمىز. گاھ تارىختىن سۆزلىسەك، گاھ يېڭى ئېقىم، يېڭى كۆز قاراشلار ھەققىدە پاراڭلىشىمىز. بىرىمىز داڭلىق رەسسام داۋىنچ، پىكاسسو، ۋانگوگلار ھەققىدە سۆزلىسەك، بىرىمىز پۇشكىن، بايرۇن، تاگور، نىرۇدالارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيمىز. ھەتتا جىنسىيەتكە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ تارتىنماي دەۋېرىمىز. بىراق ئىككىمىز توغرۇلۇقلا سۆزلەشمەيمىز.

مەن ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ شۇنداق ئۆتۈشنى خالايتتىم، ماڭا پەقەت مەرزىيەلا ھاياتىي كۈچ، روھىي غالىپلىق بەخش ئېتەلەيدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق مەرزىيە ئىككىمىزنىڭ بۇ يېقىنچىلىقى بەرىبىر بىر كۈنى سۇسلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ كېيىن بىر كۈنى بىرىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ كۆڭلۈم تارتمىغان بىرى بىلەن ئۆيلىنىپ - ئوچاقلىق بولىمەن. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىشىمىزغا ئىمكانىيەت بولمايدۇ.

مەن يەنە دەرياغا قارىدىم. دەريا خىيال سۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەتراپتىكى يول چىراغلىرى ۋە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ئۈن - تىنسىز پىلىلداپ تۇراتتى. پەقەت يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئەنسىز گۈركىرەشلىرىلا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— مەن بەختلىكمۇ؟ — مەن لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا ئانىدىن سورىدىم.

— سەنمۇ؟ — دەريا ئانا سەل ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن ۋەزمىن ئاھاڭدا ئاللىدىرىماي سۆزلىدى، — بەخت — قانائەت دېمەكتۇر. ئەگەر سەن ئۆزۈڭگە قانائەت قىلساڭ، دەشتى - باياۋاندا تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېسابلاۋېرىسەن، سەندە قانائەت بولمىسا، سېنى بېھىشكە ئەكىرىپ قويساممۇ يەنىلا ئۆزۈڭنى بەختسىز دەيسەن.

— قانائەت؟ راست، نۇرغۇن ئىشلارغا قانائەت قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئوقۇغانلىرىمغا، بۈگۈنۈمگە، ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ، لېكىن باشقىلار مېنى بەختلىك ھېسابلايدىكەن.

— ئۆزۈڭچۇ؟

— مەنمۇ؟ مېنىڭ ئۆزۈمنى بەختلىك دېگۈم كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى...

مەن نېمىندۇر ئېيتماقچى ئىدىم، لېكىن ئويلىغانلىرىم بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالدى. دەريا ئانا مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلگەچكىمۇ مەندىن زېرىكىپ سوراپ كەتمىدى.

6

مەن بىرنەچچە ھەپتىنى ئىزتىراپ، قىينىلىش ۋە شېرىن خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدۈم. دائىم ئۇنى ئىزدەپ بارسام ئۇزاقتىچە پاراڭلىشىمەن. ئۇنىڭغا ئامالنىڭ بارىچە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىمەن. ئۇنىڭغا قارىسىلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، گەپ - سۆزۈم قولاشماي قالىدۇ، بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن «سەن مەرزىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ قانداق؟» دەپ سورايمەن. «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ يىگىتلەرگە خاس تەكەببۇرلۇقۇم، بىراق مەرزىيەنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا بۇ ئويۇمنى رەت قىلىمەن، «سەن مەرزىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ، بىراق بۇنى ئېيتىپ قىلغۇڭ كەلمەيدۇ» دەيمەن. ئۇزاق ئىككىلىنىش، تېگىرقاشلاردىن كېيىن، ئاخىر تەكەببۇرلۇقۇم ھېسسىياتىمغا تەسلىم بولدى، ئاخىر ئۇنىڭغا خەت يازدىم.

مەن خەتنى مەرزىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم - دە، گويا قارلىق تاشلاپ قاچقان قارلىقچىدەك، ئالدى - ئارقامغا قارىماي يېنىپ كەلدىم. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا مەرزىيەدىن جاۋاب خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن، قوللىرىم تىترىگەن ھالدا لىپاپىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم:

«ئارمان ياخشىمۇ سىز!

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. سىز ئېيتقانداك سىزنىڭ بۇ تەكلىپىنى بەرگىنىڭىزگە ئانچە ھەيران بولمايمۇ تۇرالمىدىم. بىراق بەكلا ھەيران بولۇپ كەتمىدىم.

ئىلگىرىمۇ مەن سىزنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ماڭا شۇ گەپنى دەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلىغانىدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنىڭ بۇ ئويۇم توغرا چىقتى.

ئارمان، مەن سىزگە شۇ تاپتا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيۋاتىمەن. سىز خېتىڭىزدە ‹بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، پەقەت ئىككىمىزلا بىر-بىرىمىزنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز› دەپسىز، توغرا، ئادەملەر بىر-بىرىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ھېسسىيات جەھەتتە مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك، لېكىن ھېسسىيات ئوخشىشىپ كەتسىلا مۇھەببەت پەيدا بولامدىغاندۇ؟»

مەن ئۇنىڭ خېتىدىن، ئۇنىڭ يا «ياق»، يا «ماقۇل» دېگىنىنى چۈشىنەلمىدىم ۋە خەتنى يەنە ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئوقۇدۇم، لېكىن يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. قىسقىسى، ئۇ مېنىڭ كۈتكىنىمدەك جاۋاب بەرمىگەنىدى. مەن بىردىنلا ئۈششۈك تەگكەن كاۋا پېلىكىدەك لاسسىدە بوشىشىپ قالدىم. ھەتتا ئالدىراپ سىر بېرىپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. مەرزىيەنىڭ خېتى ئۇنىڭ مېنى خىلمۇ خىل سوئاللار بىلەن بىزار قىلماقچى بولغىنىدىن بېشارەت بەرگەندەك، كەلمىش كۆڭۈل ئازابىنىڭ چىركىن كۆلەڭگىسىدەك بىلىنىپ كەتتى.

مەن بىر ئازدىن كېيىن، بەلكىم قىزلار بىردىنلا ماقۇل دېيىشنى ئۆزلىرىنى سۇندۇرغانلىق دەپ چۈشەنسە كېرەك دېگەن ئوي بىلەن ئۆز-ئۆزۈمنى بەزلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمدە يەنە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يالتىراشقا باشلىدى...

مەن مەرزىيەنى ئىزدەپ چىقتىم، مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزلىرى گىلاستەك ئوماق لەۋلىرىگە ئوخشاش قىزىرىپ كەتتى. مەنمۇ قاتتىق تەمتىرەپ كەتكەچكە، پۇت-قوللىرىم ئالمىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە قىل قالدىم. بىز سالام-سائەت قىلىشقاندىن كېيىن دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

تەقەززالىق ۋە ئىزتىراپ تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن يۈرىكىم نېمىشقىدۇر قېپەزدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ تاماكىنى كۆچەپ شورىغىنىمچە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن مارىلاپ تۇرغان ئايغا قارىدىم. مەرزىيە بولسا قولىدىكى قول ياغلىقنى بىر قاتلاپ، بىر چۇۋۇغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمغىنا ئولتۇراتتى.

— ئاي يوپۇرماقلار ئارىسىدىن خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇرسا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن، قارىغاندا قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم ئاخىر گەپ باشلاپ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى مەرزىيە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — بىراق مەن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم.

مەن مەرزىيەگە قاراپ قويدۇم، ئاندىن دەرەخلەر ئارىسىدىكى قاراڭغۇ بىر جايغا تىكىلدىم. تۈنجى قېتىمدىلا گەپتىن ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنە نېمە

دېيشنى بىلمەي، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

— سىزنىڭ «ھېسسىيات ئوخشىشىپ كەتسىلا مۇھەببەت پەيدا بولامدۇ؟» دېگىنىڭىزغۇ ئورۇنلۇق. بىراق كىشىلەردە بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچلا بولىدىكەن، چوقۇم بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشەلەيدۇ. بىز ئالدى بىلەن بىر-بىرىمىزگە ئىشەنچ تۇرغۇزايلى. سىزمۇ مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ھەقىقىي چىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — بۇ قېتىم مەرزىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا تىكىلگىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — بىراق مەن ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىش ماڭا بىر ئاز قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

مەرزىيەنىڭ بۇ گەپلىرى شۇنچىلىك چىن ئېيتىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىدىنمۇ مۇھەببەتكە ئىنتىلىسىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايۋاتقان نارەسىدە قىزلارنىڭ ھېس-تۇيغۇسى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— ئادەملەر ھامان ئۆزلىرى ئارمان قىلغان نەرسىگە ئىنتىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىش ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ.

مەرزىيە بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ماڭا قايرىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېنىڭ بۇ گېپىمنىڭ ئۇنىڭغا خېلى تەسىر قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەڭ مۇھىمى، سىز ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدىم مەن تېخىمۇ روھلىنىپ.

— سىز ... سىز مېنى راستىنلا شۇنچىلىك ياخشى كۆرەمسىز؟ — ئۇ مەندىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي تۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن ھاياجانلانغان ھالدا، — مەن...مەن سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان تال-تال قايرىما كىرپىكلىرىگە، بۇلاقلاردەك شەھلا كۆزلىرىگە قارىدىم. ئارقىدىنلا كۆزلىرىم تۇسۇن ئاتتەك ئۇنىڭ ئاپئاق بويىنىغا ۋە كىشىنى مەست قىلغۇچى تولۇق كۆكسىگە يۈگۈرگىلى تۇردى. ۋۇجۇدۇم يەنە شۇرۇنىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. شۇ تاپتىلا ئۇنى قۇچاقلىۋالغۇم، يېنىش-يېنىشلاپ سۆيگۈم كېلىپ كەتتى...

7

مەن بەختكە ئېرىشتىم. چۈنكى مەرزىيە مېنىڭ كۈتكىنىمدەك جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك تەشۋىش، ئازاب ئىچىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرۈش، دەريا بويىنى بويلاپ تېگى يوق خىياللارنى سۈرۈش ماڭا يات. مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى ۋىسال شادلىقى ئىچىدە شېرىكەيسىپ بولۇپ ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن. ماڭا باشقا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس، ماڭا مەرزىيەنىڭ پاك مۇھەببىتى بولسىلا كۇپايە.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر شەنبە كۈنى ئۇچرىشىدىغان، باغچىلاردا بىللە سەيلە

قىلىدىغان، دەرەخ سايىلىرىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئۇزاق - ئۇزاق پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. پاراڭلاشقانسېرى گېپىمىز تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتەتتى.

مانا بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق رومانتىك شەنبىلەرنىڭ بىرى...

مەرزىيە ئىككىمىز ياشلار باغچىسىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتىمىز.

ئەتراپتا چىراغلار مۈگدەپ قالغاندەك غۇۋا يېنىپ تۇرىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ قايسىبىر شوخ يىگىتلەرنىڭ گىتار بىلەن قوشۇپ ئېيتقان يېقىملىق ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. بەزىدە بىر - بىرى بىلەن قولتۇقلىشىۋالغان قىز - يىگىتلەر بىزگە قاراپ قويۇپ چوڭ يول تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن مەرزىيەگە قارىدىم. ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا قاراپ بىردىنلا يىگىتلىك ھەۋىسىم كۆچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتىۋالدىم. ئۇنىڭ قولىدىن ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ئوتلۇق سېزىم تارالدى. ياش يۈرىكىم بۆلەكچىلا ھاياجان بىلەن سوقۇپ كەتتى. مەن بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم ۋە لەۋلىرىمنى مەڭزىگە يېقىن ئاپاردىم.

مەرزىيە بىر پەس ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك شۈككىدە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن بىردىنلا ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن گويا توشقان تۇتىمەن دەپ قاچۇرۇپ قويغاندەك دۆگدىيىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ قورقۇمسىرىغان ھالدا كېلىپ مەندىن سەل نېرىراقتا ئولتۇردى. ئۇ شۇنچىلىك سەزگۈر ئىدىكى، شۇ چاقتىچە ئۇنى بىرەر قېتىم سۆيۈۋېلىشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدىم.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بىز قايتماقچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. چوڭ يولغا چىقىدىغان جەينەكتىن قايرىلىشىمىزغا ئالدىمىزدا تۆت كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۇدۇل ئالدىمىزغا كەلدى - دە، يولىمىزنى توستى.

ئۇلارنى كۆرۈپ مېنى سەل سۈر باسقىلى تۇردى. بىز ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىۋىدۇق، ئۇلاردىن بىرى مېنى مۈرىدەپ سوقۇۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ھەرقانچە، ئاچچىقىم كەلسىمۇ، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالمايلى دەپ چىشىمنى چىشلەپ مەرزىيەنى ئېلىپ مېڭىۋەردىم. ئاڭغىچە، يەنە بىرى ئالدىمىزغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— سەن نېمىشقا بىزنىڭ يولىمىزنى توسىسەن؟

— كىم كىمنىڭ يولىنى توسۇپتۇ؟ — دېدىم مەن غەزىپىمنى يوشۇرالماي.

— ھوي، گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ؟ — دېدى ئۇ ماڭا مۇشت تەڭلەپ.

ئاڭغىچە مەرزىيە «يۈرۈڭ تېز كېتەيلى» دەپ قولۇمدىن سۆرىگىلى تۇردى. بۇ چاغدا قالغانلىرىمۇ بىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن جېدەل چىقىرىشقا باھانە، تاپالماي تۇرغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

مېنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. مەرزىيە بولمىغان بولسا، نېمە كۆرسەم مەيلى دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇلار بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باققان بولاتتىم.

— بۇرنىڭنىڭ بېزىنى ئېپ قويىدىغان نېمىكەنسەن! بىز كىم بىلەمسەن؟ — دېدى بەستلىك كەلگەن بىرى ماڭا بېگىز بارمىقىنى تەڭلەپ.

بۇدۇر چاچلىق بىرى مەرزىيەنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:

— ئايدەك چىرايلىق تۇرۇپ مۇشۇنداق سەت كىگىز بىرنېمىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرەمسىز خېنىم؟ — دېدى ئۇ هاياسىزلارچە مەرزىيەنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

غەزەپتىن چىشلىرىم كاسىلداپ كەتتى. سەۋر قاچامۇ توشتى.

— قولۇڭنى تارت! — دېدىم بۇدۇر چاچنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ.

— ۋۇي خېلى جىگەرىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە، بېشىمغا تاڭگىدە تەگكەن خىش پارچىسى بىلەن تەڭ ئارقامغا ئۈچۈپ كەتتىم. مەرزىيەنىڭ «ئادەم بارمۇ؟! قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئەلەملىك نالىسى گويا ئۇ ناهايىتى يىراق بىر جايدا تۇرۇپ توۋلىغاندەك تولىمۇ غۇۋا ئاڭلاندى. كېيىن يەنە باش - كۆزۈمگە نېمىلەردۇر ئۇرۇلۇشقا باشلىدى ...

بىر چاغدا ئېسىمگە كەلدىم. ئېرىقتا توپىغا مىلىنىپ يېتىپتىمەن. بېشىم گويا تاشقا باستۇرۇلۇپ قويۇلغاندەك بەكلا ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. چاچلىرىم ئارىسىدىن ئىسسىق بىر نەرسە سىرغىپ ئېقىۋېتىپتۇ. مەن چىشىمنى چىشلەپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە مىڭ تەسلىكتە ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا دەرەخلىك ئارىسىدىن مەرزىيەنىڭ يىغا ئاۋازى ۋە هېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ ئۇنىڭغا هەيۋە قىلىپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. مەن غەيرەتلىنىپ دەرهال ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە سەنتۈرۈلگىنىمچە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

هېلىقى بۇدۇر چاچ مەرزىيەنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى، مەرزىيە بولسا يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى تىللاۋاتاتتى. مەن بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ شۇنداق غەزەپلەندىمكى، نېمە كۆرسەم كۆردۈم دەپ ئۇلارغا شىردەك ئېتىلدىم. مەن يېتىپ بارا - بارمايلا ئالدىمدىن بىر يىگىت ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئىككى لۈكچەكنى تىك موللاق چۈشۈردى. ئاندىن هېلىقى بۇدۇر چاچقا ئېتىلدى. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي بىر پەس توختاپ تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن بىردىنلا ئۇنىڭ مەرزىيەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىنى بىلدىم - دە، يەنە بىر لۈكچەككە ئېتىلدىم. لۈكچەكلەر ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ پىچاقلىرىنى چىقىرىشتى، بىزمۇ قوللىرىمىزغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئېلىۋالدۇق. دەل شۇ چاغدا ئەتراپتىن بىرلىرىنىڭ قىقاس - چۇقان بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. لۈكچەكلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرهال قېچىپ كېتىشتى ....

باغچىدىن چىقىۋېتىپ، بىزگە تازا ۋاقتىدا ئەسقاتقان بۇ يىگىتكە قارىدىم. ئۇ

كېلىشكەن، قامەتلىك، تۇرقىدىنلا ئوغۇل بالىچىلىقى چىقىپ تۇرغان يىگىرمە بەش، ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى خەمىت ئىكەن. هازىر ئىش كۆتۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

مەن ئەتىسىلا رەهمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن خەمىتنى ئىزدەپ تاپتىم ۋە بىر ئاشخانىغا باشلىدىم. شۇندىن كېيىن بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

## ئىككىنچى باپ

### 1

بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا بۇغدا كۆلىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ ماڭدۇق. يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن گۈپۈلدىتىپ ئىچتۇق. ئاندىن ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ قارىغاينىڭ تۈۋىگە ئارام ئالغىلى باردۇق. خەمىت بىر قۇرام تاشقا ئولتۇرۇپ گىتار بىلەن شوخ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. ئاق كاستيۇم - يۇپكا كىيىۋالغان ئاينۇر خەمىتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى - دە، بوغدا كۆلىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ماتورلۇق قولۋاقلارغا تىكىلدى. مەرزىيە بىردەمدىلا رەسىم جازىسىنى قۇراشتۇرۇپ رەسىم سىزىشقا باشلىدى. مەن قوللىرىمنى بۇرۇلكامنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىمچە ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان چوققىلارغا تىكىلدىم. خەمىتنىڭ ناخشىسى بارغانچە ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. ئۇ گىتارنى ئاجايىپ ماهارەت بىلەن چالاتتى. ئاۋازىمۇ ناهايىتى يارقىن ئىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى گۈل - گىياهلار ئېچىلىپ كەتكەن قىيانى بويلاپ سايلارغا تارالماقتا، جىلغىلاردىن ئەكس سادالار قايتماقتا. بۇ سادالارغا قارىغايلارنىڭ شامالدا كەلگۈن كەلگەندەك ئاڭلىنىدىغان شارىلداشلىرى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ سۇ بېغىرلاپ ئۇچۇشلىرى، ماتورلۇق قولۋاقلارنىڭ بەس - بەس بىلەن ئۇپقۇن يېرىپ تېز ئۈزۈشلىرى ۋە كۆل سۈيىنىڭ قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چايقىلىشلىرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ گۈزەل شېئىردي تۇيغۇ پەيدا قىلغانىدى.

مەن شۇ هامان ئاپپاراتنى توغرىلاپ ئۇلارنى رەسىمگە تارتىۋالدىم. ئاندىن يەنە خەمىتكە قارىدىم. ئۇ تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىپ باراتتى.

— ناخشا ئېيت ئارمان، بۇ يەردە ئېيتالمىساڭ ئارماندا قالىسەن، ئارمان! — ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى - دە، گىتارنى ئىرغىتىپ - ئىرغىتىپ چالغىلى تۇردى.

مەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ناخشا باشلىۋەتتىم، ئارقىدىنلا ئاينۇرمۇ جور بولدى. كېيىن مەرزىيەمۇ قولىدا پالىترا ۋە موي قەلەمنى تۇتقىنىچە بىزگە قوشۇلۇپ كەتتى.

«هەي ياشلىق، سەن كۆيۈپ تۇرغان، يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايسەن! — ناخشا توختىغاندىن كېيىن مەن هاياجان ئىچىدە ئويلاشقا باشلىدىم، — سېنى لاچىندەك ئۇچۇرغانمۇ، مۇهەببەتنىڭ قاينامىلىرىدا ئۈزدۈرگەنمۇ شۇ ئوت، سېنى يەنە بەگباشلىق قىلىپ قارا بورانلارنى قۇترىتانمۇ، شەيتان كوچىلىرىغا باشلاپ ئېزىقتۇرغانمۇ

شۇ ئوت. بىر كۈنلەردە بۇ ئوت ئاستا-ئاستا پەسىيىشكە باشلايدۇ. ئاخىر قېرىيسەن، هالىڭدىن كېتىسەن. بۇ ئوتلارمۇ ئۆچىدۇ. قەلبىڭدە شېرىن ئارمانلار — بۇ ئوتنىڭ قالدۇق كۆللىرىلا قالىدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۆز-ئۆزۈڭنى بەزلەيسەن، ياشلىق-تىكى كۆڭۈللۈك ئىشلار بىلەن ئۆزۈڭگە روهىي كۈچ بېرىسەن. نەۋرىلەرگە «بىز ياش چاغلاردا ئاجايىپ ئىدۇق» دەپ ماختىنىسەن ...»

خەممەت ئاجايىپ چاقچاقچى ئىدى. ئۇ توختىماي لەتىپە سۆزلەيتتى. بەزىدە ھېسامنى دوراپ سۆزلىسە، بەزىدە تۈرلۈك شىۋىلەردە سۆزلەپ بىزنى كۈلدۈرەتتى. ئۇ گويا باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك سېزىلەتتى، ئۇنىڭ سۆز، ئاھاڭ ۋە ھەر بىر ھەرىكىتىدە يۇمۇر بار ئىدى. بىراق مەن خەممەتنىڭ ئەكسىچە دائىم خىيال سۈرۈپلا يۈرىمەن. باشقىلارنى كۈلدۈرگىدەك يۇمۇرلۇق سۆزلەرگىمۇ ئۇستا ئەمەس. كىچىككىمدىلا ئانامدىن يېتىم قالغاچقىمۇ ياكى ئەسلى تەبىئىتىم شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ بەك ھاياجانلىنىپ، خۇشال بولۇپ كەتسەممۇ، تېپتىنچ بولۇپ قالىمەن. پەقەت يۈرىكىملا دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ كۆكرەك تاملىرىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

بىز ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ تۇرغاندا يېنىمىزغا ئۈچ چەت ئەللىك ساياھەتچى كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەر، بىرى قىز ئىدى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا خۇش تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئەر ئۇيغۇر تىلىدا «ياخشىمۇ سىلەر؟» دەپ بىزدىن ئەھۋال سورىدى. دېمەك، ئۇلار بىر قاراپلا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالغانىدى.

خەممەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇلارغا بىر نەرسىلەرنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقىدىنلا جانلىنىپ كېتىشتى. ھېلىقى چەت ئەللىكلەر دەسلەپتە خەممەتكە قاراپ ھەيران بولۇشتى. كېيىنچە گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يېقىن تۇغقىنىنى قايتا ئۇچرىتىپ قالغاندەك خەممەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى، ھەتتا ھې-لىقى ئالتۇن چاچلىق قىزمۇ خەممەتنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

مەرزىيە ئىككىمىز خەممەتكە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپلا قاپتىمىز، ئۇ تېخى ئېنگلىزچىنىمۇ بىلىدىكەن-دە!

خەممەت ئۇلارنى بىزگە تونۇشتۇردى. ئۇلار ئامېرىكىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلغىلى كەلگەنلەر ئىكەن.

ئۇلار بىز بىلەن رەسىمگە چۈشكەندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بىز يەنە ئاۋۋالقى جايىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئاينۇر نېمىشقىدۇر سەل خاپا ئىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزى گەپنى تەشتى:

— ئەجەب قىلىقى سەت نېمىكەنا.

— كىمنى دەيسىز؟ — دېدىم مەن.

— ھېلىقى مىس باش چەت ئەللىكچۇ، مېنى پارقىرىتىپ قويۇپلا ئۇيات بولار دېمەي ... ئاچچىقىم شۇنداق كەلدىكى، يۈگۈرۈپ بېرىپ چاچلىرىنى يۇلۇۋەتكىم كەپكەتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇچىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟ سىلەرمۇ مېنى مازاق قىلغىلى تۇردۇڭلارمۇ ئەمدى! — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ.

ئۇ بۇرنىنى ئۇچلاپ قارىغاينىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. خەمىت بىزگە كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە ئاينۇرنىڭ يېنىغا باردى:

— هەي، تاۋى نازۇك مەجنۇنتال! شۇنىڭغىمۇ ماي تارتىپ ئولتۇرامسەن؟!

— كەلمەڭ بۇ يەرگە، — دېدى ئاينۇر زەردە بىلەن، — هېلىقى مەس باشنىڭ يېنىغا بېرىڭ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بىز تېخىمۇ كۈلگىلى تۇردۇق. ئاينۇر ئاچچىقىغا پايلىماي يىغلىۋەتتى. خەمىت قىزىقچىلىقنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاينۇر يەنە ئېچىلىپ قالدى.

2

بۈگۈن خەمىتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى.

چاققانغىنە ئۆيدە خەمىت، مەرزىيە، ئاينۇر تۆتىمىز ئولتۇرىمىز. شىرەگەت ۋرلۇك نازۇ-نېمەتلەر تىزىلغان ...

بىز خەمىتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا سوۋغات تەقدىم قىلدۇق. ئاندىن قورۇملاردىن ئالغاچ پاراڭغا چۈشتۇق. خەمىتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىمىز بىر ئازدىن ئىچىشتۇق. بىرئاز قىزىۋالغاندىن كېيىن خەمىت بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ هېچكىمگە گەپ بەرمەي سۆزلىگىلى تۇردى. ئۈچىمىز گويا قۇشقاچ باللىرىدەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدۇق ...

بىز خەمىتنىڭ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. خەمىت گىتار بىلەن دەسلەپتە شوخ پەدىلەرگە كېيىن لەرزان ناخشىلارغا تىۋۋلاشقا باشلىدى. مەن مەرزىيەنى تانسىغا تارتتىم. بىر قولۇم بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاق قولىدىن يەنە بىر قولۇم بىلەن ئەۋرىشىم بېلىدىن تۇتتۇم. بىز ۋالىس كۈيىنىڭ مەيىن رىتىمىغا تەڭكەش بولۇپ، چاقپەلەكتەك پىرقىراشقا باشلىدۇق. مەرزىيە بۈگۈن نېمىشقىدۇر تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر، لەۋلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى...

مەن يەنە ئاينۇرنىمۇ تانسىغا تارتتىم. ئۇنىڭدا ئەركە ئۆسكەن شەھەر قىزلىرىغا خاس بىر خىل تەكەببۇرلۇق بار ئىدى. چىراي-شەكىل جەھەتتە مەرزىيەدىن قېلىشمايتتى. ئۆزىنى پەردازلاش جەھەتتە مەرزىيەدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن غايە، ئىجتىهات دېگەنلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدا بۇ دۇنيادا ياخشى كىيىنىپ، ئويناپ، كۈلۈپلا ئۆتۈپ كەتسەم بولدى دېگەندىن بۆلەك ئارتۇقچە ئارزۇ-ئارمان يوقتەك قىلاتتى.

گىتار چېلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. گەرچە مەن گىتار چېلىشنى ئەمدىلەتىن

ئۆگىنىۋاتقان بولسامۇ، گىتارنى قولۇمغا ئېلىپ «سېنى ئەسلەيمەن» گە چالدىم. خەمىت ئاينۇرنى تانسىغا تارتتى ... مەن ئىككىنچى ناخشىنى باشلىۋەتتىم. خەمىت بۇ قېتىم مەرزىيەنى تانسىغا تارتتى. مەن ناخشا ئېيتقاچ بۇ ئىككىسىگە قارىدىم: خەمىتنىڭ قاپقارا بۇرۇتى، قويۇق، توم قاشلىرى ۋە كېلىشكەن بەستى، مەرزىيەنىڭ بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرى، گىرىمسىز، تەبىئىي چىرايلىق ھۆسن - جامالى دىققىتىمنى تارتتى. خەمىتنىڭ يوغان قولى مەرزىيەنىڭ نازۇك بېلىدىن تۇتۇۋالغانىدى. مەرزىيەنىڭ ئاپئاق، ئىنچىكە قولى بولسا خەمىتنىڭ مۈرىسىدە ئىدى. مەن يەنە ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ئاينۇرغا قارىدىم. ئۇ گەرچە كۈلۈپ ئولتۇرسىمۇ، بىراق مەرزىيەگە بولغان كۈندەشلىكىنى يوشۇرالماي قالغانىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ماڭا جور بولۇپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدى.

مەن بارلىق پىكىر - خىيالىمنى گىتار بىلەن ناخشىغا مەركەزلەشتۈردۈم. گىتارنى تېخىمۇ كۈچەپ چېلىشقا، ناخشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ ئېيتىشقا باشلىدىم.

خەمىت بىلەن مەرزىيە تانسىنى ئويناپ بولۇپ ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەر بۇندىن كېيىن شۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، ئارمان ئىككىمىز مۇشۇ يەردە بىللە ئولتۇرىمىز، — دېدى ئاينۇر كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالماي.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈچىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

خەمىت بۇنداق چاغلاردا ئاينۇرنى تېخىمۇ تېرىكتۈرۈشكە ئامراق ئىدى، شۇڭا ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— ئورۇن ئالماشسا قىممەت ئۆزگەرمەيدۇ، مەرزىيەمۇ ئوبدان قىز، بولدى بۇندىن كېيىن ... — دەپ مەرزىيەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

مەرزىيە ۋىللىدە قىزاردى - دە، قولى بىلەن ئويماقتەك ئاغزىنى توسۇپ كۈلگىنىچە يەرگە قارىدى.

— بولدى، ئاينۇر قورقماڭ، — دېدىم مەنمۇ خەمىتكە ماسلىشىپ، — مەنمۇ خېلى ئوبدان يىگىت، خۇدا بۇيرۇسا سىزنى ھېچكىمگە خار قىلمايمەن.

بۇ گەپ بىلەن بىز يەنە كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئاينۇرنىڭ چىرايى بىر ئۆزگىردى - دە، يەنە زورىغا كۈلۈمسىرەپ خەمىتكە دېدى:

— بوپتۇ، سىزلا شۇنداق دېسىڭىز ...

ئۇ شۇ گەپنى دېدى - دە، شۈككىدە بولۇپ قالدى.

بىز تاكى ئاينۇر كۆزلىرىگە ياش ئالغاندىن كېيىنلا بۇ چاقچاقنى توختاتتۇق.

كەچ بولۇپ كەتكەچكە مەرزىيە ئىككىمىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتتۇق. مەن مەرزىيەنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن سەنئەت مەكتىپىگە ماڭدىم.

مەكتەپ دەرۋازىسىغا كەلگەندە مەرزىيە مەن بىلەن خوشلىشىپلا كىرىپ كەتتى. مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بىللە كىردىم ۋە ئۇنى چاقىردىم.

— نېمە گېپىڭىز بار؟ — دېدى ئۇ خۇش ياقمىغاندەك ماڭا قايرىلىپ.

— نېمانچە ئالدىرايسىز، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى! — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— كەچ بوپ كەتتى، ئاپتوبۇس توختاپ كەتسە پىيادە قالىسىز.

—پىيادە قالسام قالمايمەنمۇ!

مەن ئۇنى زورمۇ زور بىر توپ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە باشلاپ ئەكەلدىم.

بۈگۈن ئېھتىمال هاراقنىڭ كۈچى بىلەن بولسا كېرەك. ناهايىتى قورقۇمسىز، جۈرئەتلىك بولۇپ كەتكەنىدىم. مەرزىيەنى چوقۇم سۆيۈۋالىمەن دېگەنىممۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. شۇڭا مەرزىيەنىڭ قولىنى گەپ-سۆزسىزلا تۇتتۇم-دە، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇ نىيىتىمنى باشتىلا بىلىپ بولغان بولسا كېرەك، قولىنى دەرهال تارتىۋالدى-دە، ماڭماقچى بولدى. بۇ قېتىم مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ناهايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇنى بىراقلا قۇچاقلىۋالدىم ۋە مەڭزىگە چوكقىدە بىرنى سۆيۈۋالدىم. بىر چاغدا نېمە بولغىنىمنى ئۇقمايمەن، دەرەخ بويىدىكى چاۋالار ئارىسىغا گۈپپىدە يىقىلدىم. بېشىمنىڭ پەررىدە ئايلىنىپ كەتتى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ، ئاغزىمغا هاراقنىڭ ئاچچىق زەردابى ئۆرلەپ چىقتى. مەن چاۋالارنى قۇچاقلاپ ياتقىنىمچە، ئاچچىق سەسكىنىپ كەتتىم.



مەن تەسلىكتە ئورنىمدىن تۇردۇم. بۇ چاغدا مەرزىيە ئاللىقاچان ياتاق بىنا-سىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغانىكەن.

مەن ئەلەم بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم.

— مەرزىيە!

مەرزىيە ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قايرىلدى ۋە ماڭا «خوش!» دەپ قول-نى پۇلاڭلاتقىنىچە بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ مىززەدەككىنە مەڭزى لەۋلىرىمدە قالغانىدى. مەن گويا بىر پىيالە هەسەل-گە تىلىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزە-تەگكۈزمەيلا يېيىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندەك لېۋىم-نى يالىغان هالدا دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

«نېمىلا بولغان بىلەن ئۇنى بىر سۆيۈۋالدىم، — دەپ ئويلىدىم ياتاق بىناسىغا قاراپ، — شۇ بىر سۆيۈۋېلىش مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۈشكۈل بىلىنگەنىدى-ھە. بۇمۇ هاراقنىڭ ئەۋزەللىكى. هاراق ئىچمىگەن بولسام بۇنچىلىك غەيرەتنى نەدىن تاپاتتىم.»

مەن بارغانسىرى ۋۇجۇدۇمنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تومۇرلىرىمۇ ھاياجانلىق ئېقىنلار بىلەن كۆپۈشمەكتە ئىدى.

3

مەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلىگىلى تۇردۇم. مەرزىيەنى سۆيۈۋالىمەن دەپ ئاخىر يەر قۇچاقلاپ قالغىنىمنى ئويلىساملا يۈزۈم چىمىلدايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىم چىقمىسام ئۇ مەندىن خىجىل بولۇپ قارىماي قويۇشى ياكى بولمىسا ئەدەبىسىزدىن ئەدەبىسىزگە سېلىتىپ تىللاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مۇزدەككىنە مەڭزىدىن بىر غۇنچە ئۆزۈۋالغىنىمنى ئويلىساملا، ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرالماي قالىمەن...

مەن بىر ھەپتىنى ئەنە شۇنداق ئارامسىزلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. شەنبە كېلىشىگىلا يەنە ئۇنى ئىزدەپ چىقتىم.

مەرزىيە مېنى كۆرۈپ دەسلەپتە قولىقىدىكى ئالتۇن ھالقىنىڭ ياقۇت كۆزىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن يەنە توپىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپا بولغىنىنى ياكى خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەن ئۆزۈمنى ھەر قانچە تەمكىن تۇتساممۇ، ئالدىمدىكى چاي قويۇلغان ئىستاكاننى ئېلىۋېتىپ قولۇم تىترەپ كەتتى. ئۇنى سۆيۈۋالغانلىقىم ئۈچۈن مەغرۇرلىناي دېسەممۇ چاۋالارنى قۇچاقلاپ يېتىپ قالغىنىمنى ئويلىسام يەنە نومۇستىن ئۆرتىنەتتىم. مەرزىيەنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتىم. ئۇمۇ كۆزىنى يەردىن ئالماي جىم ئولتۇراتتى.

مەن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغان، مەرزىيە بۇغدا كۆلىدە سىزغان ھېلىقى رەسىمگە قارىدىم. رەسىم بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، كۆركەم بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بىرەر ژۇرنالغا بەرسە بولاتتى.

— ئەجەب پەيزى چىقىپتۇ! — دېدىم مەن رەسىمگە قاراپ.

— يەنە ئىشلەيدىغان يەرلىرى بار.

شۇ گەپ بىلەن بىز يەنە تەبىئىي ھالدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

قايتار چېغىمدا ئالدىنقى قېتىم كەچتە ئۆزۈمنىڭ تەنتەكلىك قىلىپ قويغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئەمدىلا ئەپۇ سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ سۆزۈمنى تارتىۋالدى.

— قويۇڭە سىزنى، ھارلىق ئىچىۋالسىڭىز باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالىدىكەنسىز، سىزمۇ خەمىتتەك ئېغىر - بېسىق ئولتۇرالىسىڭىز ئىچىڭ...

ئۇنىڭ يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە خەمىتنى ماختاپ، مېنى چۈكۈرۈشى ماڭا بىر ئاز ھار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چىش يېرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىم.

## 4

ھايات ئايىنىڭ كۆلدىكى تىنىق شولىسىغا ئوخشايدۇ. ئەمما غايە ۋە سەبىي تەسەۋۋۇرلار ئۇنى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان يالقۇندەك كۆرسىتىدىكەن. مەنمۇ بۇ مەكتەپكە كېلىپ سىنىپقا تۇنجى قېتىم كىرگەندە ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا ئىدىم. ئۆز كەسپىمدىن نەتىجە يارىتىش بىلەن بىرگە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بىر نەچچە رومان يېزىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگەندىم، ھارماي ئىزدەندىم. ئۆزۈمچە بىر نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ باقتىم. لېكىن ئاقىۋەتتە ھېچبىر نەتىجىسى بولمىدى. مەن ئىزدەنگەنسېرى ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر بىلىمسىز، بىچارە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئىلگىرىكى روھىي غالىبلىقىم پەقەت باللارچە ھېسسىياتنىڭلا مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

بەزىدە مەن ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالىمەن. نەتىجە يارىتىش ئىستىكى مېنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ھارماي ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلسا، مەرزىيەنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئىستىكى مېنى كېچە - كېچىلەپ خىيال سۈرۈشكە، ۋاقتىنى ھەسرەت بىلەن ئۆھ تارتىپ بىكار ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدىغان بولدى. بەزىدە ئىككىنچى ئىستەك مېنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالاتتىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ھەتتا جېنىمنىمۇ ئاتىۋېتەتتىم. ئۆزۈم دەرسخانىدا ئولتۇرغىنىم بىلەن خىيالىم مەرزىيە بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرگە كېتىپ قالاتتى. بىر چاغلاردا ئېسىمگە كېلىپ - ھەي ئارمان، سەن شۇ كۈنلەردە نېمە بولۇپ قالغانسەن، مۇشۇنداق مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ يۈرۈۋەرسەڭ، قانداقمۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايسەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى جېملەيتتىم.

— مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلايتتىم، — بەلكىم چوڭلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ قانچىلىك ئازابلىق بولسا شۇنچىلىك شېرىن بولىدىغاندۇ...

مەن ئەنە شۇنداق تەشۋىش، ئىزتىراپ ئىچىدە ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرى يەنە مەرزىيەنى ئىزدەپ سەنئەت مەكتىپىگە باردىم. بىراق ئۇ ياتاقتا يوق ئىكەن.

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى چىراغلار سۈس يېنىپ تۇراتتى. مەن بىر چاغلاردا مەرزىيە ئىككىمىز كۆكتىكى تولۇن ئاينى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەچكى كۈگۈمنىڭ ئۆچۈش ئالدىدىكى مەيۈس قىزىللىقىغا تىكىلدىم...

مەن پات - پات ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ۋە يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ قوياتتىم، لېكىن مەرزىيە زادىلا كۆزۈمگە چېلىقمايتتى. مەن شۇ تەرىقىدە ئورۇندۇقتا يېرىم سائەتچە ئولتۇرغاندىن كېيىن مەكتەپتىن چىقىپ، ئاپتوبۇسقا

ئۇلتۇردۇم-دە، كىنو كۆرگىلى ئۇدۇل ئىتتىپاق كىنوخانىسىغا باردىم. كىنو باشلىنىشقا يەنە يېرىم سائەت بار ئىدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا تۇرۇپلا قالدىم، ئالدىمدا خەمىت بىلەن مەرزىيە كىنو ئېلانلىرىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن تۇرۇشۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى، ئاندىن پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ماڭا قىلىنغان ھاقارەتتەك بىلىنىپ كەتتى. مەن شۇنداق غەزەپلەندىمكى، بىر سەكرەپلا خەمىتنىڭ گەجگىسىدىن بۆركۈتتەك قاماللاپ ئالماقچى بولدۇم. بىراق پۇتلىرىم گويا يەرگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندەك قىمىرمۇ قىلمايتتى. مۇشتلىرىم چىڭ تۈگۈلگەن، چىشلىرىم كىرىشكەن ھالدا ئۇلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن...

بىر چاغدا ئۇلار كىنوخانىغا كىرىپ كەتتى.

ماڭا بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت گويا بىر يىلدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كىرىپ ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتەيمۇ، ئاۋۇ مەرزىيە دېگەن ۋاپاسىزنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالايمۇ؟ دەپمۇ ئويلىدىم...

مەن كىنوخانا ئالدىدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇ تاپتا ساقچى ئاپشاركىلىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. «مەيلى نېمىگىلا ئوخشاي، بۈگۈن ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىمەن. ئۇلار كىنوخانىدىن چىققىچە ساقلايمەن». مەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم-دە، كىنوخانا ئالدىدا ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغىلى تۇردۇم.

نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى-دە، ئۇدۇل دەريا بويىغا كەلدىم.

يامغۇر سىمىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن بارلىق ئازابلىرىمنى دەريا ئېقىنىغا تۆكۈپ، دەرد بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىچىمنى بوشىتىۋالسامۇ بولاتتى. بىراق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋەردىم.

يامغۇر تېخىمۇ ئەدىگىلى تۇردى. بەلكىم تەڭرىمۇ مېنىڭ بۇ بەختسىزلىكىم ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىۋاتقاندۇ...

مەن تۇرۇپلا يەنە مەرزىيەنىڭ كۆزلىرىمگە سىڭىشىپ كەتكەن سەبىي چېھرىسىنى ئەسلەپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر پەس بولسىمۇ ئارام تاپقان يۈرىكىم چوغ ئۈستىگە قويۇلغان كاۋاپتەك پىژىلداشقا باشلىدى. مەن يەنە خەمىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ كۆزلەر ماڭا ئۆز ۋاقتىدا تولىمۇ نۇرلۇق ۋە ۋىجدانلىق بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. ئەمدىلىكتە يىرتقۇچ بۆرىنىڭ قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

چاچلىرىم ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى بوينۇمدىن كىرىپ ۋۇجۇدۇمغا تېترەك ئولاشتۇرماقتا ئىدى. بىردەمدىلا ئۇستىبېشىم چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتتى. ئايىغىمنىڭ يېنىدىلا يامغۇر سۇلىرى تەرەپ-تەرەپكە تارامىلاپ سويلىماقتا ئىدى. مەن خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغان ھەيكەلدەك دەرياغا قاراپ تۇرۇۋەردىم...

5

مەرزىيەنىڭ يۈزىگە ئىككىنچى قارىماسلىقىم، ئۇنىڭغا مەڭگۈ نەپرەتلىنىپ ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدىغۇ. نېمىشقا يەنە ئۇنى ئىزدەپ كېلىمەن؟ بۇ يەرگە زادى نېمە دەپ كەلدىم؟ مەرزىيەگە يالۋۇرغىلى، ئۇنىڭغا يېلىنغىلى، ئۇنىڭدىن بىچارىلارچە خەيرىخاھلىق كۈتكىلى كەلدىممۇ؟ ياق، مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشنى خالىمايمەن. بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتۈشكە رازىمەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى سۇندۇرمايمەن.

مەن مەرزىيە ياتىدىغان ياتاق بىناسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدىم. گەرچە ئىچىمدە مەرزىيەگە ھەر قانچە نەپرەتلەنسەممۇ، ئۇنى پاتراق كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم.

مەن ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغىلا مەرزىيە رەسىم جازىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىمدىن چىقىپ قالدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يەنە بارلىق خاپىلىقلىرىم ئۇنتۇلغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يىللىق ئېقىم تارالغاندەك بولدى. يۈرىكىممۇ تېز - تېز سوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نەپرەت ئەمەس، شاش ئاتتەك ئوقچۇپ تۇرغان ئەسەبىي سۆيگۈ بىلەن قارىدىم.

— ھە، ياخشىمۇسىز؟

— ئۆزىڭىزچۇ؟ — دېدىم مەنمۇ، بىراق ئاۋازىم نېمىشقىدۇر بىر ئاز قوپال چىقىپ كەتتى.

مەرزىيە ماڭا تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

— ياتاققا كىرىڭ، — دېدى ئۇ ناتونۇش ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك تەمتىرەپ.

— بولدى، كىرمەيلا قوياي.

مەرزىيە شۇ تاپتا كەچلىك تەكرارغا ماڭغانىدى، شۇڭا ئالدىراپ تۇراتتى. بىز يەنە بىر پەس ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدۇق.

— نېمىشقا مېنى ئىزدىمەس بولۇپ قالدىڭىز؟

— دەرسلىرىم بەك ئالدىراش، — مەرزىيە يەردىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— بىلىمەن، — دېدىم مەن بىردىنلا يەنە ئۇنىڭغا نەپرىتىم ئېشىپ، — يېڭى چاپان كىيگەندىن كېيىن كونىسىنى سېغىنىۋەتمىسە بولمايدۇ - دە؟!

مەرزىيە ماڭا ئەندىكىش ئىچىدە يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىلارغا بەك ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆز گۇناھىنى تونۇغاندەك يەرگە قاراپ جىمىدە تۇراتتى. چىرايى بوزۇرۇپ بىر قىسمىلا بولۇپ كەتكەنىدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى مەرزىيە ئېغىر ئېلىپ. كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاندىن ئۇ بىردىنلا غەيرەتلىنىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن مەندىن كەچۈرۈم سوراۋاتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەندىن بىزار بولغانلىق تۇيغۇلىرىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام، ھەتتا كاچىتىغا بىرەر تەستەك سالسامۇ يوللۇق ئىش قىلغان بولاتتىم. بىراق ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئەمەس، ئالىيىپ قاراشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

يازنىڭ يىللىق شامىلى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى توختىماي شىلدىرلىتاتتى. يېقىنلا يەردىن نەيىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلارغا ناخشا-ئۇسسۇل سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاۋاز مەشق قىلىپ ھەر خىل توۋلاشلىرى قوشۇلۇپ پۈتۈن مەكتەپ ئىچىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى، لېكىن ماڭا ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىلەر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

— سىز نېمىشقا ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى مەندىن يوشۇرىسىز؟ — ئارىدىكى جىملىقنى يەنە مەن بۇزدۇم.

مەرزىيە ماڭا لەپپىدە قارىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خىجالەتچىلىك ئوچۇق بىلىندى. لېكىن ئۇ يەنىلا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋەردى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتتىم. يولدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا مېنىڭ بۇ ھالىمغا كۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى. بىر كۆمۈتا ئۇدۇل ئۇچۇپ كەلدى-دە، كۆزۈمگە ئۆزىنى ئۇردى. بۇ ئۆلەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش بولدى. مەن ئاچچىق بىلەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىدىم. ئەتراپ كۆزۈمگە ئىمىر-چىمىر كۆرۈنۈپ كەتتى. دەرەخ، يول ۋە ئاسماندىكى بۇلۇتلارمۇ ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك، ۋاي، بىچارە، ئېست، ھالىڭغا ۋاي! دەپ باشلىرىنى چايقاۋاتقاندەك بىلىندى.

نېمىشقا مەرزىيەگە ئۆتكۈزۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىدىم؟ — مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىگىلى تۇردۇم، — ئۇ ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانىكەن، نېمىشقا يەنە ئىزدەپ كېلىمەن؟!

مەن خىلمۇ خىل خىياللار بىلەن مەكتەپكە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى تۇيمايلا قالدىم. مەكتەپ دەرۋازىسىغا كىرىشىم بىلەنلا ماڭا ئۇدۇللاپ كېلىۋاتقان ئاينۇرنى كۆرۈپ قالدىم.

— سىزنى ئىزدەپ ياتىقىڭىزغا كىرسەم يوقكەنسىز.

ئۇنىڭ شۇ گېپىدىنلا ماڭا دەيدىغان گېپى بارلىقىنى بىلدىم.

مەن ئۇنى خالىيراق يەرگە باشلىدىم.

— سىز نېمىشقا مەرزىيەگە گەپ قىلمايسىز، — دېدى ئاينۇر كۆزلىرىگە ياش ئالغاندەك قىلىپ، — ئۇ خەمتىنى ئازدۇرۇپ يۈرۈپتۇ. سىز ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، نېمىشقا مەرزىيەگە كېپىڭىزنى يېگۈزەلمەيسىز؟!

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى جېنىمغا تەگدى.

— قويۇڭچۇ بۇ گەپلەرنى، — دېدىم مەن بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز ياخشى كۆرگەن قىز سىزنى تاشلاپ باشقا بىرىگە

ئەگىشىپ يۈرسە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمامسىز؟ سىزدە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ سىزنىڭ نەرىڭىزنى ئوغۇن بالا دېگىلى بولسۇن.

ئادەم بىرىدىن ئازار يېسە، ئۇنىڭدىن ئالالمىغان ئۆچىنى باشقا بىرىدىن بولسىمۇ ئېلىشۋېلىشنى ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. ئايىنۇر مۇشۇنداق ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك، خەيرىيەت، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، بىراق ئايىنۇر ئۆچىنى مەندىن ئالغان بىلەن مەن ئۆچۈمنى كىمدىن ئالىمەن؟

ئايىنۇر بىر پەس ماڭا قاتتىق تەگكەندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى ۋە يېلىنغان ئاۋازدا:

— جېنىم ئارمان، سىز مەرزىيەگە گەپ قىلىسىڭىز بولاتتى، خەمىت مېنى تاشلىۋېتىدىغان بولسا، مەن... — دېدى-دە، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

مېنىڭ بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىممۇ ئايىنۇرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىسكىن يۈرىكىگە مەندىن تەسەللى ئىزدەيدۇ. مەنمۇ بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇشنى، يەنە ھېلىقىدەك كۆڭۈللۈك ھاياتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىراق ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئېرىشىدىغىنى چۆلدە چاڭقاپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئۇچرىغان ئالۋۇنغا ئوخشاش، مەزگىللىك كۆڭۈل ئارامىلا، بەس.

— بۈگۈن چۈشتە خەمىتنى ئىزدەپ بارسام يەنە شۇنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. ئاچچىقىمدا ئارقامغا بۇرۇلۇپلا قايتىپ كەلدىم. قانداق قىلىمەن، قىز بالا دېگەن ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاجىز كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم. سىز نېمىشقا مەرزىيەگە گەپ قىلمايسىز؟ ئۇنىڭغا مەن نېمە يامانلىق قىلغان؟.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى.

— بولدى سۆزلىمەڭ! — دېدىم مەن غەزەپتىن غال-غال تىترىگەن ھالدا، — ماڭا ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلماڭ! ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

ئايىنۇر مېنىڭ ئەلپازىمغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى ۋە جىمىمدە بولۇپ قالدى. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا مەن بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

«سىزمۇ ئوغۇل بالىمۇ؟»

ئايىنۇرنىڭ شۇ سۆزى قۇلىقىم تۈۋىدىن زادىلا نېرى كەتمەي، يۈرىكىمنى سېرىدق ھەرىدەك چاققىلى تۇردى.

— مەن ئوغۇل بالىمۇ؟ — مەن ئۆز-ئۆزۈمدىنمۇ شۇنداق سورىغىلى تۇردۇم، — نېمىشقا خەمىت دېگەن نېمىنىڭ جاجىسىنى بەرمەيمەن؟ ئۇ مېنىڭ بەخت گۈلۈمگە چاڭ سېلىۋاتقان يەردە، مەندە ئۇنىڭغا نەشتەر سانجىغۇدەك جۈرئەتمۇ يوقمۇ؟ باشقىلار مېنى بوزەك قىلىۋاتسا مەن نېمىشقا قاراپ تۇرىمەن؟

(داۋامى كېلەركى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مەھەممەتجان راشىدىن

# كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەر

## سەن ئۈچۈن كۆتۈرىمەن ھەر قەدەھنى

ئىچتى، دەپ ئەيىب ئەتمە مېنى، گۈلۈم،
تەكتىگە يەتمەي تۇرۇپ بۇ «ئەيىب»نىڭ.
نە ھېكمەت، قانداق قىسسە باش كۆتۈرگەن،
بىلەمسەن، ئارقىسىدا بۇ كەيپىنىڭ؟!

مەيخۇمار بولۇپ قالدىم، يوشۇرمايمەن،
سىنىمۇ باردۇر ئاڭا قوشۇپ ئىچكۈم.
بار مېنىڭ، زۆرۈر بولسا، مەينى سەنچۈن
ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن توشۇپ ئىچكۈم.

بىر ئىشنى چۈشەنگەنسەن شۇ سۆزۈمدىن،
مەي ئىچسەم ئىچكىنىمنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن.
نە ھاجەت ئۇندىن ئارتۇق جاۋاب يەنە،
ئېيتقىنا، ئىچمەك، دېگەن سۆزۈڭ ئۈچۈن؟!

كېلىدۇ تەبرىكلىنىپ شۇ قەدەھتە
ۋىسالىنىڭ تەنتەنىسى بىز ئېرىشكەن.
بىز چىراغ ئەمەسمىزغۇ، چۈنكى، ئاشۇ
ئايرىلىش بورانىدا بىر-بىر ئۆچكەن.

ئېيتقىنا، ئاز تارتتۇقمۇ جۇدالىقنى،
نە قالدى بىز كۆرمىگەن مۇشەققەتتىن؟
بېشىڭدا تاج بولسىمۇ، تەنھالىقتا
ئۇ ئۈستۈن ئەمەس ئىكەن مۇھەببەتتىن.

كۆپ سۆزلەپ نېمە قىلاي ئۇ يىللارنى،
كەلگەنتۇق ئازابىغا كۆنەلمەستىن.
بىز گويا كاككۇك بىلەن زەينەپ بولدۇق
بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەستىن.

مەن سېنى ئۇنتۇمىدىم نەدە بولسام،
دەست تۇردۇم سۆيگۈڭ بىلەن، يىقىلسامۇ.
ئۈلگىيىپ باردى ساڭا ئاشىقلىقىم،
سەن ئۈچۈن مەيلى دارغا ئېسىلسامۇ.

گاھ ئۈمىد ئىلكىدىمەن، گاھ كۈنلىرى
ئۆزۈمگە ئۆزۈم كېپەن پىچىپ يۈردۈم.
دەردىگە چىدالماستىن شۇ كۈنلەرنىڭ،
سەن ئۈچۈن يىغلاپ، يەنە ئىچىپ يۈردۈم.

دېمەككى، جىمى دەردكە ئۆزۈڭ سەۋەب،
سەن بولدۇڭ مېنى مەيگە ئۆگەتكەنمۇ.
توزغاقتەك توزۇپ گويا ھىجرانىڭدا،
پىراقىڭ بولدى مېنى تۆگەتكەنمۇ.

يۈرەلمەس بولۇپ قالدىم مەي ئىچمىسەم،
دەردىمنى بىلىپ كەتتى مەيپۇرۇچمۇ.
تولغانتى مەيخانىلەر دەردمەنلەرگە،
مەي بىلەن بېسىلاتتى ئاھ ئۇرۇشمۇ.

يانانتىم تام ياقىلاپ كېچىلەردە،
خىيالىم سەن بىلەن بىللە ئىڭشىغانچە.
مەي ئىچىپ ئۆتكۈزسەممۇ تالاي يىللىنى،
كەلگەنتىم ئۇچۇرۇڭنى تىڭشىغانچە.

مەي ماڭا ھەمراھ ئىدى، ئەسرا ئىدى،
كۈندە بىر قەدەھ بىلەن مۇڭدىشاتتىم.
ھەر كېچە ئۆزۈم ساقى، ئۆزۈم مېھمان،
سايەڭنى خىيال بىلەن قوغلىشاتتىم.

ھىجرانلىق يىللار ئۆتتى شۇ مەي بىلەن،
دەردىمگە دەۋا بولدى شۇنىڭ ئۆزى.
دوستۇمغا ئايلىنىپتۇ مەيمۇ ئاستا،
سۇ ئىچىپ يۈرىكىمنىڭ دالا - تۈزى.

* *

ئېيتقىنا، ھىجرانلاردا ھەمدەم بولغان
بىر دوستتىن يۈز ئۆرەمدىم ۋىسال كۈنى.
سەن بىلەن تېپىشقاندا، چاۋاك ئۇرغان،
قىلمەن چىن دوستلارغا مىسال ئۇنى.

مەي دېگەن ھەسرەتكىلا يارالمىغان،
ئۇ، بىلسەڭ، يارىشىقى شادلىقنىڭمۇ.
ئۇنتۇلار ئاشۇ ئۆتمۈش ھەر قەدەھتە،
بەزۇدە كەتكىنى ھەم ياشلىقنىڭمۇ.

سەن ئۈچۈن كۆتۈرىمەن بۈگۈن ئۇنى،
شادلىقتا، يىغلاپ ئەمەس، كۈلۈپ تۇرۇپ.
قانداقچە ئېيتىپ كۆردۈك ئۇنى ماڭا،
ئېيتقىنا، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ؟!

سەن ئۈچۈن كۆتۈرىمەن ھەر قەدەھنى،
ھەر كۈنى مۇبارەكلەپ مۇرادىمنى.
خالىي بول تەشۋىشلەردىن،
سەن تۇرغاندا
مەي بىلەن يوقاتمايمەن ئەس - يادىمنى.

ھۆسنۈڭگە قاراپ تۇرۇپ ئىچكىنىمنى،
قۇياشقا قاراپ تۇرۇپ ئىچتىم، دەيمەن.
ھەر قەدەھ تارالغاندا ۋۇجۇدۇمغا،
سەن بىلەن خۇددى كۆكتە ئۇچتۇم،
دەيمەن.

چۈشەنگىن، ھەر قەدەھنى كۆتۈرگەندە،
مېنى ئۇ يېڭىباشتىن سۆيمەكتە، دەپ.
دەۋەرگىن جىمى قولۇم - قوشناڭغىمۇ،
يۈرىكى يېڭىباشتىن كۆيمەكتە، دەپ.

كۆتۈرەي ئاشۇ مەيدىن بىرنى يەنە،
كەل گۈلۈم، ئۆز قولۇڭدا قۇيۇپ بەرگىن.
بىر قەترە يۇتمىساڭمۇ مەيلى يۇتما،
مەينى دەپ ماڭا يېقىن تۇرۇپ بەرگىن.

* *

ئىچتى، دەپ ئەيىب ئەتمە مېنى، يارىم،
تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپ بۇ «ئەيىب» نىڭ.
بىر خۇرۇر باش كۆتەردى ئاشىقىڭدا،
چۈشەنسەڭ ئارقىسىدا بۇ كەيپىنىڭ.

## شائىرلىقنى ئويۇن دەپ قالماڭ

بۇ كوچىغا ئاۋايلاپ كىرىڭ،
تاش پاتىدۇ ئايىغىڭىزغا.
بۇ كوچىدىن لاپ ئۇرماڭ ھەرگىز
سۆز بەرگەندە لايىقىڭىزغا.

ئۇزۇن كوچا، بۇ كوچا شۇنداق،
ئاخىرىغا چىقماق مۇشەققەت.
گۈللىرى بار قول يەتمەس يەردە،
تىكەنلىرى قىلمايدۇ شەپقەت.

قار - يامغۇرى كۈندە ئۆكسمەس،
خالىي ئەمەس قۇمدىن، بوراندىن.
تومۇزلىرى تونۇردىن ئىسسىق،
گاھ كۈنلىرى كېچىسىز جاندىن.

بۇ كوچىغا كىرىپ تالايلار،
چىدالمىدى، يىقىلدى - ياتتى.
بوش باغلاپتۇق بېلىمىزنى، دەپ،
ئوزغانلارغا قاراپ ئۇھ تارتتى.

ئالقىشلارغا خۇش بولغان بىلەن،
چىدىماق تەس مەسخىرىلەرگە.
ئىجاد دېگەن ئاسان ئىش ئەمەس،
كۈنلەر ئۆتەر چېلىشىپ تەرگە.

بۇ كوچىدا كۈندە توي بولماس،
كۈندە مېھنەت، گاھ، گاھ مەرىكە.
ئىسسىقدىن سوغۇقى تولا،
كۈنەلمەيدۇ ئۆسكەنلەر ئەركە.

كېچەلەمسىز يازدا قوقاسىنى،
كۈنەلەمسىز دەشتۇ - سەھراغا؟
قازالامسىز يىگنىدە قۇدۇق،
سەكرەلەمسىز قىشتا دەرياغا؟

بۇ كوچىغا قىلماق تەۋەككۇل،
ئۆزىڭىزنى كۆرمەستىن دەگسەپ.
تەمە قىلماق ئۇندىن پەيتۇنلار،
كۈتۈپ يۈرمەك ياكى تاج - مەنسەپ.

ئۇزۇن كوچا، بۇ كوچا شۇنداق،
باش - ئۇچىغا كۆزىڭىز يەتمەس.
شائىرلىقنىڭ شەرھىنلىرىدىكە،
دېمەك، بۇندىن ئارتۇق سۆز كەتمەس.

## مەن يوق

تۈمەن شۈكرى، بۇ دۇنيانىڭ ئەمەل غەۋغاسىدا مەن يوق،
ئېگىز شاخلارغا قونماقنىڭ تەمە تاۋكاسىدا مەن يوق.
مېنى ئىزدەڭ ئېتىزلاردىن، قولۇمدا نان يارالمىشتۇر،
ئۆزىنى ئاي دېگەنلەرنىڭ نەسەب ماجراسىدا مەن يوق.
چىمىدە كەم يارالغان جان جاھاندا، بەلكى، مەندۇرمەن،
كۆرۈك تىڭشاپ، چېچەنلەرنىڭ ئەقىل دەۋاسىدا مەن يوق.
چېچىپتۇ يەرگە رىزقىمنى، شۇ يەردە دانلىدىم، ياتتىم،
ھەۋەستە قارلىغاچلارنىڭ ئېگىز بىناسىدا مەن يوق.
كۆرۈنگەن گۈلنى ھېدلاشقا ئەمەسمەن كېپىنەك نەسلى،
كۆرۈنگەن گۈلگە قونغاننىڭ كۆكۈل شەيداسىدا مەن يوق.
مېنىڭ قايمۇقىنىم باردۇر، لېكىن قۇتراشنى بىلمەيمەن،
سوراڭلار، قاغا، قۇزغۇننىڭ زەئىپ پەرۋازىدا مەن يوق.
يامانغا ياخشىنى چاقىقان زۇغۇيلار زاتىغا ياتمەن،
يايىاق كەلدىم ئۇزاق يولدىن، شۇلار ھارۋىسىدا مەن يوق.
گۆھەردىن ئەتىۋار بىلدىم كىشىگە جۈملە ۋىجدانىنى،

شۇ ۋىجدان ئەسلى مۈلكۈمدۇر، مۈلۈك دەۋاسىدا مەن يوق.
ئېلىگە ئەجىرسىزلەردىن ئۆزى ئۆنگەن شەۋاق ياخشى،
شۇڭا، ئەپسۇس كىتابلارنىڭ شەرەپلەر بابىدا مەن يوق.
دېمەك، شادلىق بىلەن ھەسرەت ئېتىسىغا مىنگىشىپ كەلدى،
دېمەيمەن شۇ سەۋەب ئەمدى: تامام مەيخانىدە مەن يوق!

**ھوشۇر ئىبراھىم**

# غەزەللەر

## 1

ئەل سېنى ئەلا بىلىپ مەنسەپنى بەردى دوستىما،
گۈل قىلىپ، باشقا ئېلىپ ھۆرمەتنى بەردى دوستىما.
تەكتىدىن بىلسەڭ خەلقىنىڭ چاكىرى بولغىن، دېگەن
مەنىلىك بۇيرۇق يەنە پۈرسەتنى بەردى دوستىما.
ئەل غېمى—ئەلنىڭ غېمى، ئەل قەلبىنى سۆزلەيدۇ دەپ،
ئەڭ ئۇلۇغ شانۇ-شەرەپ نۇسرەتنى بەردى دوستىما.
ئەل ئۇچۇن سويما سېلىپ، قوغۇن بولۇپ پىشماق كېرەك،
بىباھا، ئاتەش يۈرەك خىسلەتنى بەردى دوستىما.
نەگە بارساڭ چوڭ-كىچىكلەر باش ئېگەر تەزىم بىلەن،
ئۆيگە كىرسەڭ تۆرگە خاس ئىززەتنى بەردى دوستىما،
سەن بىلىپ ئەل قەدرىنى ئەلنى ئۇلۇغ بىلسەڭ ئەگەر،
تاجۇ-تەخت، ئابرويغا ماس خىزمەتنى بەردى دوستىما،
ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك، ئەلدىن ئۆگەن، ئەلگە يېپىش،
ئەل بىلەن ئەر يۈكسەلەر، ھېكمەتنى بەردى دوستىما،
گەر ئۆزۈڭنى چاغلىماستىن ئەلنى بىلسەڭ دۆت، نادان،
ئەرزىمەس خەستىن بەتەر قىممەتنى بەردى دوستىما،
ئەلگە تۈزكورلۇق قىلىپ بەرگەن تۇزنى خارلىساڭ،
بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىممەتنى بەردى دوستىما،
بۇ ھەقىقەت قامۇسىنى مەن ساڭا تەقدىم قىلاي،
تەمىنى بىلسەڭ شېرىن لەززەتنى بەردى دوستىما.

## 2

كۆزۈڭدىن چاقنىغان ئۇچقۇن پىلىلداپ قاپتۇ ئەي جانان،
دىلىڭدا بىر خاراموشلۇق، يۈزۈڭنى توستىمۇ مانان؟
ساڭا كىملەر ئازار قىلدى، رەشكتىن سۇندىمۇ كۆڭلۈڭ،
ۋە يا ئاسىي-ۋاپاسىزلار يۈرەككە ئاتتىمۇ پەيكان؟
نېچۈنكى ئاھۇدەك ھەسرەت ئىچىدە ياش تۆكەر بولدۇڭ،
قىلار ھېس ئېزگۇ ھالىڭنى سېنى بىلگەن جىمى ياران:
بېسىپ چۈشكەي بىۋاق دۇمباق ئۈنى تەمبۇر ئاۋازىنى،
ئىپار ھىد بەزىدە ئەمەن پۇراقى ئالدىدا نېمجان.
يېقىمسىز قارغا ئاۋازى بېسىپ كەتكەندە كاككۇكنى،
سېغىنغانمۇ شاراقلايدۇكى بۇلبۇلنى قىلىپ سەرسان...
ھاياتلىق بەزىدە شۇنداق، ۋاقىتلىق ئالىمشار ئىشلار،
ئۆكۈنمە، دىل ئازارىدا يۈرەكنى چاك ئېتىپ ھەرئان،
رېئاللىق ھەممىدىن ئەلا، ھەقىقەت ئېگىلەر سۇنماس،
ھامان تەمبۇر يەنە كاككۇك بىلەن بۇلبۇل قىلار خەندان،
شۇ يەڭلىغ ئەرش قۇياشىدەك كۈلەرسەن شاد-خۇرام قەھ-قەھ
سېنىڭ ئىشقىڭدا گۈليارنىڭ دىلىدا يانغۇسى گۈلخان،
نېمە بەدبۇي، نېمە خۇشھىد باھالايدۇ ئۇنى ئەل-يۇرت،
جىمى ئىمكان كۇشادە ھەم ئادالەت شاھىدۇر دەۋران!

## 3

چىقمىدىڭ جانان مانا قاپقاڭنى قاقسام مەيلىمۇ،
ياكى ئۆگزەڭگە سىنجىل چالمىنى ئاتسام مەيلىمۇ.
تۈنۈ-تاڭ ئىشقىي ۋىسالىڭ ئىلكىدە بىمار بولۇپ،
رەنجىمە شىپا تىلەپ ئۆيۈڭنى باقسام مەيلىمۇ.
كۆكتىكى يۇلتۇز مەسىلىك كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ،
رەج-بىتاب بولۇپ كۆيەك دەردىنى تارتسام مەيلىمۇ.
قانچە دوزاخ ئوتلىرى يەتمەيدىكەن ئىشىق ئوتىغا،
ئەمدى باغرىمنى قىلىن مۇزلارغا ياقسام مەيلىمۇ.
ئاھ، نېتەي تۇتتى خۇمارىڭ مەن ياقامنى چاك ئېتىپ،
ئاچچىقىمغا پايلىماي يانتاقتا ياتسام مەيلىمۇ.
ياكى ئەل-يۇرت ئالدىدا شەرمى-ھاياسىزلىق قىلىپ،
گۆش كانارىغا يالاڭ جىسمىمنى ئاسسام مەيلىمۇ.

يا سېنى زوھرا كەبى ھىجران ئوتىدا قالدۇرۇپ،
خۇددى تاھىردەك ئۇلۇغ دەريادا ئاقسام مەيلىمۇ.
شەۋرى جامىم تولدى ئاخىر مەن بوسۇغاڭدا يېتىپ،
ساڭا قۇربانلىق بولۇپ قانىمنى چاچسام مەيلىمۇ.

4

مەن بىر مايسا سەن ماڭا كۆلگۈن باھار ئەمەسمۇ،
خەستە، كۆڭلۈم ھۇزۇرى مەڭزىڭ گۈلزار ئەمەسمۇ.
گۈل بەرگىدۇر لەۋلىرىڭ ئاغزىڭ گۈلاپ جامىدۇر،
بېقىشلىرىڭ تەنگە جان، زەپ جىلۋىگەر ئەمەسمۇ.
كىرپىكلىرىڭ قوش قىلىچ، قېشىڭ ئاينىڭ ئەندىزى،
زىناقلىرىڭ مەرۋايىت بويۇڭ چىنار ئەمەسمۇ.
مەن قىزىلگۈل باغدىكى يىلتىز سۇرۇپ ئايىنغان،
ھۆسنۈڭگە رەڭ، تەنگە كۈچ، سەن ھۆر دىيار ئەمەسمۇ.
قىسىپ قالسام بويىنۇمنى غېرىبسىنىپ بىگانە
تاغدەك غۇرۇر بېغىشلاپ يېنىمدا بار ئەمەسمۇ.
بېقىپ ئاھۇ ـ كېيىكتەك، پىلتىڭلىساڭ بېلىقتەك،
شوخ ئوينىغان يۈرەككە كۆكرىكىم تار ئەمەسمۇ.
دەقىقىدە كۆرمىسەم جىسمىم كۆيۈپ كاۋاپتەك،
كۆڭلۈم بولۇر خاراموش، سەن دىل خۇمار ئەمەسمۇ.
سەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، ھاياتىمنىڭ قىيامى،
كېتىپ قالساڭ يېنىمدىن ئۆزۈم بىمار ئەمەسمۇ.
ئاشۇ سەۋەب نىگارىم ھىجران ئوتى سالمىغىن،
سېنىڭ ئۈچۈن ھاياتىم كۆپ ئىنتىزار ئەمەسمۇ.

5

كۆڭۈلگە چۈشتى مىڭ سەۋدا خۇمار كۆزلەر قاراسىدىن،
نە سەۋدا، ئوت تۇتاشتىكى قارا كۆزنىڭ بالاسىدىن.
قېنىم ئايلاندى كەۋسەرگە، تېنىم ئېرىپ سىماب بولدى،

قۇتۇلماقلىق بەسى مۇشكۇل ئاشۇ ئاتەش جازاسىدىن.
ئىگار قىبلەمگە ئايلاندى، خىيالىم جايناماز ىدىۇر،
پۈتەر مىڭلاپ لىرىك قۇرلار دىلىم ھەمدۇ- ساناسىدىن.
پەلەكنى ئۆتقا قاپلايدۇ نەپەستىن پۈركۈگەن ئاتەش،
ئىدايىم ئۆزگە ئاڭلانماس، تىلىم پالەچ ۋاباسىدىن.
گويا مەجنۇن بولۇپ قالدىم تۇرار جايىمنى بىلمەيمەن،
چىقىپ چاقماق، بۇلۇت يىغلار پىغانلىق كۆز نىگاھىدىن.
ۋىسالىڭ ئىشقىدا بەربات بولۇرمەنمۇ دىلىم غەمناك
يۈرەككە سانجىلار ئوقيا مۇھەببەتنىڭ ياراسىدىن.
تىلەيمەن ئەي قارا كۆزلەر، سىلەردىن سۆيگۈگە دورا،
جىگەرلەر خەستە كۆڭلۈمگە لىۋىڭلارنىڭ داۋاسىدىن.

6

ئىلتىجا قىلسام يۈرەكتىن ئەي قەلەمقاش بىلمىدىڭ
ھەمنەپەس - سايەڭ بولۇپ يۈرسەم نەپەسداش بىلمىدىڭ،
ھىجرىڭگە ساھىل بولۇپ كۈتسەم ۋىسال دەرياسىدا
بىر دەقىق باقماي ماڭا كەتتىڭكى دىلداش بىلمىدىڭ.
كىرپىكىم بەرگى قىياق ئۈستىدە ھىجران تامچىسى.
كۆزلىرىم چەشمە بۇلاق بولدى ئەلەمداش بىلمىدىڭ.
سەن قۇياش، يەر شارىمەن قەلبىمدە ئاتەش گۈلخىنى
تەلۋە بىر پەرۋانە بولدۇم سەن سەپەرداش بىلمىدىڭ.
ئىزلىرىڭ يۇلتۇز سىنىڭ ئىزدىمىگەن جاي قالمىدى،
گۈلگە گۈل خىل كەلگۈدەك جورالڭ سۆيەتداش بىلمىدىڭ.
نەبالا كەلدى بېشىمغا ئىشق ئارا دىۋانىمەن،
مەست بولۇپ مەجنۇن سۆپەت يۈرسەمنمۇ ھىسداش بىلمىدىڭ.
ئاھ، نېتەي تەلەي قۇشى قونماپتىكەن باشىمغا دەل
سۆيگۈگە چاڭقاق بولۇپ كەلسەمكى قولداش بىلمىدىڭ.

7

ئانامنى، گۈل نىگارىمنى ھاياتلىق باغچىسى دەيمەن،
كىشىلىك ئۆمۈرنىڭ ئالتۇن مۇنارى - تاجىسى دەيمەن.
ھاياتلىق ئۇ بىلەن خۇددى ئۈزۈلمەس بىر ئەزىم دەريا

قەدىر - قىممەتتە تەڭداشسىز، يۈرەكنىڭ پارىسى دەيمەن،
ئۆيۈمدە بەزمە قايناپدۇ، ئۇ بولسا كۆڭلى - قارنىم توق،
ئۆتەر تۇرمۇش ھېيىت يەڭلىغ بەختنىڭ ئەلچىسى دەيمەن،
ياقام كىرسىز، بالام خۇشخۇي... ئۆيۈم چاقنايدۇ ئاپتاپتەك،
ئۇ كۆركى - زىننەتى ئۆينىڭ، خوتەننىڭ زىلچىسى دەيمەن،
نىگاھىمدىن بىلەر دىلنىڭ سىرىنى ھېچ خاتاسىزلا،
ئۇنىڭ قەلبى ئەجەب تۇيغۇن كۆڭۈلنىڭ رەمچىسى دەيمەن،
ۋاپادارلىق، گۈزەللىك بابىدا يەتمەس ئاڭا ھېچكىم،
ئۇنىڭ رۇخسارىنى گۈلگۈن باھارنىڭ مەرىكىسى دەيمەن،
ئانام سەن، گۈل - گىياھىم سەن، قىزىم سەن، ھەمدىدارىم سەن،
سىلەرنى ئىككى ئالەمنىڭ گۆھەر دۇردانىسى دەيمەن،
ئاياللار، ئېھ قەدىردانلار، سىلەر بولماي مايائىلىق يوق،
سىلەرسىز يوق كۆڭۈل شادى، خۇشاللىق جارچىسى دەيمەن.

**توختىھاجى روزى**

# ئاي نۇردىن كۈلگەن مىسرالار

## ئېقىن تۇيغۇسى

مەن تۇرسەن دەرياغا بېقىپ،
دەريا تۇرار دولقۇنلاپ ئېقىپ.

*       *

ئەكسىم بىلەن ئوينىشىدۇ سۇ
گاھ چۆكۈرۈپ، گاھى لەيلىتىپ.
قىرغاقلارغا چاچىدۇ ئۈنچە
كۆمۈش دولقۇن ئوقچۇپ - قىيغىتىپ.
قۇياش ئالتۇن زەرلەر تۆكىدۇ
دولقۇنلارغا نۇر - جۇلا قىپتىپ.
پەرۋاز قىلىپ توپ - توپ ئاق قۇلار
دەريا بويلاپ ئۇچار پەر قېقىپ.
گۈزەل دەريا،
گۈزەل قىرغاقلار
ھەر كۆرۈنۈش تۇغدۇرۇپ شېئىر
يۈرىكىمگە ئىشق - ئوت يېقىپ.
مەن قېتىلدىم سۆزلۈك ئېقىنغا
دولقۇنلاردىن تۇيغۇ - ئوي تېپىپ،
سىڭدىم ئانا زېمىن باغرىغا
ئېقىن بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ.
مەن تۇرسەن دەرياغا بېقىپ،
ئەكسىم سۇدا چايقىلار ئېقىپ.
ھايات گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل،
شۇ گۈزەللىك كۆڭلۈمگە يېقىپ.
ئىجاد ئەتتىم يېڭى بىر ناۋا
ئېقىن ئوخشاش ئويناق، تىنىمسىز
تۇيغۇلارنى ئەقىلگە چېتىپ.

## كەچتە

كۆزنەكلەردىن چۈشكەن شولىلار
يۇزۇۋاتتى شېرىن ئۇيقۇنى.

نۇرلۇق، گۈزەل جىلۋىسى بىلەن
قوزغاپ دىلدا يېڭى تۇيغۇنى.
ۋۇجۇدۇمغا كىردى ئۇ سىڭىپ،
يۈرىكىمدە نۇرانە ئىلھام.
نۇر ئېقىنى تومۇرلىرىمدا،
دولقۇنلىنىپ كۆتۈردى ئىسيان.
كۆڭۈل، ئىستەك ئايلاندى كۈيگە،
كۈيۈم نۇرغا كەتتى چىرمىشىپ.
تۈن ئۇنتۇلدى،
قولۇمدا قەلەم،
ئاي، يۇلتۇزلار چۈشتى يېنىمغا
تا تاڭغىچە كەتتۇق سىردىشىپ.
ئاي نۇرىدىن كۈلدى مىسرالار
يۇلتۇزلاردىن مۇنچاق ئېسىشىپ.
ئاي ئىككىمىز كەتتۇق كۈلۈشۈپ،
كۈيۈم نۇرغا كەتتى سىڭىشىپ...

ئاي نۇرلىرى مېنى نوقۇدى،
كۆڭلۈم زوقتىن نەزمە توقۇدى.

ئەھمەتياسىن ئوسمان

# شېئىرلار

## ئەل بەختى مېنىڭ بەختىم

ئەل خاتىرجەم، مېنىڭ تەشۋىش-غېمىم يوق
ئەلگە تەقدىم يەڭگىتلىكىم، بارلىقىم.
ئەلسىز مېنىڭ قۇربىتىم يوق، جېنىم يوق
ئەل كۆڭلىدۇر يايلايدىغان يايلىقىم.

تۇتاش ئەلنىڭ تىنىقىغا تىنىقىم،
ئەل كۈلمىسە مەنمۇ زىنھار كۈلمەيمەن.
پەقەت ئەللا دۇنيادا ئەڭ يېقىنىم،
شۇڭا ئەلنى شادلىق ئىچرە كۈيلەيمەن.

## تۇغۇلغان يېرىمگە

مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانمەن ئىڭەلەپ،
تۇنجى ئىزىم مۇشۇ يەرگە چۈشكەن ھەم.
دالالىرىم يېڭى مېھمان كەلدى دەپ،
دەسلەپ بولغان مۇشۇ يەردە تەنتەنەم.

يوروقلۇقنى مۇشۇ يەردە كۆرگەنتىم،
دەسلەپ سۆيگەن مۇشۇ يەرنىڭ كۈنىنى.
خىيالىمنى مۇشۇ يەرگە بۆلگەنتىم،
دەسلەپ يۇراپ مۇشۇ يەرنىڭ گۈلىنى.

مۇشۇ يەردە ئەقىل كۆزۈم ئېچىلىپ،
مۇشۇ يەردە ئاق-قارىنى بىلدىمەن.
مۇشۇ يەردە قىران بولۇپ يېتىلىپ،
مۇشۇ يەرنى كۆزگە سۈرمە قىلدىمەن.

مۇشۇ يەردە يېتىپ ئەلنىڭ قەدرىگە،
مۇشۇ يەرگە تۆكتۈم مېھنەت تەرىمنى.
مۇشۇ يەردىن ئىگە بولۇپ ھەممىگە،
مۇشۇ يەرگە ئاتىدىمەن قەلبىمنى.

## باغداشقا سالام

نازىنىن چېھرىڭ دىلنى ئەسىر قىلدى،
ئاھ، باغداش يۈرەكلەردىن سالام ساڭا.
ھاياجان دىللىرىمنى ئەسىر قىلدى،
شائىر بوپ شېئىر يېزىپ بەردىڭ ماڭا.

بىر كۆرسەم مەنزىرەڭنى يەنە بىر دەپ،
قەلبىمگە، ئۆچمەيدىغان بىر ئوت چۈشتى.
يۇلتۇزلار سەن توغرۇلۇق قىسسە سۆزلەپ
شاماللار سالىمىمنى ئېلىپ ئۆچتى.

باغدىشىم سەن گوياكى يېشىل ياقۇت،
قەددىڭنى تاغلار قورشاپ كەڭ ياتىدۇ.
شەپىقنىڭ لەۋلىرىدىن ماڭا مەي تۇت،
كۆڭلۈمدە سەندەك گۈزەل تاڭ ئاتىدۇ.

ئاھ، باغداش ھەردىم قالدى سەككىز تاشتا،
ھەدىسىدىن ئاشىق دىلنى بىلىپ تۇرغىن.
ئىپتىخار تۇيغۇسى بار قىرى - ياشتا،
ئەزىز يۇرت گۈل باغرىدا كۈلۈپ تۇرغىن!

خۇرشىدە ئابلىمىت

## ئۇزۇلمەس كۈي

ئاي ئايدىڭ، چۈش كۆرەر قويۇق ئورمانلار
چۈش كۆرەر كەڭ دالا، كۈمۈش رەڭ تاغلار.
ەڭ كۆڭۈل ئىشقىغا گۇۋاھتۇر بۇ دەم
سۆيگۈگە كۆمۈلگەن ئىپارلىق باغلار.

يۇلتۇزلار كۆز قىسار خۇمارلىق بېقىپ،
دەريالار شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا راۋان.
ئاجايىپ سېھىرگە تولغان مۇڭلۇق كۈي
سىڭمەكتە كېچىنىڭ قوينىغا شۇئان.

بار چەكسىز سېغىنىش ئاشۇ بىر كۈيدە،
بار قايغۇ ھەم شادلىق، قايناق ھاياجان.
بار شۇنداق پاك مېھىر، شېرىن خىياللار
يۈرەكنى - يۈرەككە بېغىشلايدىغان.

قىش ۋە ياز لەززەتكە راسا چۆمۈلۈپ،
شۇ كۈينىڭ ئەۋجىدە مەست بولار جاھان.
تەبىئەت ھالسىراپ مۈگدەپ قالسىمۇ،
ئۇزۇلمەس ئاشۇ كۈي ياشايدۇ ھامان.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

### تۇيۇقلار

* *

گەر سەپەر قىلساڭ سەن، يولدا يۈرگىن تېز،
داۋانغا دۈچ كەلسەڭ پۈكمە، زىنھار تىز.
پەيتى ئەۋ باھاردا گۈلىستانغا يەت،
گۈل تېرىپ، تۆھپەڭدىن گۈل دەستىلەر تىز.

توي قىلدىڭ، كىيىنىپ خۇددى سۈتتەك ئاق،
كىيىمىڭ ئاق، بەلكى كۆڭلۈڭ ئۇندىن ئاق.
ئەقىدە، دەپ سوقسۇن يۈرىكىڭ ئەبەد،
چىن بەخت - شادلىقنىڭ دەرياسىدا ئاق.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

نۇرمەھەممەت توختى

# ئەسىرلەر

## تەكلىماكان

ئۇ گويا سانسىز دولقۇنلار بىر-بىرىگە مىنگىشىپ ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز!

ئۇ گويا دولقۇن ھالىتىدە قېتىپ قالغان، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا چۆككەن ئوكيان!

ئۇنى ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچقانداق كارامەت ئويغىتالمايدۇ. كۆزلىرىنى قىيا ئاچتۇرۇپ راھەتلىك كېرىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەبەدىي يۇمۇلغان...

ئۇ، تاتلىق ئەسلىمىلەرنىڭ شېرىن خاتىرىلىرىدىكە بەنتمىكىن؟! قاچاندۇر بىر چاغلاردا يەپ سالغان «مەجۇنى دىلكۇشات»نىڭ كارامىتىدىن مەستمىكىن؟! كۆڭلى ئۇزاق ئەسىرلەر ئالدىدا يۈز بەرگەن سەتچىلىكتىن غەشمىكىن...

ئاشۇ چاغلاردا رەھىمسىز پەلەك ئۇنىڭ يۈز-كۆزىگە، گۈزەل جامالىغا توپا چاچقان، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئاچالماس قىلىپ قويغان...

ئۇ چۈش كۆرمەيدۇ. چۈش كۆرگۈچىنىڭ جامالىدا جىلۋىلىنىدىغان ئىپادىلەر ئۇنىڭ چېھرىسىدە چاقنىمايدۇ. ئۇ كەلگۈسى ھەققىدە خىيالمۇ سۈرمەيدۇ. كەلگۈسى ھەققىدىكى خىيال ئۈمىدتۇر. لېكىن ئۇنىڭ بىپايان قوينىدا كېچە بولىدۇ. قاراڭغۇ، سۈزۈك، تىمتاس كېچە بولىدۇ. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ پىچىرلاشلىرىمۇ، ئوۋچىلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرىمۇ، غالىپلارنىڭ گۈلخان يورۇقىدىكى ناخشا-مەشرەپلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. كېچە جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن قەلبلەردە ئۈمىد يوق...

مەن ئۇنىڭ باغرىغا دەسسەپ كاپكازچە ئۇسسۇل ئوينىدىم. يەر ئاستى سارايىنىڭ «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ دەرۋازىسىغا داراڭلىتىپ تەپتىم. يەنە بىر تالاي كىشىلەرمۇ داراڭلىتىپ تەپتى...

يا پەرۋەردىگارىم، بۇنداق قىسمەتنى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمە.

قۇم-بارخانلار كۆچتى. قەبرە-گۈمبەزلەر گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ ئاستىدا قالدىم. باشقىلارمۇ ئاستىدا قالدى. ئېغىز-بۇرنۇمغا، كۆز-قۇلاقلىرىمغا توپا-توزان تولدى. باشقىلارنىڭ كۆز-قۇلاقلىرىغىمۇ توپا-توزان تولدى...

لېكىن ئاچقۇچ تېپىلمىدى.
ئۇنىڭ باغرىدىن قارا لاۋا ــ نېفىت ئېقىپ چىقتى. بىز ئۇنى ئۇيغىتالىدۇقمىكىنە؟
ئۇنىڭ سەزگۈ ـ تۇيغۇلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدۇقمىكىنە؟
نېفىت ــ ئېنېرگىيە مەنبەسى دەمسىز؟ كۆيۈدىغان، پارتلايدىغان، يورۇقلۇق ـ ئىس-
سىقلىق چىقىرىدىغان نەرسە دەمسىز؟
ئۇنىڭ قاراڭغۇ باغرى نۇرغا تولغاي! مىڭ ئەسىرلەپ مۇزلاپ قېتىپ ياتقان
قەلبى ئىسسىقلىق تاپقاي!

## يورۇڭقاش

شاۋقۇنلايدۇ، يىراقلارغا ئاڭلىتالمايدۇ. دولقۇنلايدۇ، قىرغاقتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.
ئاقىدۇ، مەنزىلگە يېتىپ بارالمايدۇ...
شاۋقۇن سېلىپ نەرە تارتقىنىمۇ، دولقۇن ئۇرۇپ ئەسەبىيلەشكىنىمۇ، مەڭگۈ ئېقىپ
توختىمىغىنىمۇ ــ ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭ ھەممە قىلمىشى ــ ناخشا ـ ئۇسسۇلى، قوشاق
قاتقىنى، ئاھ ـ پىغانى پەقەت قىرغاق ئۈچۈن. ئۇ شاۋقۇن سېلىپ ناخشا ئېيتقاندا
يۈرەك سىرلىرىنى قىرغاققا ئاڭلاتماقچى. دولقۇن ئۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا ناز-
جىلۋىسىنى قىرغاققا كۆرسەتمەكچى. قوشاق قېتىپ، ئۇنچە چاچقاندا، قىرغاقنى ئالدى-
ماقچى. ئاھ ـ پىغان ئۇرۇپ، ھەسرەت چەككەندە، قىرغاقنى تەسىرلەندۈرمەكچى...
ئۇ قىرغاققا ئاشىق. شەرقىي قىرغاقمۇ، غەربىي قىرغاقمۇ مەپتۇن. چۈنكى ئۇ
يەرلەر ئۇنىڭغا دائىم گۈل تەڭلەپ تۇرۇدۇ. قىزىلگۈل دەستىسى، شاپتۇل چېچىكى،
ئانارگۈل تەڭلەپ تۇرىدۇ.
ئاھ، گۈلگە، گۈزەلگە ئاشىق بولمىغان كىم بار؟!

## قاراقۇرۇم

ئۇ بېشىنى ئېگىپ ئەبەدىي بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. چاچلىرى ئاپئاق،
چېھرىسىدە پۈرۈم ـ پۈرۈم قورۇق. مۇڭلۇق ۋە خىيالچان كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام
ياش ئاقىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىسەدەپ ئاھ ئۇرغىنىنى بىر قېتىممۇ ئاڭلىمىدىم. ئەبەدىي-
لىك سۈكۈت! ئۇ ئاشۇ ئولتۇرۇشىدا نېمىنىدۇر كۈرمەكچى ئەمەس، ئۇ خىيال سۈرىدۇ.
جىممىدە ئولتۇرۇپ تاتلىق خىيال سۈرىدۇ...
قانچە ئەسىرلەر ئۆتتى. قانچە قارلار ئېرىپ، قانچە ئەگىزلەر ئاقتى. قانچە
گۈللەر ئېچىلىپ، قانچە لاچىنلار باچكىلىرىنى ئۇچۇردى. قانچە جەرەنلەر ئويناقلاپ،
قانچە چىلبۆرىلەر پىنھاندىن ماراپتۇ... لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى كۆرگىنى يوق. ئۇ
جىممىدە ئولتۇرۇپ تاتلىق خىيال سۈرىدۇ.
ياق، ئۇ خىيال سۈرمەيدىكەن. قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ نېمىگىدۇر قۇلاق

سالىدىكەن. مەنمۇ قولاق سالدىم. ھەممە چۈشىنىشلىك بولدى؛ ئۇ مېنىڭ يىللاردىن بېرى «12 مۇقام» نى ئاڭلاپ يېتىپتۇ...

## ئاچقۇچ

ئوغلۇم ئۆيىمىزنىڭ ھالقىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئاچقۇچلارنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئاچقۇچ بولمىسا ئۆيگىمۇ، ئىشخانىغىمۇ كىرىشكە بولمايتتى. ساندۇق - ئىشكاپلارنىمۇ ئېچىشقا بولمايتتى. خۇددى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى يوقىتىپ قويغان دۇنياخوردەك بىئارام بولدۇق. ئوغلۇمنىڭ ماڭغان يوللىرىنى، ئوينىغان يەرلىرىنى كۆپ ئىزدىدۇق، تېپىلمىدى. ئالادا قېلىشنىڭ ئورنى يوق. ئاخىرى قۇلۇپلارنى چاقتۇق...

مانا شۇ كىچىككىنە ۋەقە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

ئاڭلىشىمچە، جاھاندا نۇرغۇن ئاچقۇچ بار ئىكەن. ئىلىم - پەننىڭ ئاچقۇچى — مائارىپ؛ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى — ئىلىم - پەن؛ بىر مىليارد ئادەمنى قورساق غېمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى؛ سۇ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى — سېمونت؛ سېمونتنى سۈپەتلىك ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى — يەنە ئىلىم - پەن؛ ئىلىم - پەننىڭ ئاچقۇچى بولسا، يەنە مائارىپ ئىكەن. بىر ماتېرىيالدا مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى — مۇكەممەل، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، دېيىلىپتۇ. يەنە بىر ماتېرىيالدا ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، دەپ يېزىلىپتۇ. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئاغىنەم، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — چارۋا نەسلىنى ئۆزگەرتىشتە، دېگەن گەپنى ئېيتىپ بەردى. باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرى، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — مېۋە سورتىنى ياخشىلاشتا، دېدى...

شۇنداق قىلىپ، مەن جاھاندا نۇرغۇن ئاچقۇچلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدىم. ھەر قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بار، دېگەن تەمسىل بىكار ئېيتىلمىغانىكەن. ھەر نەرسە، ھەر ئىشنىڭ بىر ئاچقۇچى بار ئىكەن. ئالتۇن ساندۇقنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، كۈمۈش ساندۇقنىڭ كۈمۈش ئاچقۇچى، پولات ساندۇقنىڭ پولات ئاچقۇچى بار ئىكەن...

يېقىندا «ناتوغرا ئىستىللار ئەۋج ئېلىپ كەتتى» دېگۈچىلەرنىڭ غەۋغاسى كۈچەيگەندىن كېيىن، «ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنىڭ ئاچقۇچى — رەھبەرلىكنىڭ قولىدا» دېگەن يېڭى گەپ چىقتى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەرقايسى قاتلامدىكى رەھبەرلەرنى سېھىرلىك ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. نېمىشقىدۇر قەلبىمدە ئۈمىدكە ئوخشاش بىر ئىشەنچ پارلىدى؛ كېيىنكى كۈنلەردە نېمە بولدى؟ بۇنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئاشۇ رەھبەرلەر ئىچىدىكى بەزىلەر ئۆزۈمگە ئوخشاش ئاچقۇچنى ئوغلىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. تەسەۋۋۇرۇمنىڭ داۋامىدا ئۇلار شۈمشىيىپ - تىمىسقىلاپ

ئاچقۇچ ئىزدەپ يۈرگەن بولاتتى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ راستتىنلا ئاچقۇچلارنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم. ئوغلى يىتتۈرۈپ قويدىمۇ ياكى ئۆزى يىتتۈرۈپ قويدىمۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى.

كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئىدارە رەھبىرىمىز قولىدا ئالتۇن ئاچقۇچ تۇتقان ھالدا ئايان بولارمىش. ئاچقۇچ ئۈستىدىكى نەقىشلىك خەتكە خۇددى يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان تۇنجى ئوغلىغا قارىغاندەك قارارمىش. مەنمۇ قارارمىشمەن. ئاچقۇچتا «خەلق ئۈچۈن» دېگەن نەقىشلىك خەت ئالتۇن نۇرىدەك پارلاپ تۇرارمىش...

## خىياللىرىم

1

گۈلگە ئوخشاش شاخلىرىغا يىغلاڭغۇ بۇلبۇلنى قوندۇرۇشنى خالىمايمەن. تاڭدىكى مەيىن شامال مېنى مۈگدىتىدۇ. پاختەك ۋە تورۇلغىنىڭ گۈگۈلداشلىرى، كاككۇكنىڭ بۇقۇلدىشى كۆز چاناقلىرىمغا ئاچچىق ياشلارنى تولدۇرىدۇ. قاغىنىڭ قاقىلدىشىدىن ئۆلگۈدەك بىزارمەن ... مەن ئاشۇلارغا قونداق ـ بوغۇز بولۇپ قالدىمىمۇ؟ مەن سۇمباتلىق چىنارمەن. چىنارغا لايىق لاچىن قونسۇن!

2

لاچىن قانىتى بىلەن ئۇرسا تۈگمەن تېشىمۇ كۇكۇم ـ تالقان بولارمىش. قانداق ئۇلۇغ قۇدرەت ـ ھە! توكۇلدىتىپ چوقۇلاش ـــ قۇرت ئىزدەيدىغان بىچارە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ئىشى، تاپ ـــ تاز قارىغىغا قالسۇن. ھەقىقىي قۇدرەت تاغۇ ـ تاشلارنى يېرىپ تاشلاشتا. مەن پەرھات بىستۇن تېغىنى يارغاندا لاچىننى ياردەمگە چاقىرغانمىكىن، دەپ ئويلايمەن...

3

سەن مېنىڭ بوۋام! بىز ھېلىلا سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭنى خاتىرىلىدۇق. تورتنىڭ ئۈستىگە توقسەن دانە شام قادالغانىدى. قەلبىمدىن توقسىنى تولۇپتۇ، دېگەن خىيال كېزىپ ئۆتتى. سەن شاملارنى پۈۋلەپ بىر ـ بىرلەپ ئۆچۈرۈپ چىقتىڭ. ئۆزۈڭمۇ خۇددى ئاشۇ شاملاردەك ئۆچۈپ باراتتىڭ ... مەن خۇشال بولۇۋاتىمەنمۇ؟ سەندىن كېيىن مەن پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولىمەن.

4

ياڭاقنى تاش ـ بولقىلار بىلەن ئۇرۇپمۇ، بىرىنى ـ بىرىگە سوقۇپمۇ چاققىلى بولىدۇ. مەقسەت چېقىش ئىكەن، ئۇسۇل تاللاشنىڭ ھاجىتى يوق. ياڭاق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئالدىنقىسىغا رازىكى، كېيىنكىسىدىن ئاچچىق نادامەت چېكىدۇ. مانا بۇ ئاجىزلارنىڭ پەلسەپىسى!

5

جاھاندا ئويۇن تولا. ئىلىم - سېتىم، دەۋا - دەستۇر ھەممىگە تالدىق. ئەخمەق بولمىسىلا، قۇرۇق گەپنى ئالتۇن تىللاغا سېتىۋالمايدۇ. مېنىڭچە، ئەپەندىمنىڭ مانتىنىڭ خۇش پۇرىقىغا تەڭگىنىڭ جىرىڭلىغان ساداسىنى تۆلىتىپ بەرگەنلىكى توغرا بولغان. ئەگەر ئۇ بۆگۈنكى كۈندە ئاشۇ ماجىراغا دۇچ كەلگەن بولسا، ئىش قانداق بولاتتى؟ ھەي، بىر نېمە دېمەك تەس جۇمۇ. پارا دېگەن يامان نېمە، ئەگەر ئاشۇ مانتىپەز تۆت مانتىنى ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالسا...

6

ئۆمۈچۈك مېنىڭ ئۇستازىم. ئۇ تور يېيىپ پاشا بىلەن چىۋىن تۇتسا، مەن تور سېلىپ بۆركۈت بىلەن قارچىغا تۇتىمەن. ئۇستازىمنىڭ تورلىرى نېمىدىن توقۇلغان؟ بۇ ماڭا ئايان ئەمەس. لېكىن مەن تورلىرىمنى ھەسەت يىپلىرىدىن توقۇيمەن. چۈنكى مېنىڭ قانىتىم يوق.

7

جاھاندا شىر - يولۋاسنىڭ قەھرىدىن پەقەت پاشا - كۆمۈتىلا قورقمايدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ شىرنىڭ تۇمشۇقلىرىغا قونۇپ، ھىڭگاڭ چىشلارنى ساناۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ۋەھالەنكى، ئۇلار ھېچقاچان قەھرىمان ئاتالغان ئەمەس.

8

مەيىن شاماللار ساتار چالارمىش، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار مۇقام ئېيتارمىش. بوۋام قۇياشنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» نى، ئاينىڭ «ئابۇچەشمە» نى، زۆھرەنىڭ «ئوشاق» نى، چولپاننىڭ «مۇشاۋرەك» نى ... كۈيلەيدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى. بۈگۈن ئۇزۇنغىچە قۇلاق سالدىم. پويىز، پاراخوت، زاۋۇتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازى، ماشىنا - تراكتورلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، مانىۋر قىلىۋاتقان قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ غۇڭۇلداشلىرى، زىننەت توپلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، ئادەملەرنىڭ غەلۋە - چۇقانلىرى ... ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. قانچە زەن قويۇپمۇ كۈتكەن سادانى ئاڭلىيالمىدىم. ئاھ، ئىسىت، ئاللا ماڭا «ئىشرەت ئەنگىز»نى ئاڭلاشنى نېسىپ قىلماپتۇ ... مەيلى، بەلكىم كەچتە «ئابۇچەشمە» نى ئاڭلارمەن. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا بىر تامچە بولۇپ قوشۇلاي.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



مۇھەممەت ئىمىن

# راست ۋە يالغان

(ھېكايە)

كىچىكىمدىنلا راستچىل بالا ئىدىم، ئاتا - ئانامنىڭ «ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست سۆزلە، يالغانچىلىق قىلىش ئۇيات!» دېگەن سۆزلىرىنى زادىلا ئېسىمدىن چىقارمايتتىم. مەكتەپكە كىردىم، مۇئەللىملەرمۇ ئاتا - ئانامغا ئوخشاشلا راست سۆزلەش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. «زۆرۈر تېپىلغاندا يالغان سۆزلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دەيدىغان مۇئەللىمدىن بىرنىمۇ ئۇچراتمىدىم. بىراق يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا، سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە، كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەسىلەن، بىر كۈنى دادام بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ھوشۇر تاغام ئۆيىمىزگە ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ كەلدى، ئۇزايىدىن قارىغاندا، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىرگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئۆيىمىزگە دائىم كېلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە، يا ماڭا بىرەر سىقىم تاتلىق كەمپۈت، يا بىرەر سېۋەت مېۋە - چېۋە ئالغاچ كېلەتتى. «يېزىدىكىلەر بۈگۈن ئەۋەتىپتىكەن، مۇشۇنچىلىك ئالغاچ كىردىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ تېتىپ بېقىڭلار ئەمدى» دەيتتى ئۇ سېۋەتنى تۈزۈت قىلىپ ئالغىلى ئۇنىمايۋاتقان دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ. دادام ئاخىرى: «ۋاي بۇنچىۋالا كايىپ يۈرمىسەڭلارمۇ بولاتتى» دەپ، قايتا - قايتا ھەشقاللا ئېيتاتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئۇلار ھاراق ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. يۈزىگە قانچە قىزىللىق يۈگۈرگەنسېرى بىر - بىرىگە قەلبىنى شۇنچە كۈچەپ ئىزھار قىلىشقا باشلايتتى. گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورامىغا قارىغاندا، ئۇلار جاپا - مۇشەققەتتىمۇ، ھۈزۈر - ھالاۋەتتىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان قىيامەتلىك ئاغىنىلەردىن ئىكەن. ھوشۇر تاغام بۈگۈن قۇرۇق قول كەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇنقىدەك بېشىمنى سىيلاپ ئەركىلىتىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ماڭا كۆز قىرىنىمۇ

سېلىپ قويمىدى. ئۇ دادامنىڭ: «ئولتۇرسىلا،
يۇقىرى ئۆتسىله!» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇر-غان پېتى ئېغىز ئاچتى:

— ۋېلىسىپىتلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا، ئەمتاخۇن! يېزىمىزغا شاققىدە بېرىپ كەلمىسەم بولمىدى. دادام قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، كەچ بولۇپ قالغاندا ماشىنا تېپىشمۇ تەسكە چۈشىدىغاندەك تۇردۇ.

— ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسچىلىكنى قارىماسىلەر، ھوشۇراخۇن، — دېدى دادام يوتىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، گويا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە، — ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىۋاتسام، دوقمۇشتىن تۇيۇق-سىز بىر قارا ماشىنا ئۇچقاندەك چىقىپ كەلمەسمۇ! ئالدىراشچىلىقتا رولنى شاققىدە يانغا بۇرىۋىدىم، يول بويى-دىكى سۇۋادان تېرەككە سوقۇلۇپ كېتىپ، ۋېلىسىپىت بىلەن ئېرىققا دومىلاپ چۈشتۇم. مىڭ تەسلىكتە ئورنىمدىن تۇرۇپ قارىسام، ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدى چاقى ماكچىيىپلا كېتىپتۇ. شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالاي دېسەم، ماشىنىنى غۇيۇلدىتىپ ھەيدەپ قېچىپ كېتىپتۇ، كاساپەت! ئىچىمدە مىنگىنى تىللاپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتنى ئۆشنەمگە ئارتىپ ئاران ئۆيگە ئەپكېلىۋالدىم.

مانا قىپقىزىل يالغان! قارىسام، شۇ گەپلەرنى توقۇپ چىقىۋاتقاندا، دادامنىڭ يۈزى قىزىرىپمۇ قويمىدى. ھېچ بولمىغاندا نومۇستىن كۆزىنى بىرە قېتىم دىت قىلىپ قويسىچۇ، كاشكى!

ئۇ شۇنداق تەبىئىي سۆزلىدىكى، ناۋادا مەن دادامنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تېخى بۈگۈندىن يېرىم سائەت ئىلگىرى غۇيۇلدىتىپ مىنگەن پېتى ھويلىغا كىرىپ، كۆمۈر-خانىمىزغا ئەپكىرىپ قويغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، ئۇنىڭ ئەشۇ يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغان بولاتتىم. «بۇ گەپلەر يالغان! ۋېلىسىپىت كۆمۈرخانىدا ساپ-ساق تۇرۇپتۇ!» دەپ ۋارقىرىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. لېكىن دادامنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ھوشۇر تاغام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دادامدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، دادا؟ ئۆزۈڭ ماڭا يالغان سۆزلىمە دەپ ئۆگىتىۋا-تاتتىڭغۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ يالغان سۆزلەۋاتىسەنغۇ!

— ھەي، سەن تولا ساقالغا ياماشما! — دېدى دادام ئاچچىقلاپ، — كىچىك بالا دېگەن، چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان. ماڭ، ئويۇنىڭنى ئوينا، قالغىنىنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسەن!

— نېمىنى چۈشىنىپ قالىمەن، دادا؟

— ئاپلا، ماۋۇ بالىنى! — دادام مېنى ئۇرماقچى بولۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ، نېمىسىندۇر ئويلىغاندەك توختاپ قالدى، ئارقىدىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى ئۇقمايسەن. بالام، ئىدارىنىڭ ۋېلىسىپىتى بولسىغۇ بېرىپ تۇرساممۇ مەيلىدى، لېكىن بۇ ئۆزىمىز نۇرغۇن

پۇل خەجلەپ ئالغان يېڭى ۋېلسىپېت ئەمەسمۇ! بۇنى ھوشۇر تاغاڭغا بېرىپ تۇرسام، سەھرانىڭ پوپاك توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللىرىدا ئىككى سائەت مىنىدىغان بولسا، چۇۋۇلۇپ ئەبجەقى چىقىپ كېتىدۇ. يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئادەمگە تۆلەپ بەر دېگىلى بولمايدۇ. بىكاردىن - بىكار بىر مۇنچە زىيان. ئۇنىڭدىن ...

— ئۇنداقتا، زىيان تارتماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىگە يالغان سۆزلەپ قويسىمۇ بولىدىكەن - ھە ،دادا!

— نېمە دەيدىغاندۇ، ماۋۇ بالا، — دادامنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ قالدى، — تولا كاڭشىماي ئىشىڭنى قىلە جۇگۇ!

دادامنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يەنە گەپ سوراشقا پېتىنالمىدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە يوغان بىر سوئال بەلگىسى، يەشكىلى بولمايدىغان بىر تۈگۈن پەيدا بولۇپ قالدى. يەنە بىر قېتىم ئاتا - ئانامنىڭ نەسىھىتى ۋە مۇئەللىمىمنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ راست سۆزلىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق بىر چوڭ بالاغا قالدىم:

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى يېقىنلاپ قالغان چاغلاردا دادام مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرى شۆكۈر تاغىنى بىر قانچە قېتىم ئۆيگە چاقىرىۋالدى. ئۇلار ھاراق ئىچكەچ ئاللىقانداق بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. كېيىن شۆكۈر تاغام ماڭا بەزى دەرسلەرنىڭ مەلۇم جايلىرىنى نۇقتىلىق يادىلىۋېلىشنى تاپىلاپ، «ئىمتىھان سوئالى شۇ يەردىن چىقىرىلامدۇ - يوق، ھازىرچە بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇ يەرلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالساڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپ قالامسەن تېخى! لېكىن بۇنى ساۋاقداشلىرىڭغا تىنغۇچى بولما جۇمۇ!» دېدى. مەن ئارىسالدى بولغان ھالدا شۆكۈر تاغام ئېيتقان جايلارنى سۇدەك يادلىۋالدىم، پىششىق تەكرارلىدىم. راست دېگەندەك، ئىمتىھان سوئالى شۇ يەردىن چىقىپ قالماسمۇ! ئوتتۇراھال ئوقۇپ كېتىۋاتقان ئادەم مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا بىر سەكرەپلا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. بۇنىڭغا ئەلاچى ساۋاقداشلىرىم ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەنلەر : «قانداق قىلىپ مۇشۇنداق يۇقىرى نومۇر ئالالىدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا: «شۆكۈر تاغام كۆرسىتىپ بەرگەن نۇقتىلىق جايلارنى پىششىق تەكرارلىغاچقا، شۇنداق يۇقىرى نومۇر ئالدىم!» دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھە؟! — ئۇلار گويا بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قويۇۋېتىلگەندەك ئەندىكىپ كېتىشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. مۇشۇ بىر ئېغىز راست گېپىم تۈپەيلىدىن شۆكۈر تاغامنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلىنىشىنى، ئۆزۈمنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن شەھىرىمىزدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىۋېتىلىشىمنى نەدىن بىلەي؟ دادامدىنمۇ ئۆلگۈدەك تاياق يېدىم. بۇ قېتىمقى ساۋاقتىن

كېيىن سىياسەت دەرسى بېرىدىغان
بارىي مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈر-
مەيدىغان «راست گەپ قىلىش ئىنسا-
نىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىدىن
بىرى!» دېگەن گېپىگە كۆڭلۈمدە گۇمان
پەيدا بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ
ئۇزۇن ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» باشلاندى. «مىسلى كۆرۈل-
مىگەن بۇ زور ئىنقىلاب» تا يالغان-
ياۋىداق سۆزلەر يەر ـ جاھاننى قويۇق
ئىس ـ تۈتەكتەك قاپلاپ كەتتى. راست
سۆزلىگەنلەر كورەشكە تارتىلدى. تۈر-
مىلەرگە تاشلاندى، ھەتتا ھاياتىدىن
ئايرىلدى. بۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-
دۈم. بىر قېتىم ئىسيانچىلارنىڭ بىر
پروفېسسورنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلى-
كىنى كۆرۈپ قېلىپ گەپنىڭ راستىنى
ئېيتىپ قويۇۋېدىم، راست گەپ قىل-
غاننىڭ جاجىسىنى تارتقاننى ئاز دېگەن-
دەك ئىسيانچىلارغا قارا چاپلاپ زىيان-
كەشلىك قىلماقچى بولغان تۆھمەتخور
قاتارىغا چىقىرىلىپ كۆرمىگەننى كۆر-
دۈم. ئاخىرى ھېلىقى پروفېسسورنىڭ
«جىنايىتىدىن قورقۇپ» ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرگەنلىكىمنى، يامان نىيەتتە «يالغان»
سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىمنى
ياۋاشلىق بىلەن «ئىقرار» قىلىپ، بالا-
قازادىن ئاران قۇتۇلدۇم. جەمئىيەتكە
چىققىنىمدىن كېيىنمۇ يۇقىرىقى تەجرى-
بە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلماي، راست
گەپ قىلىۋەردىم، خۇشامەتچىلىككە لەنەت
ئوقۇدۇم، بەزى باشلىقلارنىڭ قاراپ
تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى يۈز

خاتىرە قىلماي پاش قىلدىم. بىرنى
بىر، ئىككىنى ئىككى دېدىم. لېكىن
نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر مېنى ئارىغا
ئالمىدى. بۆلۈمىمىزدىكىلەرنىڭ ھەم-
مىسى مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.
باشلىقلارنىڭ ماڭا قارارغا تېخىمۇ
كۆزى يوق ئىدى. ئالاھىدە سالام
قىلساممۇ ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا «ھە، ھە»
دەپلا قويىدۇ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا
«ئەھۋالىڭ قانداقراق؟» دەپ سوراپمۇ
قويمايدۇ. قانداق قىلىدىكىن دەپ
قەستەن ئىشقا چىقماي قويساممۇ،
«نېمىشقا كەلمىدىڭ؟» دەپ سوراش-
تۇرۇپ قويمايدۇ. كېيىن ئاڭلىسام
ئۇلار مېنى بىر ۋېنتىس كەم دەپ، سا-
راڭلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. تووۋا، بۇ
گەپچە بولغاندا، راست گەپ قىلىدىغان
ئادەم ساراڭ، يالغان گەپ قىلىدىغان
ئادەم ئوڭ بولىدىكەن ـ دە! قانداق مەن-
تىقە بۇ؟

قاراڭلار، ساۋاقدىشىم ئابدۇرازاقنىڭ
مۇشۇ كۈنگە كەلگىچە راست گەپ قىلىپ
باققىنىنى ئۇقمايمەن، ئۇ باشقىلارنى ئۆزىدە
يوق ئارتۇقچىلىقلار بىلەن شۇنداق قام-
لاشتۇرۇپ ماختايدۇكى، ئۇلار گويا شېرىن
شەربەت ياكى كۈچلۈك مۇسەللەس ئىچى-
ۋالغاندەك خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرى-
شىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇشۇپ
كېتىدۇ. بەزىدە كەيىپ بولۇپ قالغاندەك
دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئابدۇرا-
زاقنى يېقىنچىلىق بىلەن قۇچاقلايدۇ.
«يارايسەن جۇمۇ، ئابدۇرازاق!» دەپ
يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويۇشىدۇ. ئۇ ئۆزىگە
ئوخشاش ئادەتتىكى كادىرلارنىمۇ ئېيىپىنى
تېپىپ، پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ ماختاپ

قويدۇ، پۇۋلەپ كۆككە ئۇچۇردۇ. ئۇلارمۇ خۇددى يوقاتقان هالدا ئۆزلىرىنى كاتتا ئەرباب سانىشىپ، بوشلۇقتا لەيلەپ قېلىشىدۇ، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قاملاشتۇرۇپ دېيەلىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، مەندىن باشقا ھەممەيلەن ئابدۇرازاقنى ياخشى كۆرىدۇ. سايلامدىمۇ باشقىلارنىڭ نامزات قىلىپ كۆرسىتىشى بىلەن ھەممەيلەن ئۇنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا سايلىدى. ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە يالغان گەپلەرنى قاملاشتۇرۇپ قىلالايدىغان ئاشۇ پەۋقۇلئاددە ماھارىتىگە تايىنىپ، باشقارما باشلىقى بولۇۋالدى. بۇرۇن ئۇ باشقىلارنى ماختاپ، ئۇلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنى ماختايدىغانلارمۇ، ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرىدىغانلارمۇ چىقتى. ھەممە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئەقەللىيسى، ئۇنىڭ بالىسىنى «بىز ئالىمىز» دەپ تالىشىپ، يەسلىلەر ئارا جېدەل چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، مېنىڭ بالامنىچۇ؟ تالىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈم يەسلىمۇ - يەسلى قاتراپ، ئاغزىمنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يالۋۇرۇپ باققان بولساممۇ، ئۇنى ئالىدىغانلار چىقمىدى. قايسى يەسلىگە بارماي، ھەممىسى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك «ئورۇن يوق!» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۈزۈتىپ قويدى. ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىلى، قىيىنچىلىقىم بارلىقىنى ئېيتقىلى تۇرسام، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى ياكى تەتۈر قارىۋالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماڭا ھېچقانداق ھاجىتى چۈشمەيدۇ - دە! مەن باشلىق ئەمەس، ئادەتتىكى كادىر. ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە قادىر ئەمەسمەن، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا سوۋغاتمۇ ئېلىپ بارغىنىم يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەپ بېرەلمەيدىغان «قۇرۇق گەپلىرىم» نىڭ قۇلاققا خۇشياقماسلىقى ۋە بۇنىڭغا «مۇشۇكنىڭمۇ ئاپتاپقا چىقماسلىقى» تۇرغانلا گەپ. ھېچقاچان مەندىن رەنجىپ باقمىغان سۆيۈملۈك ئايالىم گۈلجەننەت مېنىڭ بىر - ئىككى ئايدەك قاتراپمۇ بالىمىزنى يەسلىگە ئالدۇرالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن ئېچىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— قويىڭە، سىزدەك بوشاڭ ئەرنى! — دېدى ئۇ يىغلاۋېتىپ، — قولىڭىزدىن پوقمۇ كەلمەيدىكەن! ئېسىت، نېمىشقىمۇ سىزگە تەگكەن بولغىيدىم؟ ھە دېسىلا «راست گەپ قىلىش كېرەك، خۇشامەتچىلىكتىن يىراق تۇرۇش كېرەك» دەپ، قۇرۇق نەزەرىيە ساتىدىكەنسىز. شۇ نەزەرىيىلىرىڭىز بىر تىيىنچىلىك جانغا ئەسقاتسىچۇ كاشكى! ئابدۇرازاققا قارىڭا، ئۇنى يالغانچى، خۇشامەتچى، ساختىپەز دەپ ئەيىبلىگىنىڭىز بىلەن سىزدىن مىڭ ھەسسە ئوبدان كۈن ئېلىۋاتىدۇ، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىۋاتىدۇ، لېكىن سىزچۇ؟ راست گەپ قىلىمەن دەپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزگە دۈشمەن قىلىۋالدىڭىز. يېغىرىنى كوچىلاۋەرسە ئادەم ئەمەس، ئېشەكمۇ چىچاڭشىيدۇ! يۈز خاتىرە دېگەننى بىلمىسىڭىز كىممۇ سىزنى ئارىغا ئالسۇن؟!

گۈلجەننەتنىڭ شۇ قېتىمقى يىغازارى ۋە تاپا - تەنىسىدىن كېيىن، ھەقىقەتەن

ئويلىنىپ قالدىم. «ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ» دەپ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، ھېچبولمىسا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىمنى خىزمەتكە قانداق ئورۇنلاشتۇرىمەن؟ بالىلىرىم يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن تەقدىردىمۇ چوڭ چاتاق يوق دېيىش تەس. يۇقىرى نومۇر ئالغان بالىلار قېپقېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يولى بار كىشىلەرنىڭ، يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنىڭ بالىلىرى سەپلىنىپ كېتىدىغان ئىشلار ئاز دەمسىلەر؟ بولمىسا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يەنە ئۇ ئىدارىدىن بۇ ئىدارىگە مۈكىدەك چېپىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ھەي روسۇل، ھەي قاپاقباش روسۇل! مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەن نېمىمۇ قىلالايتتىڭ؟ ئاشۇنداق ساختىلىقلارنى، ناتوغرا ئىشلارنى پاش قىلىشقا تايىنىپ بالىلىرىڭنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزەلەمتىڭ؟ پاش قىلىش خەتلىرىڭ پاك - دىيانەتلىك، ئادىل باشلىقنىڭ قولىغا تەگسىمۇ پارا ئالغۇچىلار بىر تەرەپ قىلىنار، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ مەسىلىسى ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. چوڭ بولسا سېنى بىرەر قېتىم ئاغزاكى تەقدىرلەپ قويار، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا؟ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ پاش قىلىش خەتلىرىڭ پاش قىلىنغۇچى كاتتىباشنىڭ قولىغا چۈشسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئىشىنىڭ ئوخشىغىنى شۇ! تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالىسەن، تېخىمۇ بەكرەك چەتكە قېقىلىسەن، تېخىمۇ قاتتىق زەربە يەيسەن. يۇقىرىغا خەت يازساڭ ئادەتتە ھەممىنى تۆۋەنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ! خوش، ئۇنداق بولسا، سەن زادى قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ ئۆمۈرۋايەت راست سۆزلەپ ئۆتىمەن، لىللا گەپ قىلىمەن، دەپ ھېچ ئىشىڭنى ئاقتۇرالماي، پايتىمىڭغا تەتۈر دەسسەپ خارلىنىپ، زارلىنىپ يۈرۈۋېرەمسەن ياكى كىشىلەر ئاشۇنداق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە خۇشتار بولغاندىكىن، شۇلارغا ماسلىشىپ بالداقمۇ - بالداق يۇقىرى ئۆرلەمسەن؟

مەن يۇقىرىقىدەك گادىرماش ئوي - خىياللار ئەلگىكىدە تاسقىلىپ، شىددەتلىك ئىدىيىۋى كۈرەشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلجەننەت بىر تويدىن ئىنتايىن خاپا ھالدا قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان داستىخاننى پەگاغا ئېتىپ، ماڭا يەۋەتكۈدەك ئالىيىپ قاراپ، قايناپ كەتتى:

— تويدۇم سىزدەك ئەردىن! نەرىڭىزنى ئەر دېگىلى بولسۇن سىزنىڭ؟! ئابدۇرازاقچۇ، ئايالى مېھرىنىسا خېنىمنى يېپيېڭى بىر پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ ئەۋەتىپتىكەن، ھەممەيلەن ۋاي دېيىشىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇشتى. باشلىقنىڭ ئايالى دەپ ئەتىۋارلىشىپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇشتى. مېنىڭ ئېلىپ بارغان سوۋغاتلىرىم ئۇنىڭكىدىن كۆپ ئېسىل بولسىمۇ، ماڭا ھېچكىم كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. بەزىلەر ھەتتا سالاملىشىپ قويۇشتىنمۇ ئېرىندى. كەش بازىرىدا قېلىپ ئىزاغا ئۆلگۈدەك بولدۇم. خوتۇن خەقنىڭ يۈزىمۇ، ئەر كىشىگە قاراپ بولىدىكەن! ھەي ئېست ئۆمرۈم! سىزنىڭ قولىڭىزدا زايا كەتكەن ياشلىقىم!

ئارقىدىن گۈلجەننەت كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ بىر هازا بۇقۇلداپ يىغلىدى، ئىزا - نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى ھەممە دەردىمنى هاراقتىن ئالدىم. خۇدۇمنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىچىۋېلىپ: «قۇرۇپ كەتسۇن راست گەپ! سەممىيلىك دېگەننى يەر يۇتسۇن! مانا ئەمسە ... » دەپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ - جارقىراپ، قولۇمغا چىققان نەرسىنى ئۇرۇپ چاقتىم. ئىچ - ئىچىمدىن قىستاپ كېلىۋاتقان يىغىنى توختىتالماي كىچىك بالىدەك ۋاررىدە يىغلىۋەتتىم. ئاندىن ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدۈم. گۈلجەننەت مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى بولغاي ئەتىمالىم، بىر قولىدا بالىنى، يەنە بىر قولىدا بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. يىغلىدىم، كۈلدۈم، كۈلدۈم، يىغلىدىم. ئاخىرى هېرىپ داق يەرگە يىقىلىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. تازا قەهرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان قارا قىش ئىدى. بىر چاغدا توڭۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. تامىقىم قۇرۇپ، ئىچىمگە ئوت كېتىۋاتقىنىغا قارىماي پۈتۈن ئەزايىم بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەۋاتىدۇ. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىسام، مەشتىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ قاپتۇ، دېرىزىلەرگە مۇزدىن نەقىش ئويۇلۇپتۇ. تىركىشىپ تىرمىشىپ ئورنىمدىن تۇرۇپ، توي قىلىغاندا ئالغان ئەينەكلىك ئىشكاپ ئالدىغا كەلدىم. هېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدۈگۈنۈپ تۇرغانلىقىمنىمكىن، ئەيناۋۇر ئەينەك يۈزىدە پەيدا بولغان چىرايىم ئۆزۈمگە غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. كىرپە تىكىنىدەك دىڭگىيىپ تىك - تىك تۇرىدىغان چاچلىرىم سولىشىپ قالغان مايسىدەك شۇمشىيىپ، تارراق كەلگەن پېشانەمگە چاپلىشىپ قاپتۇ. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق قوشۇما قاشلىرىم تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىمنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالاي دەپتۇ. قىزىرىپ پىشقان ياغلىق توقاچتەك پارقىراپ تۇرىدىغان مەڭزىم لەش رەڭگىنى ئاپتۇ. قاڭشارلىق بۇرنۇم ئەسلىدىلا سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈزىمنى تېخىمۇ سوزۇنچاق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغاندەك قان قاچقان ئىككى مەڭزىم ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ئېگىز چوقچىيىۋاپتۇ. ئېڭىكىم ئۆتكۈر بىگىزگە ئايلىنىپ كۆكرىكىمگە سانجىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك ھەددىدىن زىيادە ئۇچلىنىۋاپتۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇچلۇق ئېڭىكىمنىڭ ئۇچىدا بىرتال ئاق ساقالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟ ياﺋاللا، بىر كېچىدە نېمە بولۇپ كەتتىم - ھە؟! ماداردىمنىڭ بارىدا، يىلىكىم قۇرۇپ كەتمەستە ئۆزۈمنى ئۆزۈم قۇتقۇزۇۋالاي! چىشىمنى چىشلەپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا بېرىۋالدىم. ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكەنىكەن، ياتاقتا ئېلىشتى. بىر ئايدەك داۋالاندىم. بۇ جەرياندا بۆلۈمدىكىلەردىن هال - ئەهۋال سوراپ كەلگۈچىلەرغۇ چىقمىدى، ھەتتا گۈلجەننەتمۇ مېنى بىرەر قېتىم يوقلاپ قوياي دېمىدى. ئۇ ئاخىرى، راست گەپ قىلىمەن دەپ ئۆزىگە دۈشمەننى كۆپەيتىۋېلىپ، هېچ ئىشنى ئاقتۇرالمايدىغان مەندەك ئىستىقبالسىز ئەردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد

ئۆزگەن ئوخشايدۇ. كېيىن خېتىمنى ئالىمەن دەپ سوتقا ئەرز سۇنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاجرىشىمىز دەپ سۆرۈشۈپ يۈرگەن كۈنلەردە قايسىبىر كىتابتىن كۆرگەن بىر چۆچەك نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمايدىكەنمەن؟ — دېدىم مەن ئەلەم بىلەن چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ، — ئەجەبا ئۇلاردىن بىرەر يېرىم كەممىكەن - يا؟ مەن چوقۇم ئۇلارغا يېتىشىۋالىمەن، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىمەن!»

شۇنداق قىلىپ مەن بۆلۈم ۋە باشقارمىمىزدىكى، ھەتتا نازارەتتىكى چوڭ - كىچىك باشلىقلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، روھىي ھالىتى، نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، نېمىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي ئىگىلىدىم. ئۇلارغا قانداق ئۇسۇل بىلەن قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈنۈش، قانداق قىلىپ ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. ئىدارىتىمىزدىكى خىزمەتداشلىرىمغا بولغان بۇرۇنقى «قوپال» مۇئامىلىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتىم. تۇيۇقسىز باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغىنىمدىن ھەممەيلەن ھەيران قالدى، «ئەسلىدە روسۇل نېرۋا كېسىلى ئىكەندۇق، بۇدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ ساقىيىۋاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى تاپقۇچىلارمۇ بولدى. بۇرۇن راست گەپ قىلغاندا ھەممەيلەن مېنى «سارالڭ» دېيىشەتتى. ئەمدى يالغان گەپ قىلىشقا ئۆتسەم «ئوڭ» دەيدىغان بولدى. قارىماسىلەر بۇ جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىنى!

تۈنۈگۈن ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋېتىپ، ئېرىق بويىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ، كىچىم رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرغان گۈلخان ھەدىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، نازارىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئايۇپ ئاكىنىڭ ئايالى ئىدى.

— نېمە بولدىلا، گۈلخان ھەدە؟ — مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆيۈنگەن ھالدا سورىدىم. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئەقلىل ئەلگىمىدە تاسقاپ - ئىلغاپ تەسەللى بېرىۋېدىم، ئۇ بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ، ماڭا ئىچىنگەن ھالدا دەردىنى تۆكتى:

— ئاپتوبۇستا جىن تېپىۋەتكەن بىر ئىنجىمارۇق قاراپ تۇرۇپ مېنى «قارا مەدەك» دەپ تىللاۋاتىدۇ، قارىسىلا ئۇكام! ئۆزىنىڭ چىرايىغۇ كۆردىن تارتىپ چىققان ئۆلۈكنىڭ چىرايىدىنمۇ بەدبەشرە ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە مېنى تىللاشقا قانداق يۈزى چىدىدىكىن ئۇ دەيۈزنىڭ! ھۇ تىلى كۆيگۈر پاسكىنا! مۇشۇ يېشىمغىچە ھېچكىمدىن بۇنداق تىل ئېشىتىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا ماڭا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. دېسىلە!

— سىلىنى تىللاشقا جۈرئەت قىلغان قانداق نېمىكەن ئۇ! — دېدىم مەن مۇشتلىرىمنى چىڭ تۈگۈپ غەزەپلەنگەن ھالدا، — قېنى ئۇ ئىنجىمارۇق؟ ئانامنىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ ئادەم تىللىغانغا تازا بىر تويغۇزۇپ قوياي!

— ئاللىقاچان تىكىۋەتتى.

— ھەي، سىلىمۇ ئارتۇق يۈز خاتىرە قىلىپلا! — مەن گۈلخان ھەدىنى

ئەيىبلىگەن قىياپەتتە ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئۇنداقلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش كېرەك ئىدى. چېچىدىن قامالاپ ئېلىپ يەرگە كۆتۈرۈپ باسماي!

— ھەي، مېنىڭ شۇ كۆڭلى يۇمشاقلىقىمنى-زە، — گۈلخان ھەدە ئىچ-ئىچىدىن ئېچىنىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — ئۇ تۇخۇ پوقىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالايمىغۇ دېۋىدىم، لېكىن كۈچۈم يەتمەسمىكىن دەپ...

— بوپتۇ، گۈلخان ھەدە، خاپا بولمىسىلا! — مەن دەرھال گېپىمنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئۆتتۈم، — ئەسكى بىلەن تەڭ بولمەن دەپ ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىپ يۈرگىچە ئېغىر-بېسىقلىق قىلغانلىرىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ. ئەل-جامائەت مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزىدىنمۇ كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالامدۇ؟

— بۇ دېگەنلىرىغۇ توغرا، ئۇكام، — گۈلخان ھەدىنىڭ قارامتۇق چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — «پوقىقا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم دېسىلە!

— پەقەت ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرلا مۇشۇنداق ئېغىر-بېسىق، ئەمكىن بولالايدۇ، — مەن گۈلخان ھەدىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ چالا-بۇلا پۈتتۈرگىنىنى يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپ، يۇقىرىقى گەپنى ئېغىزىمدىن چىقىرىپ سالدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن «مېنى مازاق قىلىۋاتامدىغۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئۆزگىرىشنى كۆرمىدىم، ئەكسىچە ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. دېمەك، گېپىمنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن مەن خاتىرجەم بولۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىنىڭ چىرايلىرىنى قانداقمۇ قارا دېگىلى بولسۇن؟ سىلى دېگەن ئەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك ياقتۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك تۇرسىلا، شۇنىڭغا قارىغاندا، سىلىنى تىللىغان ھېلىقى جىن قوشۇقنىڭ كۆزى كور ئوخشايدۇ!

گۈلخان ھەدە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى. چىرايىدا بايىقى خاپىلىقتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ كۈلكىدىن پۇرۇشۇپ كەتكەن قارامتۇق چىرايىدىن، ئېچىلىپ يۇمۇلۇپ يوقاپ كېتەي دەپ قالغان يۇمۇق كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. مانا، كۆردۈڭلارمۇ! گەپنىڭ ئوچۇقىنى، راستىنى ئېيتقاندا، گۈلخان ھەدىنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن قارا، لېكىن ئۇنى قارا دېسە ئۆلگۈدەك خاپا بولىدۇ، ئاق دېسىمۇ ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چىرايى شۇنداق كۆرۈمسىز، قارا تۇرسىمۇ لايىقىدا، ئېپىدە گەپ تېپىپ «چىرايلىق»، «بۇغداي ئۆڭلۈك» دەپ ماختاپ قويساڭ مانا مۇشۇنداق خۇشال بولىدۇ. مانا بۇ، ئادەملەرنىڭ يالغان گەپكە خۇشتار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەمدۇ؟!

بۇنداق مىساللار كۆپ، ئانار گۈلنى بىرى «سېنىرىق ئاسلان» دەپ تىللاپ قويۇپتىكەن، ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە يىغلاپ يۈردى، ھەتتا خاپىچىلىقتا كېلىندىن

قىزامۇ ئۆتمىگەنمىش. مەن بۇ ئەھۋالدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى بىر ياتقا
تارتىپ كۆڭلىنى ياسىدىم:

ــ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا خاپا
بولۇپ كەتكەن بارمۇ! ــ دېدىم مەن
جىددىي تەلەپپۇزدا، ــ سىزنى «سېرىق»
دېگەن بولسا خۇشال بولسىڭىز، پەخىرلەن-
سىڭىز بولىدۇ، ــ دېدىم مەن چىرايىمغا
جىددىي تۈس بېرىپ، ــ ھازىرقى زامان-
نىڭ قىزلىرىغا تازا زەن سېلىپ قاراپ
باقمىدىڭىز، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى تۈر-
سا نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە ساپسېرىق قىلىپ
بويىۋالىدۇ؟ چۈنكى سېرىق رەڭ دېگەن
مودا ـ دە! ئالتۇننىڭ رەڭگىمۇ سېرىق
ئەمەسمۇ! سېرىق سەبدە گۈلگە قاراڭا،
ئالتۇندەك ساپسېرىق ئېچىلىپ كەتسە،
كىشىلەر بەس ـ بەستە ئۈزۈپ چېكىسىگە
قىسىۋالىدۇ، قەدىرلەيدۇ. سېرىقنىڭ قىممىتى چوڭ. ياۋروپالىقلار ساپسېرىق
تۈرۈپمۇ نېمىشقا ئاق تەنلىك ھېسابلىنىدۇ؟
بۇنىڭدا جەزمەن ئىلمىي ئاساس بار.
شۇنىڭدىن قارىغاندا، چىرايىڭىزنى سېرىق
دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، ئاققا مايىل
دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق! قېنى سوغۇق-
قانلىق بىلەن ئويلاپ بېقىڭا، گېپىم
ئورۇنلۇقمۇ ـ قانداق؟

ئانارگۈلنىڭ خاپىچىلىق تۇمانلىرى
قاپلىغان سوپسوپىيىاڭدەك ساپسېرىق
چىرايى شۇ ھامان باھار ئاپتىپىغا
تويۇنغان گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى، ئارقى-
دىن ئۇ كىچىك يالىلاردەك تاقىلىغىنىچە
كۈچەپ چاۋاك چېلىۋەتتى:

ــ بىلەمسىز ھەقىقەتەن يوقىرىكەن
جۇمۇ سىزنىڭ! بۇرۇن سىزنى چۈشەنمەپ-
تىكەنمەن. «روسۇل توك» دېسە راستىكەن
دەپ ئىشىنىپ قاپتىمەن. ئادەمنىڭ
قەلبىنى بۇنداق چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى،
قەدرىگە بۇنداق يېتىدىغانلىقىڭىزنى
بۇرۇنراق بىلگەن بولسامچۇ، بىرمۇنچە
كۆز يېشىمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ
يۈرمەي سىزنىلا ئىزدىمەسمىدىم! ھەي
ئېسىت! ــ ئانارگۈل مىننەتدارلىق
نەزەرى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى.
مەن ئاخىرى غايىبانە ئىشقى ـ ھەۋەس
ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بۇنداق
مىختەك قادىلىپ قاراشقا بەرداشلىق
بېرەلمەي، كۆزۈمنى ئاستا ئەپقېچىشقا
مەجبۇر بولدۇم.

ئاسىيگۈلنىڭ چىرايىنى سەت دېگىلى
بولمايدۇ، قويۇپ قويغان ئۆپكىدەك
ئاپئاق ۋە سېمىز، لېكىن ئورۇشۇپ
قالغاندا بىر ئايال ئاچچىقىدا ئۇنى «پا-
نىق سۆڭەكتىن تۆرەلگەن ئالۋاستى،
چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان مۇردا،
قانسىرىتىلغان ئۆپكە ...» دېگەنگە ئوخ-
شاش بىمەنە تىللار بىلەن تىللاپ
سالغىنىكەن، ئىشقا چىقماي يېتىۋالدى.
بۆلۈم باشلىقلىرىدىن تارتىپ باشقارما
باشلىقلىرىغىچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، نا-
ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.
لېكىن ئۇنۇمى كۆرۈلمىدى. ئۇ تىللىغۇ-
چىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ بەرمىگىچە
رازى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ،
ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى،
ئاخىرى ئابدۇرازاق ماڭا يالۋۇرۇشقا
مەجبۇر بولدى. ماقۇل دەپ باردىم ۋە
ئەتىسى ئۇ ئىشخانىمىزدا گۈلقەقەلىرى
ئېچىلغان ھالدا پەيدا
بولىدى. بۇنىڭ سىرىنى
سورىغۇچىلارغا ھېچنېمە دەپ بەرمىدى-ل

لېكىن سىلەرگە دەپ بەرمىسەم بولماس.
قوللانغان ئۇسۇلۇم ھېچقانـداق سىرلىق
ئۇسۇل ئەمەس، يەنىلا شۇ يالغان سۆز-
لەش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئاق رەڭنىڭ
پاكلىقنىڭ بـەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېزىپ ـ
ئىچىۋرۇپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم، خالاس.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاپىچىلىقتىن خـالاس
بولدى. مـەن بـولسـام، كىشىلەرنـىڭ
نەزەرىدە «يـاخشـى» ، «كـۆيـۈمچـان» ،
«قابىلىيەتلىك» ، «تـەدبىرلـىك» ئـادەم
بولۇپ قالدىم. بارا ـ بارا كىشـىلەرنىڭ
قەدىرلىشى ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىشكە
باشلىدىم. بۇ، يالغان سۆزلەشنىڭ كۈچ ـ
قۇدرىتى بولماي نېمە؟ بۇنىڭغا قـاراپ
سىلەر مـىلىڭ يەردىن چېنىپ تۇرىدىغان
بۇنداق يالغـان ـ يـاۋىداق گـەپلىرىڭىز
بەزىبىر گول خوتۇنلار ئالدىدا ئانچـە ـ
مۇنچە ئاققان بىلەن پـاراسـەت بـابىدا
كامالەتكە يەتـكەن ئـەرلـەر ئـالدىدىغـۇ
ئاقمىغاندۇر، هـەقىچان! دەپ ئـويـلاپ
قالماڭلار. بۇنىڭغىمۇ ھېچقانچـە قىينال ـ
مايلا تالاي ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈ-
رۈپ بېرەلەيمەن:

بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىگـە
ئەمدىلا بىر يىل بولغان ساۋۇتنىڭ يېشى
ئوتتۇزغا بارا ـ بارمايلا چېچى چۈشۈشكە
باشلىدى. ئۇنىڭ چېچى بـۆلـۈمىمىزنىڭ
گاددىرماش ئىشلىرى ئۈستىدە كۆپ بـاش
قاتۇرۇپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق چۈشۈپ
كېتىۋاتامدىكىن دېسە، ئۇنداقمۇ ئەمەس،
مىجەزىگە ئاساسلانغاندا، قىلچـە ئىككى-
لەنمەيلا ئۇنىڭغا تەپسە تەۋرىمەيدىغـان،
ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يـېتىپ
مانتا يەيـدىغـانلار قاتـارىدىن ئـۇرۇن
بېرىشكە بولىدۇ. ھېچقانداق ئىشقا ئار-
تۇقچـە مېڭـە ئىشلـىتىپ كـەتـمـەيـدۇ،
باشلىقلار نېمە دېسە «خوپ!» ، «ماقۇل» ،
«مانا ھازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن!» دەپ
قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىـن باشـقىنى
بىلمەيدۇ. گەپلەرنىڭ توغرا ياكى خاتـا
ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرمـەيدۇ.
شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بـاشقىلارمۇ ئۇنى
ئىنتايىن ياخشـى كـۆرىدۇ. ئـۇ يـەنـە
ھەمىشە ئائىلىلەردە دېگـۈدەك يـۈز بېرىپ
تۇرىدىغان جېدەل ـ ماجىرالاردىنمۇ خالى.
ئۇنىڭ ئايالـى شـۇنداق كـۆيۈمـچـان،
چىرايلىق، مۇلايىم، مىجـەزى ئوبـدان
ئايـال. ئـۇ ئېـرىنـى دائىم ۋاي، دەپ
تۇرىدۇ، بـولـۇپـمـۇ بـاشقىلار ئـالدىدا
ئالاھىدە ئىززەت ـ ھـۆرمىتـىنى قىلىدۇ.
شۇڭا ئۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن پـۈتـۈن ـ
لەي خاتىرجەم، يوشۇرۇن دەرد ـ ئـەلـ ـ
مىمۇ يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئـۇنىڭ
چېچى چـۈشـۈپ كېتىشـكە زادى نېمـە
سەۋەب بولدىكىن ـ تـاڭ؟ ئـادەم يـاپ ـ
ياش تۇرۇپلا چېچـى چـۈشـۈپ كـەتسـە
ھەقىقەتەن كۆرۈمسىز، تـاز چىراي بـو-
لۇپ قالىدىكـەن. بۇنـى ئاز دېگەندەك،
باشقىلارنىڭ چاقچاققـا يـۆلـەپ ئـۇنـى
«غىلتاڭباش ئاقساقـال» ، «پـايـنـەك
گېنېرال» ، «مىس ھەيكەل» دەپ سۈپەتـ ـ
لەشلىرىمۇ ھار كـەلدى بـولـغـاي، ئـۇ
مۇكىمدەك چېپىپ يۈرۈپ نۇرغۇن داڭلىق
دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ باقتى. قايتىدىن
چاچ چىقىرىدۇ دېيىلگەن ھەر خىل دورا
ئىيلانلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن كېسە-
ۋېلىپ دۇكانمۇ ـ دۇكان قاترىدى. ھەتتـا
دورا ئىيلانىدىكى چۈشەندۈرۈش بـويىچـە
بىر سىم چوتـكـا سېتىۋېلىپ، بېشىنى
نۇرغۇن قېتىم قانىتىپ، دورىنى تـاقىر

بېشىدىكى ئاقىدان يۈزىگە، نۆكچە سېلىنىغاندەك تەكشى قانىتىلغان جايلارغا يېرىم يىلغا يېقىن سۈركەپ باقتى. لېكىن بۇنىڭ بىسۇدە ئازاب چەككەندىن باشقا قىلچە ئونۇمى كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇتنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. يوغان كەپكىنى قۇلىقىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، گويا ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭىدىغان بولۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە تاقىر باش بولۇپ قالغانغا بۇنچىۋالا روھسىزلىنىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ راستىنىلا تاقىر باش بولغاندىكىن كىشىلەر تاقىر باش دېسە نېمە بوپتۇ؟ پىسەنت قىلماي كۈلۈپلا قويىساڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەۋرىتىپ ئۆزلىرى زېرىكىدۇ. سەن قانچە تە بولغانسېرى خەقلەرنىڭ سېنى شۇنچە چىچاڭشىتقۇسى كېلىدۇ. بۇ خۇددى «ساقنى تاز دېسە كۈلگىسى كەپتۇ. تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى» دېگەندەك بىر گەپ بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدە بار ئەيىبنىڭ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىشىنى خالىمايدىكەن، تاز بولسىمۇ ساق دەپ تەرىپلىسە، خۇشال بولىدىكەن. قىسقىسى، يەنىلا مۇشۇنداق يالغان گەپلەر قۇلاققا ياقىدىكەن. مەن يۇقىرىقى تەھلىلىمگە ئاساسەن ساۋۇتنى خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلىدىم:

— تاقىر باش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ! — دېدىم ئۇنىڭغا مەن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — تاقىر باش بولۇش، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئەقىل - پاراسەتنىڭ پىشىپ - يېتىلگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى، ئىشەنمىسەڭ لېنىننىڭ سۈرىتىگە قاراپ باق، ئۇنداق دانىشمەن ئادەم دېگەننىڭ دۇنيادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن يا راستىنلا تاز بولمىساڭ، خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن نېمە كارىڭ؟ «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەندەك، قۇلاقنى يوپۇرۇپ ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەرسەڭ بولمامدۇ. سۇنا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك بۇنداق شۈمشىيىپ يۈرسەڭ ساڭا كۆڭلى يېقىن بىرىگە ئوخشاش ئاغىنىلىرىڭگە تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىكەن!

— شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ قاپاق كاللامنى - زە! — ساۋۇت پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان تاقىر بېشىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن كاللىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر، چېچى بار ئادەملەردىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىپ قالغانىدى، — بالدۇرراق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى، ئاداش. ئۇنداقتا بۇنچىۋالا ئازابلىنىپمۇ يۈرمەستىم! مۇشۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىم يەتمىگىنىنى قارىمامسەن!

شۇندىن كېيىن ئۇ كەپكىسىنى پىرقىرىتىپ چۆرۈپ تاشلاپ، تاقىر بېشىنى ۋال - ۋۇل پارقىرىتىپ كېرىلىپ يۈرۈيدىغان بولدى. خېلى پۇل خەجلەپ ئالغان يالغان بۇدۇر چاچنىمۇ نەلەرگىدۇر يوقاتتى. مانا بۇمۇ يالغان گەپنىڭ كارامىتى! راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق يالغان گەپنىڭ يالغۇز ساۋۇت ئالدىدىلا ئىقىپ قالماستىن، يالغان گەپكە تايىنىپ ئەمەل

تاجىنى بېشىغا كىيگەن، يالغان گەپنىڭ
لېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان
ئابدۇرازاق ئالدىدىمۇ خېلى ئوبدان
ئېقىپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىمغا كەل-
تۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. تۇۋا دەيمەن،
بۇرۇن ئىشخانىدىن باشقا يەردە ماڭسا
كۆز قىرىنى سىلىپمۇ قويمايدىغان ئادەم-
نىڭ مېنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشىنى
نەدىن بىلەي؟ مەن ھودۇقۇپ قالدىم
ۋە ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنى سافادا
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. لېكىن
سافا ئۈستى قالايمىقان تاشلاپ قويۇل-
غان كىيىم - كېچەك، كىرلىشىپ كەتكەن
ياستۇق، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان
پايپاق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ
كەتكەن بولۇپ، ئادەم ئولتۇرغىچىلىك
بوش يەر قالمىغانىكەن. ئالدىراشچىلىقتا
بۇنى مەن يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتى-
مەن ئەمەسمۇ! ئۇ يا ئولتۇرۇشنى، يا
ئۆرە تۇرۇشنى بىلەلمەي مەڭدەپ
قالدى، مەن قاتتىق خىجىلچىلىق
ئىچىدە ئابدۇرازاققا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاچ
بۇ قالايمىقان نەرسىلەرنى پۇرلاپ -
پوملاپ كارىۋات ئاستىغا تىقتىم - دە،
ئاندىن ئەسلىدىكى رەڭگىنىڭ قانداق
ئىكەنلىكى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەت-
كەن قاتمال لۆڭگە بىلەن سافانى بىر
قۇر سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنى قايتىدىن
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

— خوتۇن خەق بولمىغان ئۆي
دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، — دېدىم
ئېشەك ئېغىلىغا ئوخشاپ قالغان ئۆيىنىڭ
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈ-
ۋاتقان ئابدۇرازاققا قاراپ ئۆز خىجىل-
چىلىقىمنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، — كۆڭ-
جەننەت خېتىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە كەتكەنىدىن بۇيان ھېچ ئىشقا
خۇش ياقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاداش!
ئۆينى بىرەر قۇر تازىلاپ قويغۇممۇ
كەلمەيدۇ. قانداق قىلىسەن، بويتاقچىلىق
دېگەن ئادەمنى مۇشۇنداق ھورۇنلاش-
تۇرۇپ قويىدىكەن.

— خوتۇن خەقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن
قۇتۇلۇۋالغانلىقىڭغا خۇشال بولماي
دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، — دېدى ئابدۇ-
رازاق مېنىڭ بويتاقچىلىق تۇرمۇشۇمغا
ھەۋەس كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تەلەپ-
پۇز بىلەن، — خوتۇن خەق بار ئۆي
دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى
بار، ئاغىنە. بىردەم كىيىم - كېچەك
دەۋاتقان، بىردەم زىبۇ - زىننەت. بىر
ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى
قاندۇرساڭ، ئارقىدىن ئاللىقانداق يېڭى
مودىدىكى ئۆي جاھازىلىرىنىڭ جېدىلىنى
قىلىۋاتقان، ھەتتا تۆردىن ئورۇن
ئالالماي قالسىمۇ سەندىن خاپا بولۇۋات-
قان. ئادەتتىكى ئۇششاق سۆزلىرىنىغۇ
تىلغا ئالمايلا قوي، بولمىسا غەزىپىڭ-
دىن يېرىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ
ساق كاللاڭ ئېلىشاي دەپ قالىدۇ.
سەنچۇ؟ شۇنداق ئەركىن، ئازادە. بوي-
نۇڭدىن باغلاپ تۇرىدىغان ئادەم يوق.
نەگە باراي دېسەڭ بارالايسەن، نەدە
تۇراي دېسەڭ تۇرالايسەن، نېمە ئىش
قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلىسەن. بوسۇغى-
دىن پۇتۇڭنى ئالا - ئالمايلا «ساپلىما
كەش ئالماشتۇرۇڭ» دەپ ۋارقىرايدى-
غان، تاماكاڭنى تۇتاشتۇرا - تۇتاشتۇر-
مايلا «ئورىدىن ئىس چىقىرىپ بالىلارنى
زەھەرلىمەي، تالاغا چىقىپ چېكىپ

كىرىڭلار!» دەپ ئۆيدىن قوغلايدىغان،
ھەتتا خورەك تارتىپ قالساڭمۇ ھازا-
زۇلدەك قوپاللىق بىلەن تۇرتۇپ ئويغى-
تىپ تاتلىق ئۇيقۇڭنى ھارام قىلىدىغان
ئادەم يوق. قىسقىسى، ئەركىنلىكنىڭ
ھۇزۇرىنى سۈرسەن! قاراپ تۇرۇپ
مۇشۇنداق ئوبدان تۇرمۇشتىن زارلان-
غىنىڭ نېمىسى؟ راستىنى ئېيتسام،
ھازىرقى بويتاقچىلىق تۇرمۇشىڭنىڭ
قەدرىگە يەتسەڭ بولىدۇ جۇمۇ.

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ مېھرىنى-
سانى قويۇۋېتىپ، بويتاق بولۇۋالما-
سەن؟ — دېدىم مەن يېرىم چاقچاق،
يېرىم ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇلپەت-
داش بولۇپ، بويتاقچىلىقنىڭ پەيزىنى
تەڭ سۈرمەيمىزمۇ!

— نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش بول-
سۇن؟ — ئابدۇرازاق چۆرىسىگە ياغ توشۇپ
كېتىپ چانىقىغا پاتماي ۋاتقاندەك تېشى-
غا تېخىمۇ پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى
قىسىپ، بېشىنى چايقىدى، — مەندەك
بوزەك ھەم ئوبدان ئەرنى ئازان تېپى-
ۋالغان خوتۇن ئاسانلىقچە خېتىنى
ئالىدۇ دەمسەن؟ يەنە گۇلدەك ئىككى
بالام تۇرسا، ئۇلارنىڭ يۈزىنى قىلمى-
سام بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ
خوتۇنىمىز ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالمايمەن
دېگىنە!

ئابدۇرازاق ئاخىرقى بىر جۈملە
سۆزنى ئېغىزىدىن ئارتۇقچە چىقىرىپ
تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي
ئەتىمالىم، لېۋىنى چىشلىگىنىچە داڭ قېتىپ
تۇرۇپلا قالدى. ياغ سۈرتۈپ ياقىقان
توقاچتەك قىزغۇچ كەلگەن چىرايى تا-
تىرىپ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى، مەن

ئۇنى ئوسال ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن گەپنى ئۆزۈمگە بۇرىدىم.

— بويتاقچىلىق دېگەنىنىڭ ھەۋەس
قىلغۇدەك يېرى يوق، — دېدىم جىددىي
تۇردا، — ئەقەللىيسى، ئېغىزىڭغا تېتىغۇ-
دەك ئىسسىققىنا بىرەر ۋاق تاماقمۇ
يېيەلمىسەڭ، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى
ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ پاكىز
كىيەلمەي يۈرەلمىسەڭ، كېچىسى تىزىڭنى
قۇچاقلاپ يېتىشتىن باشقا ئامال قىلال-
مىساڭ، ئۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى دېگىلى
بولسۇن؟! يەنىلا ئۆي - ئوچاقلىق، بالا -
چاقىلىق بولغانغا يەتمەيدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئابدۇرازاقنىڭ
چىرايى بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى،
ئۇ توساتتىن مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە
ئالغاندەك، يوتىسىغا بوشقىنە بىرنى ئۇر-
دى - دە، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئا-
سىغا كۆچتى، — بۇرۇن ياخشى - يامانني
دېيىشىپ قالغان يەرلىرىمىز بولسىمۇ
كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، ئاداش! قان-
داقلا بولمىسۇن، ئىككىمىز دېگەن ساۋاق-
داش، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، بىر-
بىرىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايمىز.
شۇڭا بۈگۈن دەردىمنى تۆكۈپ، ئىچىمنى
بىر بوشىتىۋالاي دەپ يېنىڭغا كېلىشىم.

— ۋاي سېنىڭمۇ دەردىڭ بارمۇ
تېخى! — پەتنۇستىكى قېتىپ كەتكەن
نانلارنى ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىغا قويۇ-
ۋېتىپ، بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق-
لارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا
قالدىم. ئارقىدىن مېنى ئالاھىدە ئىزدەپ
كەلگەن مېھماننى بىھۇدە رەنجىتىپ
قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گېپىمنى
تولۇقلاشقا ئالدىرىدىم، — دېمەكچىمەنكى،

سېنىڭ بىر ئوبدان خوتۇنۇڭ، گۈلدەك باللىرىڭ، ئىناق ئائىلەڭ تۇرسا، يەنە نېمە دەردىڭ بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەتتىمۇ خېلى يۈز - ئابرويۇڭ بارغۇ؟

مەن شۇ گەپلەرنى قىلغاچ تومپۇچكا ئۈستىدىكى چايدانغا قول ئۇزاتتىم. چايداندا يېرىمچە چاي بولسىمۇ، ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغانىكەن. ئابدۇرازاق ئاشخانىغا قاراپ ماڭغىنىمنى كۆرۈپ مېنى توختىتىۋالدى:

— چاي قايناتمىسەن، دەپ ئاۋارە بولما! — دېدى ئۇ باشلىقلارغا خاس سالاپەت بىلەن بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ھارقىڭ بولسا بىرەر رومكىدىن قوي، ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز.

مەن قاچا - قۇچا ئىشكاپىنى ئاچتۇرۇپ يېرىم بوتۇلكا ئاق ھاراق تاپتىم، ئۇنى چاي قويۇشقا تەييارلاپ قويغان چىنىگىلا تەڭشەپ قويۇپ، كۆپرەكنى ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىغا ئىتتەردىم، ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا چىنىدىكى لېپمۇ - لىق ھاراقنىڭ يېرىمىنى گۈپۈلدەتتىپ ئىچىۋېتىپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنىڭ چۆرىسىنى سۈرتتى، ئاندىن كۆنۈپ قالغان ئادىتى بويىچە قورۇما تەخسىلىرىنىڭ چېتىگە قويۇلدىغان چوكىغا قول ئۇزاتقاندەك بىر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلدى. قولىغا چوكا ئەمەس، قاتتىق نان ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە خىجىلچىلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سېلىپ، ئالدىرىماي ئېۋىتىپ كورسىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. لېكىن ناننىڭ قاتتىقلىقىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئاخىرى ئېزىقىدا چايناپمۇ ئېزەلمىگەن ئۈچكىدەك ناننى ئاغزىدىن چىقىرىۋېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەنمۇ داستىخاننىڭ بەكمۇ غورىگىل بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم. ئۇ ھېلىقى ناننى تومپۇچكىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ھاراقنىڭ تەسىرىدە قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قېنى، لىللا بىر گەپ قىلىپ باققىنا، ئاداش. مەن خىزمەتنى زادى قانداق ئىشلەيمەن؟ ئۆزۈڭ - كۆرگەندەك، ئولتۇرسام - قوپسام خىزمەت ئۈستىدە باش قاتۇرىمەن، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ باشقارمىمىزغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى قانداق قىلىپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش توغرىسىدا پىلان تۈزۈش، چارە - تەدبىر ئويلاشتىن خالىي بولالمايمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، بەزى باشلىقلىرىمىز يەنىلا رازى بولمايۋاتقان! ھە دېسىلا تەنقىد كالتىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئادەمنىڭ بېشىغا كەلسە - كەلمەس سېلىۋاتقان! ھەي ...

ئابدۇرازاقنىڭ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئوڭىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرىم بار: ئىشقا كېلىدۇ - دە، ئاۋۋال تازىلىق ئىشچىسى ئىشخانىغا ئەپكىرىپ قويغان چايداندىكى قايناق سۇ بىلەن قېنىق قىلىپ چاي دەملەيدۇ، چاي سەل سوۋۇپ لېۋىنى كۆيدۈرمىگۈدەك بولغاندا ئۈستىدىكى ھامىنى شىپايىلىق بىلەن پۈۋلەپ

تۇرۇپ، مەززە قىلىپ ئىچىۋېتىدۇ، ئارقى-
دىن گېزىت قەغىزىگە كۆك تاماكىنى
باشمالتاق چوكۇلۇقىدا يۆگەپ، پۈتنى
ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىدىن قو-
يۇق تۈتۈن چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئاندىن
كېيىن ئالدىدىكى دۆۋىلىشىپ كەتكەن
ھۆججەت - جەدۋەللەرنى بىر قۇر ۋاراق-
لاپ قويۇپ، گويا ئۇزۇن مۇساپىنى بې-
سىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ئادەمدەك
تازا سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىۋېتىپ،
سافاغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. مۆگدەك بېسىشقا
باشلىغاندىن كېيىن، ئىشخانىنىڭ
ئىشىك تۇتقۇچىغا «بۈگۈن چۈشتىن
ئىلگىرى يىغىن بار، ئىشى يوقلارنىڭ
كىرىشىگە رۇخسەت يوق!» دېگەن خەتلەر
يېزىلغان تاختىنى ئېسىپ قويىدۇ - دە،
تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ... چۈشتە-
دىكى ئىشلار توغرىسىدا بولسا، ئېنىق بىر
نەرسە دېيەلمەيمەن. ئابدۇرازاقنىڭ تو-
لىمۇ قابىلىيەتسىز، چارە - تەدبىرسىز
ئىكەنلىكى، يالغان گەپتىن، چاپانچى-
لىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەممىگە
ئايان. ئۇ بىرەر ئىش توغرىسىدا مۇس-
تەقىل پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، ھېچبە ئىشلە-
تىپ كونكرېت چارە - تەدبىر تۈزۈش
قويىدا بولمايدۇ. ھەممە ئىشتا باشلىق-
نىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، ھەتتا مەلۇم بىر
قېتىم خوتۇنىغا يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ بې-
رىش - بەرمەسلىك توغرىسىدىمۇ باشلىق-
تىن «يوليورۇق» سوراپ كۆلكىگە قالغان-
مىش. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ
خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەسلىكى تەبى-
ئىي. خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىگەنىكەن،
باشقىلارنىڭ ئۇنى تەنقىد قىلىشىمۇ تەبى-
ئىي ۋە توغرا. لېكىن ئۇ بۇنداق تەنقىدنى
قوبۇل قىلالمايدىكەن، سەۋەنلىكىنى بويىنىغا
ئالغۇسى كەلمەيدىكەن، ئۆزىنى قابىلى-
يەتلىك، تەدبىرلىك ئادەم سانايدىكەن.
شۇ ۋەجىدىن باشلىقنىڭ گېپىنى ھار
ئېلىپ كېتىپ، تەنقىد تولۇپ كەتكەن
قورسىقىنى بوشىتىۋېلىش، ئۆزىگە ئاز-
تولا تەسەللى تېپىش ئۈچۈن مېنى
ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەن چېغى. ئۇنىڭ
مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، نېمە
ئۈچۈندۇر ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. باش-
لىقنىڭ تەنقىدى ئېچىشتۇرۇپ
ئولتۇرغىلى قويمايۋاتقان يەرگە
«مانا ئەمسە» دەپ بىر - ئىككى
چىمدىم تۇز سېپىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى.
بۇنداقتا، راست گەپنى دېيىشكە توغرا
كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۆزىگە پايدا
يەتكۈزىدىغان بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقى-
غا ياقمايدۇ، مەندىن ئۆلگۈدەك خاپا
بولىدۇ، كۈتكەنلىرىمدىن ئۈمىدىمۇ قال-
مايدۇ، بىرەر يىلدىن بۇيان شۇ يولدا
سىڭدۈرگەن «جاپالىق ئەجرىم» نىڭ
ھەممىسى بىكار بولىدۇ. يالغان سۆزلەپ
قويسامچۇ؟ ئىش تامامەن باشقىچە بو-
لىدۇ، ئۇ مەندىن رازى بولۇپ چىقىپ
كېتىدۇ، بۇرۇن باشلىقلار ئالدىدا مېنى
چاققان بولسا، ئەمدى ماختايدۇ، باشقار-
مىدا ئۆزىدىن قالسا، مېنىڭ خېلى قابى-
لىيەتلىك ئىكەنلىكىمنى تىلغا ئېلىپ،
ئېشىپ قالغان بىرەر ئەمەلنى ماڭا ئىل-
تىپات قىلىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ
بېرىپمۇ قويىدۇ. ئەمەل شوتىسىغا بىر بال-
داق چىقىۋالدىممۇ، بولدى. مۇشۇ ئا-
ساستا بالداقمۇ - بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ،
ئۇزۇنغا قالماي ئابدۇرازاقنى پەستە
قالدۇرۇپ قويالىشىمغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇ چاغدا ئىنى ھازىرقىدەك گىدىيىپ يۈرمەي، ئالدىمدىن ئېگىلىپ ئۆتىدىغان بولىدۇ، گىدىيىش ماڭا قالىدۇ. خورلان- غان دىلىمدىكى زەردابلىق يارىسىنى خور- لاش ئارقىلىق ساقايتىپ يۇخادىن چى- قىمەن. گۈلجەننەتمۇ كەچۈرۈم سوراپ يېنىمغا قايتىپ كېلەمدۇ تېخى! مەن جىددىي ئويلىنىش ئارقىلىق كېيىنكى يولنى تاللىۋالدىم.

— يەنە ئايۇپ ئاكىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان ئوخشىمامسەن؟ — مەن گەپ تېپىش ئۈچۈن قىياسەن سۆزلىدىم. گەپ- نىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئابدۇرازاق ياقۇپ نازىرنىڭلا چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، مۇئاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنى كۆزگە ئىلمايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرى- سىدىكى زىددىيەت بۈگۈندىن پەيدا بول- غان ئەمەس. ئايۇپ ئاكا قول ئاستى- دىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. يا- قۇپ نازىر بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى ئايۇپ ئاكىدەك قاتتىق تەنقىدلىمەي، «ياش ئەمەسمۇ، بارا-بارا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئالدىراق- سانلىق قىلىشقا بولمايدۇ...» دېگەن- دەك گەپ-سۆزلەر بىلەن ئاقلايتتى. شۇ- ڭا ياقۇپ نازىرنى ھەممەيلەن «بەك بە- لەن باشلىق»، «ئادەمگەرچىلىكى بار»، «قورسىقى دەريادەك كەڭ» دەپ تەرىپ- لەيتتى. ئايۇپ ئاكىنى بولسا، «ئىچى تار»، «قىتىغۇر»، «ئۆتۈپ كەتكەن پىت- كۆز» دەپ ئەيىبلەيتتى. ئابدۇرازاق- نىڭ خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلىرى كۆپرەك بولغانلىقتىن ئايۇپ ئاكا تەرىپىدىن پات- پات ئۇچۇقدىلىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇچۇقدىلىپ كېتىپ، ئورنىدا زادىلا ئولتۇرالماي قالغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇ ئاسانلىقچە مېنىڭ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلمەيتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، يۇقىرىقى گەپنى يۈرەك- لىك ھالدا ئاغزىمدىن چىقىرىۋەتتىم.

— موللا تاپقاقمۇ نېمە سەن؟ — باشلىقلاردىن تەنقىد ئىشىتكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ چۈشىنىپ كەل- گەن ئابدۇرازاق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى، — بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟

— مەن دېگەن يەر ئاستىدا يىلان كۆچسە بىلىپ تۇرىمەن جۇمۇ! — مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭمۇ بوشاڭ، ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىمنى پۇرىتىپ قويۇش مەقسىتىدە چاقچاققا يۆلەپ پوئېتىپ قويدۇم، — ئاكاڭنى ئۇنچىۋالا بوش چاغلىما! قېنى ئېيتىپ باققىنا، ئايۇپ ئاكا سېنى نېمە دەپ تەنقىد قىلدى؟

— نېمىدەيتتى، — دېدى ئابدۇ- رازاق نارازى بولغان ھالدا چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، — يەنە شۇ كونا مۇقامنى تەكرارلىغاندىن باشقا، قاراپ تۇرۇپ، بۇدا ئازراق تەھدىتمۇ سېلىۋا- تىدۇ تېخى، مەن قورقۇپ كېتىدىغاندەك! مەن باشقارمىمىزنىڭ خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلالمايتىمىشمەن، ئۈنۈم- لۈك چارە-تەدبىر قوللانمايتىمىشمەن، ئاممىغا تايانمايتىمىشمەن، شۇڭا يىللىق پىلان ئورۇندالماپتۇمىش. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، باشقارما پۈتۈنلەي ئۆزگىشىپ كېتەر- مىش. ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق ئۆ- زۈمنى سوراپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىستېپا بەرگىنىم تۈزۈكمىش... ھۇ، ئاناڭنى!

ئابدۇرازاق ئاغزىنى بۇزۇپ ئولتۇرۇپ، چىنىدىكى ئاشقان ھاراقنى غورتىلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن سىناق نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە زاكۇسكىسىز ھاراق كۈچىدىن قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئايۇپ ئاكىمۇ ھەقىقەتەن بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدىم مەن ئابدۇرازاقنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئىمكان قەدەر ئۇنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان سۆزلەرنى تاللاشقا تىرىشىپ، — ۋەزىپىنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىنى سەندىنلا كۆرسە قانداق بولغىنى؟ بۇنىڭدا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمىكەن؟! شۇڭا تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە چوڭ باشلىق ئاۋۋال ئۆزىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. سۇنىڭ بېشى سۈزۈك بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولمايدۇ-دە! ئۆزى باشتا ئۈنۈملۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويالماي، ئەمدى ئىش چىڭىغا چىققاندا ھەممە سەۋەنلىكنى ساڭا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆز جاۋابكارلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن قاچقىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! بۇنى قانداقمۇ ئادىللىق دېگىلى بولسۇن؟!

— شۇ ئەمەسمۇ! — ئابدۇرازاقنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن مەن بىرىنچى پاي ئوقۇمنىڭ دەل جايىغا تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مەمنۇنىيەت ۋە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىغان تومپاق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزۈڭ ئايرىم پىلان تۈزۈپ دادىل ئىشلەي دېسەڭ، «ئومۇمىيلىق»، «يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى» دېگەندەك بىر نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تېخى يول قويمايۋاتقان؛ «بوپتۇ، يۇقىرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلايلى» دېسە، پىلاننىڭ تەپسىلاتىنى، ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىرلىرىنى تېخى چۈشۈرۈپ بەرمەيۋاتقان؛ يىل ئاخىرىدا ۋەزىپە ئورۇندالمىسا بۇنى ئاۋۋال ئۆزىدىن كۆرمەي، سەۋەنلىكنى يەنە بىزگە دۆڭگەپ قويۇۋاتقان؛ ئاندىن تۆۋەندىكىلەرمۇ بىزدىن بىھۇدە ئاغرىنىۋاتقان! ھەي، ھەي، ھەممە كەلگۈلۈك بىز ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرگە كېلەمدۇ نېمە؟!

— شۇنداق، ئوتتۇرا قاتلامنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش ھەقىقەتەن تەس! — مەن چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا جىددىي تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدىم، — ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرساڭ نېمىمۇ قىلالايتتىڭ؟ خىزمەت دېگەننى شۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتىسەن. ئىشقا ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ ھەممىدىن كېيىن كېتىۋاتىسەن. بىز بىر تامچە تەر ئاققۇزساق، سەن ئون تامچە تەرنى ئارتۇق ئاققۇزۇۋاتىسەن. لېكىن نەتىجەڭ كۆزگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. بىلەمسەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

مەن سۆزلىرىمنىڭ سېھىرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر پەس توختىۋالدىم. ئابدۇرازاقنىڭ چوڭقۇر تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي جىددىيلەشكەن ھالدا سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كۈلدۈم ھەم ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سەۋەب شۇكى، بەزىلەر سېنى كۆرەلمەيدۇ، نەتىجەڭنى ئىلاجى بار كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدۇ، تىرناقچىلىك سەۋەنلىكنى تاغدەك قىلىپ كۆپتۈرىدۇ، تۇتامغا چىقمايدىغان گۇناھلارنى ئارتىپ باشقىلارغا چاقىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق: سېنى ئوڭدا قويۇپ، ئۆزلىرى سېنىڭ ئورنىڭغا چىقماقچى! شۇڭا بۇنداق ھەسەتخورلاردىن ھەزەر ئەيلىمىسەڭ بولمايدۇ، ئاداش!

— توغرا، توغرا! — ئابدۇرازاق چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، — ئايۇپ ماڭا ئىستېپا بېرىش توغرىسىدىكى گەپنى پۇراتقاندىلا يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ، پېيىمغا چۈشكەنلەرنىڭ بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغان، لېكىن تازا جەزملەشتۈرۈپ كېتەلمىگەنىدىم. راست دېگەندەك بۇنداق ئىشلار ئاممىغا بەش قولدەك ئايان، سەنمۇ ھازىر ئامما بولغاندىكىن بىز بىلمىگەننى بىلىۋېلىشىڭ، بىز سەزمىگەننى سېزىۋېلىشىڭ تۇرغانلا گەپ. چۈنكى ئامما دېگەن ھەقىقىي قەھرىمان - دە!

ئۇ توختىماي سۆزلەپلا كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى قۇلىقىمغا كىرمىدى، تۇيۇقسىز پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى مۇزدەك تىترەك قاپلىدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىمەن، ئۇنى خۇشال قىلىمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىمەن دەپ، قاراپ تۇرۇپ بىر مۇنچە يالغان گەپلەرنى قىلدىم، ھەتتا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇپلا «ئارىمىزدا ھەسەتخورلار، چېقىمچىلار بار...» دېگەنگە ئوخشاش يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتىن ئايانمىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈم چېقىمچىلىق قىلدىم. مەن زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىمەن؟ ئەمەل، ئىمتىياز، يۇقىرى ئورۇننى دەپ ۋىجداننى ئىتقا تاشلاپ بېرىۋېتىدىغان مۇشۇنداق ئىپلاس يولدا ئوڭ - تەتۈر دەسسەپ كېتىۋېرىمەنمۇ؟!

— نېمە بولدۇڭ؟ — ئابدۇرازاقنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى مېنى ئازابلىق خىيالدىن ئويغاتتى، — شۇنچە گەپ قىلسام ئۈندىمەيسەنغۇ! ئېيتقىنا، مېنى ئايۇپقا كىم چاقتى؟ شۇنداقلارنىڭ ئاناۋىنى راست تارتىپ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي!

— بۇ مۇھىم ئەمەس، — دېدىم بېشىمنى سىلكىۋەتكەندىن كېيىن يەنە رېئاللىققا قايتىپ، — مۇھىمى شۇنداقلاردىن ئېھتىيات قىلىش! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈڭ خېلى چوڭ ئەرباپ بولۇپ قالدىڭ، ئۇنداق ئۇششاق - چۈششەك، پۇتۇڭغا پايتىما قىلىشقىمۇ يارىمايدىغان چۈپرەندىلەر بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرسەڭ سالاھىيىتىڭگە ماس كەلمەيدۇ، ئۆز ئىناۋىتىڭنى چۈشۈرۈۋېتىسەن! ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈڭ گۇمانلانغانلاردىن ئۆچ ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل. ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزلىرى خىجىل بولۇپ قالىدۇ. سەنمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، كەڭ قورساق باشلىق بولۇپ قالىسەن، ھەممەيلەننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىسەن. ھەممەيلەننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشسەڭ بارغۇ، كەلگۈسىدە نازىرلىققا، ھېچ بولمىغاندا مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈلۈشىڭمۇ مۇمكىن.

— قەندەك گەپ بولدى. قەندەك! — ئابدۇرازاق كىچىك باللاردەك خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىۋەتتى. چىرايىدىكى خاپىچىلىق

بولۇتلىرى تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ماڭا بولغان ئىشەنچ ئالامەتلىرى ئىگىلىدى، — كۆپچىلىكنىڭ سېنى «كۆڭۈل دوختۇرى» دەپ تەرىپلىگىنى ھەقىقەتەن بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ! سەن ھەتتا ئايگۈلنىڭ دىل يارىسىنى ساقايتقاندىن كېيىنمۇ مەن بۇنى يەنىلا تەسادىپىيلىق قاتارىغا چىقىرىپ، ساڭا ئانچە ئىشەنمەي يۈرۈپتىكەنمەن. بولمىسا بالدۇرراق سەندىن مەسلىھەت سوراپ ئىش قىلماسمىدىم، ھەي ئېسىت!

ئۇ گويا مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز ئىش قىلىش تۈپەيلىدىن سادىر قىلىپ قويغان سەۋەنلىكلىرىگە ئېچىنىپ، ئىچ-ئىچىدىن پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەت بىلەن ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئارقىدىن دولامغا ئىشەنچ بىلەن ئۇردى ۋە قولۇمنى دوستانە چىڭ قىسىپ تۇتۇپ، «سەمىمىي ياردىمىم» گە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. خوشلىشىپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ، يەنە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن ئەپكېلىپ پىچىرلىدى:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، باشقارمىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ھازىرغىچە ئادەم سەپلىمىدى. كىچىك كۆرمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويدى دەپ خاپا بولمىساڭ، شۇ ئورۇنغا سېنى كۆرسەتسەم دەيمەن.

— ئۇنچىلىك ئىلتىپاتىڭ بولسا ياق دەمدىمەن! «ھەششاللا» دەپ ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلىمەن-دە! — دېدىم ئۇنىڭ ئاخىرى ئىندەككە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، — بىلەمسەن، سېنىڭ ياردەمچىڭ بولۇش ماڭا كەلگەن چوڭ ئامەت دېگىنە! ھەقىقەتەن تا ھازىرغىچە ھېچ قىلالمىدىڭ، لېكىن سېنىڭ ئەقىللىقلىقىڭ ۋە قابىلىيىتىڭگە بولغان يوشۇرۇن ھەۋەسىم ھېلىقى بىر كۇپلېت شېئىرىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا باشلانغانىدى.

— ھا! ھا! ھا! — ئابدۇرازاق خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى، — بۇ ئەرزىمەس شېئىرنى تېخىچە ئۇنۇتمىدىڭمۇ؟ ئۇنى بارغۇ، ھېلىقى قاپىقى يامان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز، ئىسمى نېمىتى؟ خالىق دېدىڭمۇ؟ ھە-ھە، شۇ خالىق مۇئەللىم تاڭغان تاپشۇرۇقنى ئىشلەش زۆرۈرىيىتى بىلەن قولۇمنىڭ ئۇچىدا شۇنداقلا يېزىپ قويغان!

«ئورۇقنى سېمىز دەپ قويسا، راست سېمىز ئوخشايمەن دەپ ھەسىرەپ-پۇشۇلداپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە يېزىلغان، ساۋاقداشلار ئارىسىدا مەسخىرىلىك كۈلكە-چاقچاق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان ھېلىقى «شېئىرى»نى خالىق مۇئەللىم ئوقۇپ بەرگەندە، سىنىپتا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلگەنىدى. چۈنكى ئابدۇرازاق ئۇ چاغدا مەكتەپتىكى ئەڭ كەپسىز، «ئويۇن قېپى» بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى سۈرەتلەنگەن بۇ «شېئىر»نىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

باھار كەلدى، ياز كەلدى،
قاتار-قاتار غاز كەلدى،
بۇ ئويۇنىشىڭ ئاز كەلدى،
يەنە ئوينا رازاقجان!

لېكىن ئابدۇرازاق ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكىسىنى مەسخىرە دەپ چۈشەنمەي، «شېئىرىمنىڭ بەك قاملىشىپ كەتكەنلىكىدىن» دەپ چۈشىنىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ «شېئىرى» بىلەن ماختىنىپ يۈرگەنىدى. ئۇنى بۈگۈن قايتا تىلغا ئېلىپ قويۇۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن شۇنداق ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتىكى،

ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىك
تۈۋىگە بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
— مەن تېخى سېنى ھەقىقچان مې-
نى كۆزگە ئىلمايدىغۇ دەپ يۈرسەم، ما-
ڭا ھەۋەس قىلىپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدى-
غان! بۇنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام
بارغۇ، ھەي ئېسىت! ...— ئۇ يەنە نېمى-
لەرگىدۇر پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بېشى-
نى ئەلەم بىلەن قاتتىق چايقىدى. ئىچ-
ئىچىدىن ئېغىر خورسىنىپ لېۋىنى چىشلى-
دى. ئاندىن كەسكىن ئاھاڭدا سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — بولدى، ئۆتكەن ئىشقا
سالاۋات! ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئىپا-
دەمگە، ئەمەلىي ھەرىكىتىمگە قارا، ئاداش!
ئابدۇرازاق ئىشىكلىگىنىچە چىقىپ
كەتتى. مەن يالغۇز قېلىپ ھەم كۈلدۈم،
ھەم يىغلىدىم. شۇ تاپتىكى كۈلكە بى-
لەن يىغىنىڭ مەنىسىنى ئاددىي تىلىم بى-
لەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. شۇڭا ئۇنى
كىتابخانلارنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە
چۈشىنىۋېلىشىغا قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئىش-
لار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.
ئاردىن يەنە بىر يىلدەك ئۆتۈپ
كەتتى. ئابدۇرازاق ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنۇ-
تۇپ قالدىمۇ، «بۇ ئاداش كېيىنچە راستى-
تىنلا مەندىن ئېشىپ كېتىپ قالسا
چاتاق بولمىسۇن» دەپ ئويلىدىمۇ ياكى
ئاردا مەن بىلمەيدىغان يەنە باشقا سە-
ۋەبلەر بارمۇ، ئىشقىلىپ، تېخىچە باش-
قارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈل-
مەي كەلدىم. بۇ ھەقتە مىش-مىش پا-
راڭلار چىققىلىغۇ نەۋاق. ئارقامدىن ئىز
بېسىپ كېلىۋاتقانلار ئىچىدىن بىر قانـ-
چىسى بۇ «خۇش خەۋەر» نى ماڭا بىر قانـ-
چە قېتىم يەتكۈزۈپ بولدى. ئابدۇرازاق-

مۇ «مانا، ھەل بولاي دەپ قالدى...»
دەپ، بىر قانچە قېتىم پۈركىتىپ قويدى
ھەمدە مەن ئالدىراپ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ-
راق باشلىق بولۇپ بولغاندەك، مېنى كۆرسە
ۋاي، دەپ ھالى يوق، نەگە بارسام، نەدە
تۇرسام ئالاھىدە ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قى-
لىپ كېتىدۇ. بەزىدە چېكىمدىن ئاشۇرۇ-
ۋېتىپمۇ قالىدۇ. ئايرىم پاراڭلاشقان چاغ-
لىرىمىزدا «قەدىناس ساۋاقداشلار» ئى-
كەنلىكىمىزنى ئېسىمگە سېلىپ قويۇشنى
ئۇنتۇمايدۇ. مەنمۇ ھېلىقىدەك يالغان-
ياۋىداق سۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئايىماي-
مەن. ئاشۇنداق سۆزلەردىن يالغۇز ئۇ-
نىڭ كۆڭلىلا ئەمەس، نەچچە باشلىقنىڭ
كۆڭلىمۇ سۇ ئىچىپ بولدى. لېكىن بارا-
بارا بۇنىڭغىلا تايىنىپ ئەمەلگە ئېرىشە-
لىشىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. چۈنكى
ئابدۇرازاق باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈ-
رۈلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە «ئۇ خوتۇ-
نىغا تايىنىپ باشلىق بولدى...» دېگەن-
دەك مىش - مىش پاراڭلار تارقالغان ئى-
دى، بۇنىڭ راستلىقىغا ئانچە ئىشەنمەي
كەلگەنىدىم. بىرەر يىلدىن بۇيان، ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆزىتىمىش ئارقىلىق بۇ
مىش - مىش پاراڭلارنىڭ بىكارغا چىقمى-
غانلىقىنى سېزىپلا قالماستىن، بەلكى
تولۇق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ-
نىڭ خوتۇنى مېھرىنىسا ھەقىقەتەن چى-
رايلىق ئايال، چىرايى سۈزۈك، زىلۋا
بوي، ئويناق كۆز، كۆڭۈل قويۇپ ياسى-
نىدىغان بولسا، پەرىزاتتەك بولۇپ كېتى-
دۇ. ئابدۇرازاق ئۇنى ئاشۇنداق چىراي-
لىق ياساندۇرۇپ، ئۇ باشلىق، بۇ باشلىق-
نىڭ ئۆيىگە ئۆزى ئېغىز ئېچىش بىلىشەپ
بولغان بەزى مۇھىم ئىشلارنى بىجىرىپ

كېلىشكە پات - پات ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن. يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن تانسىدىكى بىر ئىشنى كۆرۈپ هاڭ - تاڭ بولغىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئابدۇرازاق تانسا باشلىنا - باشلانمايلا يېنىدا ئولتۇرغان مېھرىنىسانىڭ بېقىنىغا نوقۇپ قويۇۋېدى. مېھرىنىسا ئۇدۇللا ياقۇپ نازىرنىڭ ئالدىغا باردى - دە، جىلۋە بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى. مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىپ، مېھرىنىسا بىلەن ياقۇپ نازىر مەيداننى پىرقىراپ ئايلىنىپ بىز ئولتۇرغان يەرگە كەلگەندە، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئابدۇرازاق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، مېھرىنىساغا قاراپ ئىتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن بوشقىنا ۋارقىرىدى:

— خوتۇن، ئېچىلىپ ئوينا! تارتىنماي ئوينا!

تۇۋا دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس - تاماس قالدىم. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىپ ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە، ئابدۇرازاق يەنىلا ئاستىغا پۇرژۇنا بېكىتىپ قويغاندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاغزىدىن تۈكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ رەسمىي ۋارقىرىدى:

— خوتۇن، نازىرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئوينا!

ئابدۇرازاق ئېھتىمال شۇ تاپتا ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟ مۇئاۋىن نازىر بولۇش تەمەسى ئار - نومۇس دېگەنلەردىن ئۈستۈن كەلدىمىكىن - يا؟ ئابدۇرازاقنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ قالغىنىمدىن، ئۇنىڭغا تېخى چاپانچىلىق قىلىپ يۈرگىنىمدىن، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالغىنىمدىن شۇنداق ئىزا تارتىپ كەتتىمكى، ئامال بولسا بىر ئۇسسۇپلا يەرگە كىرىپ كەتكەن بولاتتىم. يۈزۈمدە بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ، زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم - دە، تانسىخانىدىن سۇغۇرۇلۇپ يېنىپ چىقتىم.

مەن ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتىم: يالغان سۆزلەش ماھىيەتتە خۇشامەت قىلىش ئىكەن، خۇشامەت قىلىش ئادەمنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇنداق نومۇسسىزلىققا ئېلىپ بارىدىكەن. ئەجەبا، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوقمۇ؟ ۋىجدان سېتىشقا ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق يولدا ماڭماي، تۈز يول بىلەن مېڭىپ ھوقۇققا ئېرىشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەسقۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھوقۇق تۇتمىسا نېمە بوپتۇ؟

— شۇ كۈنلەردە مېڭەم پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى. ۋىجدان ئازابىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ تارتىپ كەتكەنلىكىمدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر بىر كېچىسى شۇنداق غەلىتە بىر چۈش كۆردۈمكى، ئەيھانناس، بۇنداق چۈشنى مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرمىسۇن! مەن بىر توپ ئىتنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. ئىتلار سۆڭەك ۋە يۇندا قاچىسى تۇتۇپ تۇرغان خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شىپپىدە توختاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، خۇشامەت قىلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. مەن شىپاڭشىتىدىغان قۇيرۇقۇم بولمىغىنىدىن ئۆكۈنۈپ، غېرىبسىنىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇدەكمەن. كېيىن بەزى ئىتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ خوجايىنىنىڭ ئۆكچىسىنى يالاۋاتقىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەنمىشەن.

«قۇيرۇقۇم بولمىغىنى بىلەن تىلىم
بار ئەمەسمۇ، نېمىشقا بۇ ئەقىل بالدۇر-
راق كاللامغا كەلمىگەنىدۇ؟» دەپ
ئويلاپ، ئىتلار ئارىسىغا سىغدىلىپ كى-
رىپ، خوجايىنىنىڭ يېنىغا بارماقچى بو-
لۇۋاتقۇدەكمىشمەن. لېكىن ئىتلار قىز-
غىنىپ، بۇنىڭغا يول قويمايۋاتقۇدەك
ۋە مېنى تەرەپ-تەرەپتىن تالاۋاتقۇدەك.
مەن يېشىمنى چاڭگاللىغىنىمچە ئارقىغا
چېكىنگەندەكمىشمەن. ئىتلار خوجايىنىنىڭ
قولىدىكى سۆڭەكلەرنى غاراسلىتىپ غا-
جىلاپ ۋە يۇندا قاچىسىدىكى يۇندىلارنى
شالاپشىتىپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن،
نۆۋەت ماڭا كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئىت-
لاردىن ئاشقان-تاشقاننى غاجىلاۋاتقۇ-
دەكمەن ۋە يالاۋاتقۇدەكمەن ... شۇمۇ
چۈش بولىدىمۇ؟! لېكىن سوغۇققانلىق بى-
لەن ئويلىنىپ كۆرسەم، بۇ چۈشۈمدە ئۆ-
زۈمنىڭ ئۆزۈمنى قانداق ئورۇنغا چۈشۈ-
رۈپ قويغانلىقىمنىڭ مەلۇم دەرىجىدە
ئەكس ئەتكەنلىكىدەك تۇرىدۇ. ئەجەبا،
مەن ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىت كەبى
قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ياشاشقا رازى
بولىمەنمۇ؟ ئادەم بولغاندىكىن بىر كۈن
بولسىمۇ ئىنسانىي غۇرۇرۇم بىلەن تىك
تۇرۇپ ياشىغىنىم ئەۋزەل ئەمەسمىدى؟!
مەندە ئىنسانىي غۇرۇر دېگەن نەرسە
زادى بارمۇ-يوق؟ بارمىكىن دېسەم
قاراپ تۇرۇپ ئىتتىن ئانچە پەرقلەنمەي-
دىغان تۇرمۇش يولىنى تاللىۋاپتىمەن،
يوقمىكىن دەي دېسەم، ئابدۇرازاقنىڭ
قىلىقلىرىدىن سەسكىنىپ ۋە ئازابلىنىپ،
ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغىنىمغا يۈزىمنىڭ
لەنەت ئوقۇۋاتىمەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا،
ئىنسانلارغا خاس غۇرۇر، ئەخلاق ۋە پەزى-
لەت چىرىشكە باشلىغان ۋۇجۇدۇمدا پۈ-
تۈنلەي ئۆلۈپ كەتمىگەندەك تۇرىدۇ. نا-
ۋادا ھازىرقى يولۇمدا مېڭىۋېرىدىغان بول-
سام بارلىق ئىنسانىي ھوجەيرىلىرىم
تولۇق ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بارا-بارا سې-
سىپ كېتىمەن. ئىتلارغا تاپ بولۇشقىمۇ
يارىمايمەن. پۈتۈن ئەزايىمنى مىغىل-
دىغان قۇرتلار قاپلاپ كېتىدۇ. يېنىمدىن
ئۆتۈپ قالغانلار سېسىق بۇسىنىڭ دىمىغىغا
ئۇرۇلۇپ، ساق ئەزايىمنى زەھەرلەپ قو-
يۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئېغىز-بۇرنىنى چىڭ
ئېتىۋالىدۇ، ئىچىدە مېنى تىللايدۇ ۋە
نەپرەت بىلەن تۈكۈرىدۇ... ئارقىغا يان-
سامچۇ؟ ئۆلۈشكە باشلىغان ھوجەيرىلىرىم
تىرىلىدۇ. پورلاشقان دەرەخ كېسىپ تاشلان-
سا يىلتىزىدىن يېڭى نوتىلار ئۈسۈپ چىققان-
دەك قايتىدىن كۆكلەيمەن. شامال قايان-
دىن چىقسا يەنە شۇيانغا ئېگىلىپ يۈرمە-
سەملا تۈپتۈز ئۆسىمەن. شاخلايمەن. با-
راقسانلايمەن، چېچەكلەپ مېۋىمۇ بېرى-
مەن. ئادەملەر شېرىن مېۋەمنى يەپ با-
رىكاللا ئوقۇشىدۇ... كاللامدا بىر نەچچە
كۈن جەددىي ئېلىشىش يۈز بەردى. ئا-
خىرى ئاچچىقىمدا كىرىپ قالغان بۇ يول-
دىن ياندىم...

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئېلى ئەبەيدۇللا

# چىن قەلب كۈيى

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك مەملىكەت. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش پارتىيىمىز، خەلقىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، شۇنىڭدەك ئېلىمىز خەلقىنىڭ شەرەپلىك ھەم مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەڭگۈشتەرى ھەم شەرەپلىك ئەنئەنىسى ھېسابلىنىپ كەلگەن ئىتتىپاقلىقنى، بىرلىكنى، مۇقىملىقنى مەدھىيىلەشنى ھازىرقى باسقۇچتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قەلەم ئىگىلىرىمىز بۇ مۇھىم تېمىنى ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق تەسىرلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى.

مەن يېقىندا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 6-سانىغا بېسىلغان پېشقەدەم شائىرىمىز تۆمۈر داۋامەتنىڭ «چىن قېرىنداش بىز» ناملىق شېئىرىنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئېلىمىز خەلقىنىڭ گۈزەل روھىي دۇنياسىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتىنى، كۈچەلۈك ئارزۇسىنى، چىن قېرىنداشلارچە مېھرى-مۇھەببىتىنى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى دولقۇنلاپ تۇرغان ساپ ھېسسىياتى ۋە يۈرەك سۆزلىرى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن: بىز ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ-ئىستەكلىرى، سەمىمىي ھېسسىياتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بىرىمىز ئاكا،
بىرىمىز ئۇكا،
بىرىمىز ئاچا ھەم بىرىمىز سىڭىل،
بىز شۇنداق قېرىنداش،
ئىتتىپاق-ئىجىل.

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، خەلقىمىز ئارىسىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە بىباھا ئەڭگۈشتەر سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىتتىپاقلىقنىڭ جاراڭلىق مەدھىيە ساداسى قەلبىمىزدە سۆيۈنۈش ۋە زوق قوزغايدۇ.

مەشھۇر شائىر ئەي چىڭ: «شائىر شېئىرنى ئۆزىنىڭ يۈرەك-قەلبى ئارقىلىق يېزىشى كېرەك، ئۆز ۋىجدانىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ۋىجدان دېگىنىمىز، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىدۇر. خەلقنىڭ دىلى سىناق تېشىدۇر. شائىر زامانىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە قارىتا خەلق بىلەن بىر

سەپتە تۇرۇپ پىكىر قىلىشى، خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جاۋاب بېرىشى كېرەك» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. شائىر ئەي چىڭنىڭ بۇ چوڭقۇر پىكرى شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «چىن قېرىنداش بىز» ناملىق شېئىرىدا روشەن ئىپادىلەندى.

بىز دەۋر ئېگى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار خىسلىتى تەسىرلىك يېزىلغان تۆۋەندىكى مىسرالارغا قارايلى:

ئەجدادلار ياشىغان
بولۇشۇپ ھەمدەم،
ئوخشىماس كىيىملەر
تاماقلار ھەتتا،
ئوخشىماس بىزدىكى ئۆرپ-ئادەت ھەم،
ئوخشىماس تىلىمىز سۆزلىشىدىغان،
ۋە لېكىن بىردەكتۇر بىزدىكى نىشان،
بار ئورتاق غايىمىز،
بار ئورتاق ئارمان،
گۈللىسۇن بۇ ئانا ۋەتەن دەيمىز دەم.

بۇ مىسرالاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى گۈزەل، يۈكسەك، ئورتاق، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ جۇڭخۇا دىيارىدا بىر-بىرى بىلەن قەلبىداش، تەقدىرداش بولۇپ ياشاپ كەلدى. ئۇلار ھايات-ماماتلىق پەيتتە ئىتتىپاقلىق مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىرلىكتە جەسۇرانە كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننى قوغدىدى. ئۇلار تەڭداشسىز ئەقىل-پاراسىتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى.

بۈگۈنكى گۈزەل، ئاۋات جۇڭخۇا ئېلىمىز زېمىنىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىتتىپاقلىق مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ھەقىقىي تۈردە ۋارىسلىق قىلىپ، ئورتاق غايە ۋە ئورتاق نىشان يولىدا مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلماقتا. خەلقنىڭ قەلبىدىكى بۇ سادالار شائىرنىڭ تۆۋەندىكى جاراڭلىق مىسرالىرىدا كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن:

ئۆزگىرىپ قالسىمۇ ھاۋا جۇت بولۇپ،
ئارىغا قىل سىغماس.
بىز ئىناق ھەر دەم،
قوغدايمىز تەڭرىتاغ كەبى تىك تۇرۇپ،
ۋەتەننىڭ دەرياسى، تاغلىرىنى تەڭ.

ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش، مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىش خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ. شۇڭا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى ۋە شەرەپلىك بۇرچى. بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئەكس ئەتكەن، خەلق روھى جىلۋىلەندۈرۈلگەن.

ئىتتىپاقلىق تېمىسى نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. خەلقىمىز قەلەم ئىگىلىرىمىزدىن بۇ تېما ھەققىدە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئىككى شېئىر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 6 - سانىغا بېسىلغان شائىر مەھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئىككى شېئىرىنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان تەشنالىق بىلەن تەكرار ئوقۇدۇم.

«ئانا تاغلار» — شائىرنىڭ بارماق ۋەزنىدە يازغان شېئىرى.

ئۈستۈڭدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇم، كۆردۈڭمىكىن،
تۇرنىلار ئارىسىدا مەن بار، تاغلار.
قېنى، دەپ سوراپ يۈرمە كىملەردىنمۇ،
ھەر كۆزنىڭ قارىسىدا مەن بار، تاغلار.

مانا، ۋەتەنگە بولغان ھەققىي، مەردانە، ياڭراق مۇھەببەت! مانا، ھېسسىياتنى بەرق ئۇرغۇزغان شېئىردىكى دىلكەشلىك ئۇرغۇتقان شائىرانە ماھارەت!

شامالنىڭ لېۋى ئەمەس، مېنىڭ لېۋىم،
باغرىڭنى باغ-باغ ئېتىپ سۆيۈپ ئۆتكەن.
ياق، يالغۇز قۇياش ئەمەس، مەن بار يەنە،
چوققاڭدىن ئىششىقىڭ بىلەن كۆيۈپ ئۆتكەن.

قەلبىمىز تۆرىدە دائىم ئەلا تۇرىدىغان ئالىيجاناب، مۇقەددەس ھۆرمەت ۋە ھېسسىيات نېمىدېگەن پىشقان، تاۋلانغان، ماجازلاشقان شېئىردى تۈسكە كىرگەن ھە!

سېنىڭدىن بىلگەنلىرىم نۇرغۇن مېنىڭ،
بولمايدۇ ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى.
سەن تۇرساڭ پەزىلەتنىڭ چىن ئۇستازى،
مەن يەنە كىمنى چىللاي ئۆگەتكىلى!؟

شېئىرىيەتتە تالانتنىڭ مۇھىم ئىككى ئالامىتى، مېنىڭچە، تەپەككۇر يۈكسەكلىكى بىلەن شېئىردى سۆزلەشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ماھارىتى بولسا كېرەك. «ئانا تاغلار» خەلقىمىز روھىيىتى ئالدىدا ئەدەبىيلىك ۋە يۈكسەكلىك خاسىيىتى بىلەن ئۆز نوپۇزى ۋە ئۆز غۇرۇرىنى تىكلىگەن...

قۇچاقلاي دېسەم سېنى، ئانا تاغلار،
يەتمەيدۇ قۇچاقلىرىم قۇچاقلاشقا.
ياشايمەن سەجدە قىلىپ ھەر كۈن مىڭ رەت،
شۇ سەۋەب سىنىڭدىكى ھەر بىر تاشقا.

ھېسسىياتنى كونكرېت مۇھەببەتكە بۇراش ئارقىلىق شائىر ئانا تاغ بىلەن ئۇنىڭ قوينى ۋە جىسمىدىكى ھەر بىر مۇبارەك تاشنىڭ بىردەك ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىگەن.

«ئىزدەپ» ناملىق غەزەل شائىرنىڭ مەردانىلىقىنى؛ شېئىرنى لاپقا زورلايدىغان ۋە ئاقىۋەتتە شېئىرىيەتنى رېئاللىق سالمىقى يوق، گەپ-سۆز ئويۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئىللەتكە پۈتۈنلەي زىت ھالدا شائىرنىڭ خەلق ھاياتى چىنلىقى ئاساسىدا شېئىر يېزىشقا بەل باغلىغان قەيسەر ئىرادىسىنى خۇددى ئالدىنقى شېئىردەكلا روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

كىتابخان، سىز ئۈچۈن ھەر كۈن يۈرەمەن بىر قوشاق ئىزدەپ،
قەلەندەردەك ئاراڭلاردىن ئۆزۈمگە ئىشتىياق ئىزدەپ.
سىلەرگە ياقمىغان شائىر ئىرۇر ھەق، نەزمە يازغاندىن
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن يۈرگەن پىچاق ئىزدەپ.

بۇ بېيىتلارنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېڭى پىكىر نەمۇنىلىرى دېيىش كېرەك. دەرۋەقە شۇنداق. چېرنىشېۋىسكىي توغرا ئېيتىدۇ: «ھەر بىر شەخس ئۆز ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن جامائەت ئالدىدا قەرزداردۇر.» تولستوي ئېيتقاندەك: «ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھوقۇقنى ئەمەس، بەلكى پەقەت بۇرچنى نەزەردە تۇتقاندىلا، ئىش تولۇق نەتىجىلىك بولىدۇ.» شائىر مۇنداق يازىدۇ:

لېكىن ئاسان ئەمەس كېيىمەك غەزەلخان تونىنى ھەرگىز،
يۈرەمەن قانچە يىل چۆلدىن ئۆزۈمگە بىر بۇلاق ئىزدەپ.

ئۇ تەپەككۇر ئىقتىدارىدا شېئىر بولغاندىمۇ خەلق «ئېڭىزدىن باشاق» ئىزدەشنى، تەييار چىمەندىن «تۆت قۇلاق» ئىزدەپ يۈرمەسلىكنى چىڭ كىسلەيدۇ. ئۇ غەزىلىنى:

«چىمەنلەر ئاغزىدىن ھېكمەت ئىشتىمەك ئادىتىم بولدى،
نومۇستۇر نەزمىگە يۈرسەم قۇرۇق گەپتىن بوياق ئىزدەپ.
قەلەمكەشلىك تۈمەن يولنى ياياق يۈرمەككە تەمسىلدۇر،
بىراۋغا بارغىلى بولماس ئىكەن ئەسلا ئۇلاغ ئىزدەپ.

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئۈمىدلىك، ئىستىقباللىق، ھەقىقىي ئەجىرلىك ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت يەكۈنى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەت رەھىم

# ئىككى شىگىل ئەسلىمە

مەن تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ كونا دوستلىرىدىن بىرى. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز 1947-يىلى غۇلجىدا شېئىرىي ئىشتىياقنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن باشلانغانىدى. ئۇ چاغدا بىز كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئىجادىيەت بىلەن ئازراق شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ تالا-تۈزگە ئاز چىقاتتى. بەزىدە بىز ئۇنى كىنو كۆرۈشكە زورلاپ ئېلىپ كېتەتتۇق.

بىر كۈنى بىز كىنودىن قايتىپ كېلىپ، ھەر قايسىمىز ئۆز ياتىقىمىزغا كىرىپ كەتتۇق. مەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ، خېلىدىن كېيىن دېرىزىدىن ئۇنىڭ ياتىقىغا قارىسام، چىراغ يېنىقلىق تۇرۇپتۇ. بىز كىنوغا مېڭىش ئالدىدا تېيىپجاننىڭ ياتىقىدىن پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» داستانىنى ئوقۇغىلى قويماي ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدۇق، مەن ئۇنىڭ كىنودىن قايتىپ كىرىپ يەنە شۇ داستاننى ئوقۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم. تېيىپجاننىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتكە نىسبەتەن مۇنداق ئەستايىدىللىقى، ۋاقىتنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغانلىقى ماڭا ئەڭ دەسلەپ تەسىر كۆرسەتكەن ئىجابىي خىسلىتى ئىدى.

* * *

1951-يىلى 2-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئىلى ۋىلايىتىدىن 60 قا يېقىن كادىر ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بىزنى شۇ چاغدىكى كادىرلار نازارىتى كۈتۈۋالدى.

2-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن بىرىدە چۈشتىن كېيىن تۇتىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئويلاپ ياتاقتىن چىقتۇق. بىز پىيادە خېلى ماڭغاندىن

كېيىن شىياۋشىزىدىكى كونا بىر ھويلىغا كىردۇق. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاختايلىرى بوشاپ كەتكەن تاختا شوتىغا ئاۋايلاپ دەسسەپ 2-قەۋەتكە كۆتۈرۈلدۇق. چوڭ-چوڭ پەنجىرىلىك دالان ئۆيدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرسەك، تېيىپجان ئۆزى يالغۇز باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئورۇن كۆرسەتتى، بىز ئولتۇرۇپ ئەھۋاللاشتۇق. چوڭ تۆت چاسا ئۈستەل ۋە كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل قول يازمىلار تۇراتتى.

— ئاداش، بۇ نېمە قەغەزلەر؟ — دەپ سورىدى ئارىمىزدىكى يۈسۈپجان قول يازمىلارنى كۆرسىتىپ.

— بىز ئەدەبىيات ژۇرنىلى چىقارماقچى بولۇۋاتىمىز.

— سەن يالغۇز چىقىرامسەن؟

— ياق، يەنە ئىككىيلەن بار، ئۇلار چۈشلۈك تاماق يېگىلى كېتىپ تېخى كەلمىدى.

تېيىپجاننىڭ بۇ ئۆيدە ئاشۇ ھەر خىل قول يازمىلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىغا قاراپلا، يۈكىنىڭ ئېغىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ تېخى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتىمۇ قۇرۇلمىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۆلكىلىك مەدەنىي-مائارىپ كومىتېتى قارىمىقىدىكى مەدەنىيەت باشقارمىسىغا تېيىپجاننىڭ يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن كۈنلىرى ئىدى. تېخى ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلمىغاچقا، شۇ باشقارما بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانىكەن.

بۇ قايسى ژۇرنال بولغىيدى، دېگەن سوئال سىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ، قىرىق يىللىق ئۆمرىدە نى-نى خىسلەتلىك باھار، يېشىل ياز، ئالتۇن كۈز ۋە ئاپئاق قىشلارنى كۆرگەن، كۆرەشچان يىللارنىڭ قوينىدا تاۋلانغان، تارىم دەرياسىدەك گاھ تىنچ، گاھ دولقۇنلاپ ئېقىپ، چاڭقىغان قەلبلەرنى مەنىۋى ئۇسسۇزلۇق بىلەن قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان «تارىم» ژۇرنىلى. تېيىپجان ئېلىيېۋ بىزنىڭ مۇشۇ قەدىردان «تارىم» ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن سۆيۈملۈك شائىرىمىز ئىدى. مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1-سانىدىن تارتىپ 327-سانىغىچە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن ئەڭ قەدىرناس ئاپتورى ئىدى. تېيىپجان بۇ ژۇرنالنىڭ دەسلەپتىن تارتىپ بىر قانچە يىلغىچە مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىنچە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى تەركىبىدە ئىزچىل ئىشلەپ كەلگەن پېشقەدەم مۇھەررىر ئىدى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى سەھىپىلىرىگە سىڭگەن ئەجىر ۋە ئەقىدىسى مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇقادىر ئەزىزى

# تېيىپجان ئېلىيېۋ رەڭلىك مېتاللار كانىدا

(ئەسلىمە)

1980-يىل ئاۋغۇست، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاتاقلىق شائىر، ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ دىلكەش دوستى تېيىپجان ئېلىيېۋ قازاق شائىرى ماقاتان بىلەن رەڭلىك ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار ماكانى — كۆكتوقاي كان رايونىغا كەلدى.

ئاۋغۇستنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا جۇڭغار ۋادىسىنىڭ شەرقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، مەشھۇر جياڭجۈن گوبى، قۇربانتۇڭغۇت، سارتوقاي چۆللۈكلىرىنى كېزىپ يول بېسىپ كەلگىنىگە قارىماي، شائىر ناھايىتى جۇشقۇن، خۇشخۇي ئىدى. ئاددىي كىيىنگەن شائىر ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆكتوقاي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان خادىملىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. كان ئىشلار ئىدارىسى ئۇلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى.

كان رايونى مېھمانخانىسىنىڭ ئەتراپى بوك - باراقسان قارىغايلىق ھەم قېيىنزارلىق ئىدى. مېھمانخانىنىڭ قېشىدىلا ئېرتىش دەرياسى بۇژغۇنلاپ ئاق ئۈنچە چېچىپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ھەممە يەر ۋە ئەتراپتىكى ھەيۋەت تاغلارمۇ يېشىل مەخمەل يېپىنىۋالغاندەك گۈزەل بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ زوقلاندۇراتتى. يىراق - يېقىن كانلاردىن گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاھالىسى 15 مىڭدىن ئاشىدىغان، 3000 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان كۆكتوقاي سانائەت شەھىرى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى.

شائىرلار مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى كۆكتوقاي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى مېھمانخانىغا

كېلىپ، مېھمانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇلارغا كۆكتوقاي كان رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ كان رايونىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن بۇ گۆھەرلەر ماكانىنى كۆرۈشنى بۇرۇندىنلا ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، بۇ نۆۋەت ماقاتان ئىككىمىز مۇشۇ ھېكمەت دۇنياسىدا گۆھەر قېزىۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يوقلاش ھەم ئۇلاردىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمىزدىن خۇشالمىز. سىلەرنىڭ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىڭلارغا رەھمەت!» دېدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋلارنىڭ كۆكتوقايغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا كان رايونىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىغا تارقالدى. پېشقەدەم ئىشچىلار، زىيالىيلار ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئارقا - ئارقىدىن مېھمانخانىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تېيىپجان ئۇلارنى سەممىمىي كۈتۈۋېلىپ، قىزغىن سۆھبەتلەشتى. شائىر كۆكتوقايدا تۇرغان بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، پېشقەدەم كانچىلار، زىيالىيلار ھەم كادىرلاردىن بىر مۇنچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى، كۆكتوقاي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ھازىرقى دۇنيادا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان «مىنېرال تەبىئىي مۇزېيى»، «شىمالىي شىنجاڭ گۆھىرى»، «رەڭلىك مېتاللار ماكانى» دەپ ئاتىلىدىغان كۆكتوقاي كان رايونىنى، جۈملىدىن ئۇ يەردىن چىقىدىغان ھەر خىل مېتاللارنى، رۇدا تاللاش زاۋۇتىنى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى، مېتاللار كۆرگەزمە زالىغا قويۇلغان سۈپەتلىك كالدەك مېتال ئۈلگىلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇ يەنە كۆكتوقاي كان رايونىدا مۇكەممەل قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپلەر ھەم سىستېمىلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

كانچىلارنىڭ يۈكسەك روھى بىلەن مەغرۇر ۋە ھەيۋەتلىك تاغلارنى يۆتكىۋەتكەن، ئۈستى ئوچۇق رۇدا قېزىش مەيدانىدا قىش - ياز ئوقتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر تۆشۈكنىڭ سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئالتاي تاغلىرى، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدا بولىدىغان قەھرىتان سوغۇقلار، خىلمۇ خىل تەبىئىي ئاپەتلەر، ھەر تەرەپتىن كەلگەن قىيىنچىلىق، ئىشلەپچىقىرىشتىكى چىگىش ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى قەھرىمانلىق، ئەقىل - پاراسەت بىلەن يەڭگەن قەيسەر ئىرادىسىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، تەسىرلەنگەنلىكىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ كان، زاۋۇت، سېخ، سېھنا، گۇرۇپپىلارغا بارغاندا ئۆزلىرىنى ئوردۇۋېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى، مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن مەدھىيىلەيتتى ۋە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ ئىشچىلارغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئېخ،

پرولېتارلار، پرولېتارلار! سىلەر نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەملەر-ھە! زامان-زامانلاردىن بۇيان يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەرنى ئەقىل-پاراسەت ۋە قان-تەرىڭلار بىلەن قېزىپ چىقىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ، كاتتا تۆھپىلەر يارىتىپسىلەر، سىلەرگە بارىكاللا، ۋەتەن سىلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ، سىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرىڭلارنى ئۇنۇتمايدۇ، سىلەرگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!»

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ كۆكتوقايدا تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كەمتەرلىكى، خۇش چاقچاقلىقى، ئوچۇق-يورۇقلۇقى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداش — كاتتا ئىش، ئىتتىپاقلىق - ئۇلۇغ كۈچ، ئىشچىلار سىنىپى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، قوغداش ۋە تېخىمۇ ياخشىلاشتا نەمۇنىچى بولۇشى كېرەك.»

شائىر كۆكتوقايدىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئالتايغا يۈرۈپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلغىمىز كەلمىگەن ھالدا خوشلاشتۇق... شۇنىڭدىن بۇيان شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىدى. ئارىلىقتا شائىر ماقاتاننىڭ بەختىگە قارشى ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قايغۇردۇم. 1989-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى ئىشچىلارنىڭ دىلكەش دوستى تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېزىلدى. رەھمەتلىك بىلەن ئاشۇ نۆۋەت كۆكتوقايدا بىللە چۈشكەن بىر نەچچە پارچە رەسىمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت قايغۇ بىلەن تىكىلدىم. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى...

شائىر ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭ ناخشىسى تۈگىمەس ناخشا، ئەل-يۇرت شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنى ئەسلەيدۇ. كانچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك شائىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# مۇھىمى، تەنقىدچىلىك پەزىلىتى

«مىڭ كىتابخانىنىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دەيدىغان رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىنتايىن باي بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ سۆز ھەر بىر كىتابخانىنىڭ ئەسەر ھەققىدە شۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز تەسىراتى، چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، كىتابخانىنىڭ سەۋىيىسى، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىدىكى پەرقلەر سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تەسىرات، چۈشەنچىلىرىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىچىلىرى ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل تەسىرات، چۈشەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئەسەر ھەققىدە ئەڭ مۇكەممەل، چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇبادا كىتابخان قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ھەر خىل سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىتىنى ھېسابقا ئالمايمىز، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەسەردىكى يوشۇرۇن مەنە، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن، سىمۋوللاشتۇرۇش، دارىتمىلاش، پېرسوناژ قاتارلىقلارمۇ مۇقەررەر رەۋىشتە ئەسەر ھەققىدە خىلمۇ خىل تەسىرات، چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مەيلى سۇبيېكتىپ ئامىللار سەۋەبلىك بولسۇن ياكى ئوبيېكتىپ ئامىللار سەۋەبلىك بولسۇن، ياخشى يېزىلغان بىر ئەسەر ھەققىدە خىلمۇ خىل تەسىرات، چۈشەنچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر خىل مۇقەررەرلىك.

بىر قانچە پارچە ياخشى ئوبزورلىرى بىلەن دىققىتىمىزگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ياش ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 12 - سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە مېنىڭ ئىلگىرى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشقان تەسىراتىمغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەلۋەتتە، ئەسەر ھەققىدە كۆپ خىل قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ياخشى ئەھۋال. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئەسەر ھەققىدىكى تونۇش، باھالار چوڭقۇرلىشىدۇ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسى ئۆسىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئىلگىرىلەش بولىدۇ.

مەن بۇ ماقالىمدە يالقۇننىڭ مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمغا ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر شۇنداق نىيىتىم بولىدىغان بولسا، ماقالە يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. يالقۇننىڭ ماقالىسى بىزگە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئىلگىرىمۇ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلگەن، لېكىن چوڭقۇر ئويلىشىپ باقمىغان بىر ئىللەتنى — ئىنكارچىلىق خاھىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تەرەپكە بىز دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز.

ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئىلگىرىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەسەر

ھەققىدىكى تەنقىدچىلىكىمىزدە مۇنازىرە تۈسى خېلى كۈچلۈك بولۇپ كەلدى، بۇنداق مۇنازىرە مېنىڭ كۆز قاراش، چۈشەنچەملا توغرا، دەيدىغان تەنقىدچىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەچكە، ئۇنىڭدا ئىنكارچىلىق خاھىشى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەنقىدچىلىك ئىشىغا قىزىقىدىغانلارغا ئايانكى، بۇنداق تەنقىدچىلىك ھېچبىر ياخشى ئۈنۈم بەرمىدى، ھەتتا تەنقىدچىلىكىمىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ كىردى، تەنقىدچىلىكنىڭ ئوبرازىنى بەك تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئالدىنقى بىر ئەۋلاد تەنقىدچىلىرىمىزمۇ بۇنداق تەنقىدچىلىكنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا، بىز ياشلار ئۇنى «ئەنئەنە» قىلىپ، سۆرەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى.

بىز ئالدى بىلەن «ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنە» مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى، چۈنكى ئۇ، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى.

مەن «كۈلكىلىك تراگېدىيە» دە ئېنىق قىلىپ، «بۇرۇت ماجىراسى» دا «بىھۇدە ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن» دەپ يازغانىدىم. بۇ نۇقتىنى يالقۇنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ماقالىسىنىڭ 5 - ئابزاسىدا بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەن ماقالەمدە «ئەسەردىكى بۇ خىل كەيپىيات ‹مەن›دە گەۋدىلىنىدۇ» دەپ يازسام، يالقۇن ماقالىسىدە «ئەسەردىكى بۇ خىل كەيپىيات بازار باشلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ» دەپ يازغان ھەم «ئەگەر بازار باشلىقىدا بۇرۇتلۇق بىرەيلەن پىچاق كۆتۈرۈپ جېدەل چىقارسا، قورقىنىدىن بارلىق بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايدىغان، پۈتۈن بازارنى چۇۋۇپ، توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان ھەم كۈلكىلىك پىسخىك ئادەت بولمىغىنىدا ئىدى، ‹مەن› مۇ ئۇنچىۋالا قورقۇپ - ھودۇقۇپ كەتمىگەن بولاتتى. تەكرار - تەكرار چۇۋۇلۇپ - توقۇلۇشتىن ئىبارەت بەختسىز قىسمەت بۇ بۇرۇتلۇقلارنى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچىگە گىرىپتار قىلغان» دېگەننى قوشۇمچە قىلغان. بۇ گەپچە يالقۇنغا ئەڭ مۇھىم بىلىنگىنى ئاشۇ «چۇۋۇپ - توقۇش» تەپسىلاتى ۋە ئۇ ئىپادىلىگەن مەنە ئوخشايدۇ. بىز ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەسەرگىلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇنداق «چۇۋۇلۇپ - توقۇلۇش» نىڭ بازار باشلىقى بىلەن قىلچە سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى يازغۇچى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: «... قىرىشقاندەك ھېلىقى شاپ بۇرۇتلارنىڭ بويىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان...» بۇ ئىش «مەن» گە ناھايىتى قاتتىق ئازاب بولىدۇ. «مەن» پەقەت بويىنىڭ ئۆزىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكى ئۈچۈنلا خىيالىي دۇنياسىدا (چۈشىدە) «چۇۋۇلۇپ - توقۇلىدۇ.» بۇ يەردىكى «چۇۋۇلۇپ - توقۇلۇش» ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمگە ئايانكى، پەقەت «مەن» نىڭ ھېلىقى شاپ بۇرۇتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بويى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

بىزگە ئەسەردىن مەلۇمكى، ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي دېگۈدەك مەۋجۇت. مەسىلەن، تېخى بازار باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقماستىنلا ئۇ «تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىدۇ.» ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋەتكىنى ئۈچۈن بازار باشلىقىنىڭ ئالدىغا چاقىرتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئېسىگە بازار باشلىقى كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئاساسەن «مەن» گە قارىتىدۇ. شۇڭا ئەسەردە «مەن» گە بەرگەن سەھىپە ئالاھىدە گەۋدىلىك. شۇنداقلا «مەن» دىكى قورقۇمسىراش ئىچكىمۇ ناھايىتى

روشەن بولغان. دەرۋەقە بازار باشلىقىدىمۇ بۇنداق كەيپىيات، ئاڭ بار. لېكىن ئۇ «مەن» دىكىدىگە يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بازار باشلىقىدا يەنە «ۋەزىپە ئۆتەش» مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش مەجبۇرىيىتى يوق.

دېمەك، يالقۇن ماقالىسىدە «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممىتى ھەققىدە مەن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشنى تەكىتلىگەن. گەرچە ئۇ مەن گەۋدىلەندۈرگەن پېرسوناژنىڭ ئورنىغا باشقا پېرسوناژنى قويماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى بۇ پېرسوناژنى ئەسەر ئەمەلىيىتىدىن ئايرىپ چۈشىنىۋالغاچقا، پېرسوناژلارنى مۇناسىۋەتسىز تەرەپلەر بىلەن بىھۇدە شەرھلىگەن. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۆزىمۇ ئەنسىرەش- قورقۇمسىراش ئېڭىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاشۇ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر ماقالىنى ئىنكار قىلغان. ئەگەر «بۇ ھېكايىدە ئادەملەردىكى بىھۇدە ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش كەيپىياتى — ئېڭى ئىپادىلەنگەن» دېگەن قاراش ئەسەرنىڭ يوشۇرۇن مەزمۇنىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتكەن بولسا، يالقۇن ئوتتۇرىغا قويغان يۈكسەك مەنە، يۇقىرى قىممەت زادى نېمە؟ يالقۇننىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغان كىتابخانغا مەلۇمكى، ئۇ مەنە، قىممەت يەنىلا شۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن (بازار باشلىقىدا بولسىمۇ مەيلى) ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يالقۇن ماقالىسىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «‹بۇرۇت ماجىراسى› دا يازغۇچىنىڭ ئۇددىئاسى ھېكايىدىكى چۇۋۇپ - توقۇش دېگەن مەسىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ھېكايىدىكى كۈلكە ئادەملەردىكى مەنىۋى تراگېدىيىنى —بىھۇدە ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆمۈرنى تېخىمۇ قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن، دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى (مەقسىتى) ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن قورقماي، خاتىرجەم، ئەندىشىدىن خالىي ياشاڭلار دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ» ئەلۋەتتە. چۇۋۇپ - توقۇش بۇ ھېكايىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر تەپسىلات. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق. مەن «كۈلكىلىك تراگېدىيە» دە ئېنىق قىلىپ، «‹بۇرۇت ماجىراسى› نىڭ زادى نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمىز» دەپ يازغانىدىم. ئېھتىمال، يالقۇن بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان ئوخشايدۇ. مەن ھېلىمۇ ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى بىلمەيمەن. يالقۇن بىلىدىغان ئاشۇ مەقسەتنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن.

مەن بۇ ماقالەمدە يالقۇننىڭ ماقالىسىدىكى باشقا تەرەپلەر ھەققىدە توختالمايمەن. چۈنكى مېنىڭ نىيىتىم يالقۇن بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئەمەس. مەن بۇ يەردە پەقەت يالقۇننىڭ ئىنكارچىلىقى ۋە مەنتىقىسىز قاراشلىرىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، تەنقىدچىلىكىمىزدىكى نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، بىھۇدە ئىسراپچىلىقلاردىن ساقلىنىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرايلى، تېخىمۇ گۈللەندۈرەيلى، دېگەن سەممىي نىيىتىمنى ئىزھار قىلماقچىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

تۇرگېنېۋ (روسىيە)

# بىرىيۇك

(ھېكايە)

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۆزۈم يالغۇز ئىككى چاقلىق يېنىك هارۋا بىلەن ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ئۆيگىچە يېتىپ بارغىلى يەنە سەككىز چاقىرىمچە يول قالغانىدى. ئايغى يېنىك ياۋاش بايتالىم ناگان-ناگاندا پۇشقۇرۇپ قويۇپ، قۇلاقلىرىنى ئالدى-كەينىگە بىلىنەر-بىلىنمەس تولغاپ، توپىلىق يولدا تېتىك چامداپ ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. ھېرىپ كەتكەن ئىتىم گويا ئارقا چاقىغا باغلاپ قويۇلغاندەك بىر قەدەممۇ كېيىن قالماي كېلىۋاتاتتى. قاتتىق يامغۇرنىڭ شەپىسى بار ئىدى، ئالدىنقى تەرەپتە سۇس سۆسۈن رەڭگە كىرگەن يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت ئورماننىڭ كەينى تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۈزۈندىن ئۇزاق سوزۇلغان يەنە بىر كۆكۈش بۇلۇت باش ئۈستۈمىدىلا مەن تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. قۇشلارمۇ ئارامسىزلىنىپ تىنماي چۇرقىرىشاتتى. ھېلىلا كىشىنى تۇنجۇقتۇرغىدەك ئىسسىپ كەتكەن ھاۋا بىردىنلا نەملىشىپ سوۋۇشقا باشلىدى.

سايىلەرمۇ تېزلا قويۇقلاشتى. مەن بايتالىمنى تىزگىن بىلەن ئۇرۇپ، سايغا قاراپ ھەيدىدىم. ئەتراپىدا سۆگەتلەر قويۇق ئۆسۈپ، سۈيى قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقتىن ئۆتۈپ، ئېرىقى يامزالغا چىقتىم-دە، ئۇ يەردىن ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ئالدىمدىكى يول قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغان قويۇق ئورمان ئارىسىدا يىلان بېغىرلاپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھارۋىنىڭ مېڭىشى بارغانسېرى قىيىنلاشتى. قېرىپ كەتكەن ئىمەن دەرەخلىرى بىلەن ئارغۇۋان دەرەخلىرىنىڭ مۇستەھكەم يىلتىزلىرى ھارۋا چاقلىرىنىڭ ئىزىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر ئېرىقنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى، ھارۋام ئاشۇ يىلتىزلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكىچە چايقىلىپ جالداقلاپ كېتەتتى. بايتالىممۇ ھەر قەدەمدە بىر دېگۈدەك دۈگۈجۈپ كېتەتتى. يۇقىرىدا بىردىن قاتتىق بوران چىقىپ، دەرەخلەر ئىڭغاڭلاپ گۈركىرەشكە، يوغان-يوغان يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تارسىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. مەن ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتىم. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي توختاپ قالدىم، بايتالىم پاتقاققا پېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدى تەرىپىم تۇم قاراڭغۇ ئىدى. مەن مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىر قىيۇق چاتقالنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدىم ۋە تۈگۈلۈۋېلىپ، يۈزۈمنى تۇسۇپ، يامغۇرنىڭ توختىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۈم. تۇيۇقسىز چاقماق چېقىۋىدى، يولنىڭ ئۈستىدە كېلىۋاتقان ئۇزۇن بويلۇق بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۇ تەرەپكە ئىنچىكىلەپ سەپسالدىم. ھېلىقى ئادەم خۇددى ھارۋام تۇرغان يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغانىدى.

— ھەي، كىمسەن؟ — دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— مەن مۇشۇ يەرنىڭ ئورمان قاراۋۇلى.

مەنمۇ ئىسىم - فامىلەمنى ئېيتتىم.

— ھە، ئۇقتۇم. ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتامسىز؟

— ھەئە، قارىماسەن مۇنۇ يامغۇرنىڭ شارقىراپ قۇيۇۋەتكىنىنى...

— راست دەيسىز، بۇ بىر بوران-چاپقۇنغۇ، — دېدى ئۇ.

يورۇق چاقماق نۇرى ئورمان قاراۋۇلىنى بېشىدىن تاپىنىغىچە يورۇتتى. چاقماقنىڭ كەينىدىنلا گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، يېغىۋاتقان يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيدى.

— بۇ يامغۇر پات ئارىدا توختىمايدۇ، — دېدى ئورمان قاراۋۇلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟!

— بولمىسا مەن سىزنى ئۆيۈمگە باشلاپ باراي، — دېدى ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ.

— سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— قېنى ھارۋىغا چىقىڭ.

ئورمان قاراۋۇلى ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتتى - دە، ئاتنى بايىقى يەردىن چىقاردى. بىز يۈرۈپ كەتتۇق. ھارۋام خۇددى دېڭىزدىكى قولۋاقتەك قاتتىق چايقىلاتتى، مەن ھارۋىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئىتتىمنى چاقىردىم. بىچارە بايتالىم پاتقاقتا ناھايىتى تەستە چامداپ، بىردەم تېيىلىپ، بىردەم سۈرۈنۈپ كېتىۋاتتىدۇ. ئورمان قاراۋۇلى خۇددى بىر ئەرۋاھتەك ئوڭغا - سولغا چايقىلىپ، ئاتنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتتىدۇ. بىز خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق، يول باشلىغۇچى ئاخىرى توختاپ، «مانا كەلدۇق، تەقسىر» دېدى خاتىرجەملىك بىلەن. قاشانىڭ ئىشىكى غاچىلداپ ئېچىلىشىغا بىرنەچچە كۈچۈك ۋاڭىلداپ قاۋاشقا باشلىدى. مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم، چاقماقنىڭ يورۇقىدا قاشا بىلەن قورشالغان كەڭ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئۆيگە كۆزۈم چۈشتى. يېگانە دېرىزىدىن غۇۋا يورۇقلۇق كۆرۈندى، ئورمان قاراۋۇلى ئاتنى ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيگىچە يېتىلەپ ئاپىرىپ، ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۆيدىن: «مانا ھازىر، ھازىر» دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز، ئاندىن بىرىنىڭ يالىڭاياغ يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى،

گارقىدىن ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى-دە، ئۇچىسىغا جۇل-جۇل كىيىم كىيىپ، بېلىنى لاتا بىلەن بوغۇۋالغان، ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز پەنەر كۆتۈرۈپ بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— بېگىمنى ئۆيگە باشلا، — دېدى ئورمان قاراۋۇلى ئۇنىڭغا، — مەن هارۋىڭىزنى لاپاسنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ قوياي.

قىزچاق ماڭا قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.

ئورمان قاراۋۇلىنىڭ ئۆيى بىرلا ئېغىزلىق، ئىسسىپ كەتكەن، پاكارغىنە ئۆي ئىكەن. ئۆيدە نە كارىۋات، نە ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ تۇرىدىغان تاختاي يوق، ئۆينىڭ ئىچى قۇپ-قۇرۇقلا. تامدا كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن بىر جۇۋا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە بىر ئاتار مىلتىق ياتىدۇ. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بىر دۆۋە ئەسكى-تۈسكى لاتا، مەشىنىڭ قېشىدا يوغان ئىككى ئىدىش تۇرىدۇ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان چىراغ دەم يورۇپ، دەم غۇۋالىشىپ كېتىدۇ. ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر تال لىمىغا باغلاقلىق ئاسما بۆشۈك ئېسىلىپ تۇرىدۇ. قىزچاق پەنەرنى ئۆچۈرۈپ، كىچىككىنە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، ئوڭ قولى بىلەن بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ سول قولى بىلەن چىراغنى ئوڭشاپ قويدى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم. كۆڭلۈمنى پۈتۈنلەي ئېچىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. دېهقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىش بەكمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىش ئىكەن.

بۆشۈكتىكى بوۋاق تېز ۋە ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

— بۇ ئۆيدە سەن ئۆزۈڭ يالغۇز تۇرامسەن؟ — سورىدىم مەن قىزچاقتىن.

— يالغۇز تۇرىمەن، — دېدى قىز ئاڭلانمىغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن.

— ئورمان قاراۋۇلىنىڭ قىزى بولامسەن؟

— ئورمان قاراۋۇلىنىڭ قىزى بولىمەن، — دېدى ئۇ يەنە پىچىرلاپ.

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئورمان قاراۋۇلى ئېگىلىشكىنىچە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردى. ئۇ پەنەرنى يەردىن ئېلىپ، ئۈستەلگە يېقىن كەلدى-دە، پىلىكىنى چىقىرىپ يېقىپ قويدى.

— سىز مۇنداق دېۋىرقاي چىراغقا ئادەتلەنمىگەنسىز ھەقاچان، — دېدى ئۇ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىكىپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭدەك قاۋۇل ئادەم ھەقىقەتەن كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ ئېگىز بويلۇق، مۈرىلىرى كەڭ، كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن كاناپ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن ناھايىتى كۈچلۈك بولجۇڭ گۆشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قاپقارا بۇدۇر ساقىلى جىددىيلىك ۋە قەيسەرلىك چىقىپ تۇرغان يۈزىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يېپىپ كەتكەن. بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى كىشىگە دېدىل قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ قوللىرىنى ئاستاغىنە بېلىگە قىستۇرۇپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ تۇردى.

مەن ئۇنىڭغا تەشەككۈرۈمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدىم.

— ئىسمىدىم قۇما، — دېدى ئۇ، — لەقىمىم بىرىيۇك*.

— ھە، بىرىيۇك دېگەن سەن ئىكەنسەن - دە!

مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور قىزىقىش بىلەن قارىدىم. مەن ئېرمولايدىن ۋە باشقىلاردىن ئورمان قاراۋۇلى بىرىيۇكنىڭ تەرىپىنى پات - پات ئاڭلاپ قالاتتىم. شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئوتتىن قورققاندەك قورقىشاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆز ئىشىغا بىرىيۇكتەك سادىق ئادەم بۇ ئالەمدە يوق ئىمىش. شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار بىرىيۇكنى «ئۇ بىرەر تال قۇرۇق شاخنىمۇ ئالدۇرمايدۇ. ناۋادا ئالىمەن دەپ ھەرقانداق چاغدا، ھەتتا يېرىم كېچىدە بارساڭمۇ، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەڭمۇ كېلەلمەيسەن. ئۇ شۇنداق كۈچتۈڭگۈر ھەم ئالۋاستىدەك ئەپچىل... ئۇنى ئىنىدە ككىمۇ كەلتۈرەلمەيسەن. ھاراق بەرسەڭ ئىچمەيدۇ، پۇل بەرسەڭ ئالمايدۇ. زادىلا دامىڭغا چۈشمەيدۇ. بەزىلەر نەچچە، قېتىم ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچىمۇ بولۇشتى، لېكىن ئەپلەشتۈرەلمىدى» دەپ تەرىپلەشتى.

— ھە، بىرىيۇك دېگەن مەن دېگىن، — دېدىم مەن گېپىمنى تەكرارلاپ، — مەن خەقلەردىن تەرىپىڭنى ئاڭلىغان. سېنى خەقلەرگە تىرناقچىلىكمۇ يول قويمايدۇ دېيىشىدىغۇ؟

— بۇ مېنىڭ بۇرچۇم، — دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماي، — خوجايىنىمنىڭ نېنىنى ھالاللاپ يېيىش كېرەك - تە.

ئۇ بېلىگە قىستۇرۇلغان پالتىنى ئېلىپ، يەردىلا ئولتۇرۇپ ياغلىق قارىغاينى چېپىشقا باشلىدى.

— خوتۇنۇڭ يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— يوق، — دېدى ئۇ پالتىنى كۈچەپ چېپىپ.

— ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟

— ياق... ھەئە... ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ تەتۈر قاراپ.

مەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— بىر يولۇچى سودىگەر بىلەن قېچىپ كەتتى، — دېدى ئۇ تەنىلىك كۈلۈپ. قىزچاق يەرگە قارىۋالدى. بۆشۈكتىكى بوۋاق ئويغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. قىزچاق بۆشۈكنىڭ قېشىغا ئۆتتى. «ھەي، مانا بۇنى بەر» دېدى بىرىيۇك كىرلىشىپ كەتكەن ئېمىزگىنى قىزچاققا سۇنۇپ. «بالىسىنى تاشلاپ كەتتى» دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، بوۋاقنى كۆرسىتىپ پەس ئاۋاز بىلەن. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى.

— تەقسىر، سىز ھەقاچان، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ نانلىرىمىزنى يېمەيسىز، لېكىن ئۆيدە ناندىن باشقا...

— قورسىقىم توق.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىزگە چاي بولسىمۇ قاينىتىپ بەرسەم بولاتتى، لېكىن چېيىم يوق... مەن چىقىپ ئېتىڭىزغا قاراپ باقاي.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، گۈپ قىلىپ ئىشىكنى ياپتى. مەن يەنە ئەتراپىمغا

* ئورلوۋ ئۆلكىسىدىكىلەر قاپىقى ياسان، دائىم يالغۇز يۈرۈيدىغان ئادەملەرنى «بىرىيۇك» دەپ ئاتىشىدۇ. — ئاپتوردىن.

قاردىم. ئەمدى ئۆيىنىڭ ئىچى ماڭا بايىقىدىنمۇ بەكرەك غېرىبانە كۆرۈندى، تۈتۈنىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى نەپەسىمنى بوغماقتا ئىدى. قىزچاق بايىقى جايىدا مىدىر-سىدىر قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرە-بىرە بۆشۈكنى تەۋرىتىپ، سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن كۆڭلەكنى ئېھتىيات بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ قوياتتى، ئۇنىڭ يالاڭغىداق پۇتلىرى مىدىر-سىدىر قىلماي ئېسىلىپ تۇراتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئولپىتا، — دېدى قىز. ئۇنىڭ غەمكىن يۈزى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى.

ئورمان قاراۋۇلى كىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— يامغۇر توختاي دەپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئەگەر قايتاي دېسىڭىز، سىزنى ئورماندىن چىقىرىپ قوياي.

مەن ئورنىمدىن تۇردۇم. بىرىيۈك مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئوقدانىنى تەكشۈرۈپ باقتى.

— بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئورماندا بىرى يۈرگەندەك قىلىدۇ... بايتالسايىدا بىرى ياغاچ ئوغرىلاۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ سوئال نەزەرىدە قاراپ تۇرغىنىمغا جاۋابەن.

— مەشەگە ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟

— ھويلىغا چىقسىڭىز ئاڭلىنىدۇ.

بىز سىرتقا چىقتۇق. يامغۇر توختاپتۇ. يىراقتا يەنە توپ-توپ قارا بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بىرە-بىرە چاقماق چېقىپ قويىدۇ. لېكىن بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدە بۇلۇتلار تارقاپ كەتكەن، بەزى جايلاردا كۆپكۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىتتىك كۆچۈپ نېپىزلەپ قالغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى-بەزىدە يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنۈپ قالىدۇ. يامغۇر يۇيۇپ، بوران چايقاپ ئۆتكەن دەرەخلەرنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېنىقراق كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، بىز جىمىدە قۇلاق سالدۇق. ئورمان قاراۋۇلى باش كىيىمىنى يېشىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. «ئەنە... ئەنە... — دېدى ئۇ بىر قولىنى سوزۇپ كۆرسىتىپ، — قاراڭ، مۇشۇنداق بىر كېچىنى تاللىغىنىنى.» لېكىن مەن يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن بۆلەك ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم. بىرىيۈك لاپاسىنىڭ ئاستىدىن ئېتىمنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقتى. «مەن بۇنداق ئېزىلىپ يۈرسەم، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئۇنى قاچۇرۇپ قويىمەن»، «مەنمۇ بىللە بارسام... مەيلىمۇ؟» دېدىم مەن. «مەيلىڭىز، — دېدى ئۇ ئاتنى كەينىگە شوخشىتىپ، — بىز ئۇنى ھازىرلا تۇتۇۋالىمىز، ئاندىن مەن سىزنى ئورماندىن چىقىرىپ قوياي، يۈرۈڭ.»

بىز ماڭدۇق، بىرىيۈك ئالدىدا ماڭدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇنىڭ يولنى قانداق تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. پەقەت بىرە-بىرە توختاپ قالىدۇ، ئۇ توختىغاندىمۇ پالتا ئاۋازىنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈنلا توختىسا كېرەك. «ئەنە، — دېدى ئۇ ئاۋازنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئاڭلاۋاتامسىز؟» «قاياقتا؟» دېدىم مەن. بىرىيۈك مۈرىلىرىنى قىسىپ قويىدى. بىز

سايىنىڭ ئىچىگە چۈشتۇق. شامال بىر پەس توختىغاندەك قىلدى. مانا ئەمدى تەكشى چېپىلىۋاتقان پالتىنىڭ ئاۋازى ماڭىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىريۈك ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. بىز ئەمدى ھۆل بولۇپ كەتكەن قىرىققۇلاق، چاقچاقلارنىڭ ئارىسى بىلەن ماڭدۇق. مانا غاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— يىقتتى، — دېدى بىريۈك.

— ئاڭغىچە، ئاسمان تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئۇرماننىڭ ئىچى ئازراق يورۇدى. بىز ئاخىر سايدىن چىقتۇق. ئورمان قاراۋۇلى ماڭا پىچىرلاپ: «مەشەدە ساقلاپ تۇرۇڭ» دېدى-دە، ئۆزى ئېگىشىپ مىلتىقىنى يۇقىرىراق كۆتۈرۈپ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم. تولۇق توختاپ كەتمىگەن شامالنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئىچىدىن يېقىنلا جايدىن كېلىۋاتقان بوش ئاۋازلارنى — ئېھتىيات بىلەن دەرەخ كېسىۋاتقان پالتا ئاۋازىنى، ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى، ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. «نەگە بارىسەن؟ توختا!» دىردىنلا بىريۈكنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىرىنىڭ توشقاندەك چىرقىرىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى... ئېلىشىش باشلاندى. «ھۇ ئوغرى، ھۇ ئوغرى، — دېدى بىريۈك ئەندىكىش ئارىلاش يېنىش-يېنىشلاپ ۋارقىراپ، — ئەمدى قاچالمايسەن.» مەن ئاۋازلار كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم، قەدەممەدە بىر دېڭگۈدەك سۈرۈنۈپ ئېلىشىش بولۇۋاتقان جايغا باردىم. ئورمان قاراۋۇلى ھېلىلا يىقىتىلغان دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر ئادەم بىلەن پومداقلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئوغرىنى بېسىۋېلىپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ بەلبېغى بىلەن باغلاۋېتىپتۇ. مەن يېقىنراق باردىم. بىريۈك ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئادەمنىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ھېلىقى ئادەم جۇل-جۇل كىيىملىرى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ، ئۇزۇن ساقىلى چىگىشلىشىپ كەتكەن دېھقان ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا بورىدا ئېگىز-پەس يوپۇقلانغان بىر ئورۇق ئات بىلەن تۆت چاقلىق بىر ھارۋا تۇرىدۇ، ئورمان قاراۋۇلى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ھېلىقى دېھقانمۇ گەپ-سۆز قىلماي، پەقەت بېشىنىلا چايقايتتى.

— ئۇنى قويۇۋەت، — دېدىم مەن بىريۈكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بۇ دەرەخنىڭ پۇلىنى مەن تۆلەپ بېرەي.

بىريۈك گەپ-سۆز قىلمىدى، سول قولى بىلەن ئاتنىڭ كوكۇلىسىنى، ئوڭ قولى بىلەن ئوغرىنىڭ بەلبېغىنى قامallaپ تۇتۇۋالدى. «ھەي، كەينىڭگە بۇرۇل، توڭ قاغا!» دېدى ئۇ جىددىي ئاۋازدا. «ئاۋۇ پالتىنى ئېلىۋېلىڭلار» دېدى دېھقان غودۇڭشىپ. ئورمان قاراۋۇلى: «سەن دېمىسەڭمۇ ئالىمىز» — دېدى-دە، دېھقاننىڭ پالتىسىنى يەردىن ئالدى. بىز ماڭدۇق، مەن ئارقىدا ماڭدىم... يامغۇر يەنە يېغىشقا باشلاپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شارقىراپ قويۇۋەتتى. بىز خېلى تەستە ئاران ئۆيگە كېلىۋالدۇق. بىريۈك ئۆزى تۇتۇپ كەلگەن ئاتنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا توختىتىپ قويدى. دېھقاننىڭ ئۆزىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، بەلباغنى ئازراق بوشاتتى-دە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھېلىقى قىزچاق

مەشىنىڭ تۈۋىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىكەن، شۇ ئارىلىقتا ئۇ چاچىراپ تۇرۇپ، بىزگە قورقۇش ئىچىدە ئۈن-تىنسىز تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

— قارىمامسىز، بۇ يامغۇرنىڭ قۇيۇۋەتكىنىنى، — دېدى ئورمان قاراۋۇلى، — يەنە ئازراق ساقلايدىغان بولدىڭىز. بىردەم يېتىۋالامسىز-يا؟

— رەھمەت.

— سىزنىڭ ئارامىڭىزنى بۇزماي ئۇنى ئامبارغا سولاپ قوياي دېسەم، — دېدى ئۇ دېھقاننى كۆرسىتىپ، — ئىشىكنىڭ تاقىقى...

— مەشەدە ئولتۇرۇۋەرسۇن، ئۇنى تولا قىينىما، — دېدىم مەن بىرىيۇكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

دېھقان قاپقىنىڭ ئاستىدىن ماڭا قاراپ قويدى. مەن ئىچىمدە، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ بىچارىنى قويۇپ بەرگۈزۈۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلدىم. ئۇ مىدىر-سىدىر قىلماي ئورۇندۇقتا جىممىدە ئولتۇراتتى. چىراغنىڭ يورۇقىدا مەن ئۇنىڭ ئىچكىلىك دەستىدىن ھوۋۇققان ۋە قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىنى، ئۆسكىلەڭ سېرىق قاشلىرىنى، ئەنسىز پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى، ئورۇق گەۋدىسىنى ئېنىق كۆردۈم... قىزچاق ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ تۈۋىدە يەرگىلا يېتىپ، يەنە ئۇخلاپ قالدى. بىرىيۇك قوللىرى بىلەن ئېگىكىنى تىرەپ ئۇستەلدە ئولتۇراتتى. ئۈينىڭ بۇلۇڭىدىن قارا چېكەتكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى... يامغۇر ئۆينىڭ چېدىرىغا ئۇرۇلۇپ تارسىلداپ، دېرىزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. بىز ئۈن-تىنسىز جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق.

— فوماكوزمىچ، — دېدى دېھقان تۇيۇقسىز پەس ۋە بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — ھەي، فوماكوزمىچ.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

— مېنى قويۇۋەتكىن.

بىرىيۇك جاۋاب بەرمىدى.

— مېنى قويۇپ بەرگىن... ئاچلىقنىڭ دەستىدىن شۇنداق قىلىپ سالدىم... مېنى قويۇۋەتكىن.

— بىلىمەن مەن سىلەرنى، — دېدى ئورمان قاراۋۇلى سۇرلۇك ئاۋاز بىلەن، — سىلەرنىڭ يېزاڭلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى.

— مېنى قويۇۋەتكىن، — دېدى دېھقان سۆزىنى تەكرارلاپ، — غوجىدار... بىزنى راست قاقسەنەم قىلىۋەتتى راست دەيمەن... مېنى قويۇپ بەر.

— قاقسەنەم قىلىۋەتتى! شۇنداقتىمۇ ئوغرىلىق قىلماسلىقىڭ كېرەك-تە!

— مېنى قويۇپ بەر، فوماكوزمىچ... ماڭا ئۇۋال قىلما. سىلەرنىڭ خوجايىن مېنى تىرىك قويمايدۇ. راست دەيمەن.

بىرىيۇك تەتۈر قارىۋالدى. دېھقان خۇددى بەزگىكى تۇتقان ئادەمدەك غال-غال تىترەپ، تۇرۇپ-تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ قوياتتى، نەپىسىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

— مېنى قويۇپ بەر دەۋاتىمەن، — دېدى دېھقان كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئۈمىدسىزلىك بىلەن يالۋۇرۇپ، — مېنى قويۇۋەتكىن. خۇدا ھەققىگە قويۇۋەتكىن! بولدى، مەن پۇل تۆلەي، خۇدا ھەققى راست! ئاچلىقنىڭ دەستىدىن شۇنداق

قىلىپ ساپتىمەن... بالىلار زار يىغلاپ
ئولتۇرىدۇ. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ھېچ
ئامال بولمىدى.
— شۇنداقتىمۇ ئوغرىلىق قىلماس-
لىقىڭ كېرەك - تە!
— ئېيتتىمغۇ، — دېدى دېھقان
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئېيتتىمغۇ
بولسىمۇ قويۇۋەت... مېنىڭدە بارى شۇ
بىر تاللا ئۇلاغ... ئاتىنى بولسىمۇ
قويۇۋەت!
— بولمايدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەنمۇ
خەقنىڭ ئەلكىدىكى ئادەم. خوجايىن
مېنى جازالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
سىلەرنى بوش قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ.
— مېنى قويۇپ بەرگىن! ھەممىسى
يوقسۇللۇقنىڭ دەستى، فۇماكوزمېچ، يوق-
سۇللۇق دېگەن نېمە قىلدۇرمايدۇ...
مېنى قويۇۋەت!
— مەن بىلىمەن سىلەرنى!
— مېنى قويۇۋەتكىن!
— ھەي، ساڭا تولا گەپنىڭ نېمە
پايدىسى. ئولتۇرساڭ تىنچ ئولتۇر، بول-
مىسا ھېلى بىكار... ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ!
كۆرمەيۋاتامسەن بۇ يەردە بېگىمنىڭ
ئولتۇرغىنىنى.
ھېلىقى بىچارە دېھقان بېشىنى
تۆۋەن سالدى... بىرىيۈك ئەسنەپ
بېشىنى ئۈستەلگە قويدى. يامغۇر تېخىچە
توختىمىدى. مەن ئاخىرى نېمە بولاركىن،
دەپ كۈتۈپ تۇراتتىم.
دېھقان بىردىنلا قەددىنى رۇسلىدى،
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، يۈزى
قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. «قېنى، بول-
مىسا مېنى يەۋەتمەمسەن، كېلە، يېيە-
لەمسەنكىن، كېلە، — دېدى ئۇ كۆزلە-
رىنى قىسىپ، لەۋلىرىنى ساڭگىلىتىپ، —
كېلە، قانخور قاتىل، مېنىڭدەك بىر
خىرىستىيانىنىڭ قېنىنى ئىچە. ئىچە،
قېنى...»
ئورىدان قاراۋۇلى ئۇنىڭغا بۇرۇلدى.
— ھەي مۇتىھەم، قانخور، ساڭا
دەۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسەن؟
— سەن مەستمۇ نېمە؟ نېمىشقا
مېنى تىللايسەن؟ — دېدى ئورىدان قارا-
ۋۇلى ھەيران بولۇپ، — ساراڭ بول-
دۇڭمۇ - يا؟
— مەستمۇ دېگىنىنى قارا بۇنىڭ!
ئىچسەم سېنىڭ پۇلۇڭغا ئىچمىگەندىمەن،
قانخور قاتىل، ھايۋان، ھايۋان، ھايۋان!
— ھەي، مەن سېنى... ھېلى
بىكار!
— مەن نېمىدىن قورقاتتىم! بىر-
بىر ئۆلىمەن، ئاتسىڭىز مەن نەگىمۇ
بارالايمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلتۈ-
رۈۋەت. بىرىبىر تۈگەشكىدەكمەن؛ ئاچ-
لىقتىن ئۆلسەممۇ، مۇشۇنداق ئۆلسەممۇ،
بىرىبىر ئۆلگىدەكمەن. خوتۇنۇم، بالا -
چاقام، ھەممىسى قىرىلىپ كېتىشىدۇ...
لېكىن سەن ئالدىرىما، ساڭىمۇ بىر
كۈنى نۆۋەت كېلىدۇ!
بىرىيۈك ئورنىدىن تۇردى.
— ئورە، ئورە! — غەزەپ بىلەن
ۋارقىرىدى دېھقان، — ئورە، كېلە،
كېلە، ئورە... (قىزچاق چاچراپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ، دېھقانغا تىكىلىپ قاراپ
قالدى) ئورە! ئورە!
— تولا ۋالاقلىما! — ۋارقىرىدى
ئورىدان قاراۋۇلى ئالدىغا ئىككى قەدەم
چامداپ.
— بولدى، بولدى، فۇما، —

دېدىم مەن ۋارقىراپ، — ئۇنى كەچۈر، ئۇنىڭغا تەگمە.

— شۇ دېگىنىڭگە بولسىمۇ دەيمەنغۇ، — دېدى ھېلىقى بەختى قارا ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىمەن. قانخور قاتىل، ھايۋان، خۇدا سېنىڭ جېنىڭنى نېمىشقا ئالمايدىغاندۇ! ئالدىرىما، سېنىڭ كۈنۈڭمۇ ئاز قالدى! سېنى ھامىنى بىرى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئالدىرىماي تۇر!

بىرىيۈك ئۇنى يەلكىسىدىن تۇتۇۋالدى... مەن ئېتىلىپ بېرىپ دېھقانغا بولۇشتۇم...

— سىز ئارىلاشماڭ تەقسىر! — دېدى ئورمان قاراۋۇلى ماڭا ۋارقىراپ.

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىمدىم، قولۇمنى سوزۇۋېتىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. بىرىيۈك دېھقاننىڭ قوللىرى باغلاقلىق بەلباغنى يېشىپ، دېھقاننى ياقىسىدىن تۇتۇۋالدى - دە، قۇلاقچىسىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈپ، ئىشىكنى ئېچىپلا، ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— يوقال كۆزۈمدىن، ئېتىڭنى ئالغاچ كەت! — ۋارقىرىدى ئۇ دېھقاننىڭ كەينىدىن، — لېكىن ئاگاھ بول، ئىككىنچى قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ...

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، بۇلۇڭدىن نېمىندۇر ئىزدەشكە باشلىدى.

— ھەي، بىرىيۈك، — دېدىم مەن ئاخىرى، — سېنى مۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، سەن راستىنلا ياخشى يىگىت ئىكەنسەن!

— بولدى، ئۇ گەپنى قىلماڭ، تەقسىر، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، ئۆكۈنگەندەك قىلىپ، — لېكىن بىر كىمگە دەپ قويماڭ، ئەمدى سىزنى ئورماندىن چىقىرىپ قوياي، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتسىڭىز، تىت - تىت بولۇپ كېتىسىز...

ھويلىدىن دېھقان ھارۋىسىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قاراڭ، ئۇ كەتتى! — دېدى بىرىيۈك غۇدۇڭشۇپ، — كېلەركى قېتىمدا مەن ئۇنىڭ ئوبدانراق ئەدىبىنى بېرىپ قويىمەن!

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە، ئۇ، ئورماننىڭ چېتىدە مەن بىلەن خوشلاشتى.

**مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

چېن شاۋۋېي

# يېڭى داۋغا قايتا باھا

— پۈتۈن مەملىكەتلىك شېئىرىيەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

1

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرى يېڭى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن يارىتىپ بېرىپ، بىر مەزگىل سۇلىشىپ قالغان شېئىرىيەت گۈللىرى بەس-بەس بىلەن ئېچىلدى. ۋەھالەنكى، شائىرلارنىڭ ھەممىسىلا ئاسان قولغا كەلمىگەن، بارچە ئاۋازدا ناخشا ئېيتىش ھوقۇقىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، دەۋرىمىزگە مۇناسىپ يېڭى شېئىرلارنى يازغىنى يوق. بەزى شائىرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خورىغا غەلىتە سادالارنى قوشتى. يېڭى داۋ بۇنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى. شۇڭلاشقا يېڭى داۋغا قايتا باھا بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا نىسبەتەن ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، يېڭى شېئىرىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىنى بويلاپ تېخىمۇ ساغلام، جۇشقۇن راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مەن «يېڭى داۋغا قايتا باھا» بېرىش كېرەك دېگەننى شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەنكى، بەزى شېئىر ئوبزورچىلىرى يېڭى داۋغا تەگدىشى يوق يۇقىرى باھا بەرگەن.

يېڭى داۋ ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق تۈردە بالدۇرراق داغدۇغىلىق ئوتتۇرىغا چىقارغىنى لاۋمۇ 1985-يىلى تۈزگەن «يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنى شېئىرلار توپلىمى» بولدى. (شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى داۋنىڭ ئەسەرلىرى ئىزچىل تۈردە تۈرلۈك «مودېرنىزم شېئىرلىرى»، «تۇتۇق شېئىرلار»، «ئىزدىنىش شېئىرلىرى» دەيدىغان شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن توپلاملاردا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى!) يۇقىرىقى شېئىر توپلىمىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىندى: يېڭى داۋ باشچىلىقىدىكى «يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنى»، «يالغۇزلا يول ئاچقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ كېيىنىرى پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقى ئارقىلىق

ئۈمىدكە تولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى»، بەزى پىكىرلەردە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق قەيت قىلىندى: بېيى داۋ يېتەكچىلىكىدىكى «مۇدىرنىزىملىق شېئىر» چىلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن قول ئۈزگۈچىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق ئۆزگىرىۋاتقان دەۋرلەردە يۈز بېرىدىغان غايەت زور ئازابلارنى باشتىن كەچۈردى، شۇنداقلا بارلىق ئۆزگەرتكۈچىلەردە بولىدىغان قەيسەرلىك ۋە تەمكىنلىكنى نامايان قىلدى.»

بىر مۇنچە «لۇغەت» لەرنىڭ تىزگىنچىلىرىمۇ بېيى داۋنى ھەددىپ كۆككە كۆتۈردى: بېيى داۋ «ھەقىقانىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا قورقماي ئىنتىلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت روھىي پاجىئەسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ئىپادىلىدى»؛ «ئۇ سۇبيېكتىلىق ئاڭنىڭ ئۆزلۈك - كېسەل ئويغىنىشى ئارقىلىق يېڭى دەۋرنىڭ تۇنجى تاڭ نۇرىنى قارشى ئالدى»؛ «ھەقىقانىيەت ۋە ئادەم تەبىئىتىدىن ئىبارەت بىر جۈپ رەڭدار نۇر بىلەن ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى جىلۋىلەندۈردى»؛ «بېيى داۋ ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇسى ۋە ھەقىقانىيەت ھېسسىياتى تولۇپ تاشقان شائىر» (يۇقىرىقىلار 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان «مەشھۇر كۈڭگا شېئىرلاردىن لەززەتلىنىش لۇغىتى» دىن ئېلىندى.)

1989 - يىلى 21 - ئىيۇندا، بېيى داۋنى ماختاش سادالىرى پەلەككە يەتكەندە، مەلۇم بىرى ماقالە يېزىپ: «بېيى داۋ بىر مىللىي قەھرىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزگە سازاۋەر بولۇشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە» دەپ چۇقان سالدى. بۇ چاغدا بېيى داۋ 1989 - يىلى مايدا گوللاندىيىنىڭ ماستىرىختىدا چاقىرىلغان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ 53 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا كۆلكىلىك ئويۇن ئويناپ چىققانىدى. («ئەدەبىيات سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن تەنقىد» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 1 - سانىدىكى جېن جيەنفەننىڭ «خەلقئارا قەلەمكەشلەر يىغىنى بىلەن ۋېي جىڭشېڭ ۋە بېيى داۋ» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ).

1989 - يىل ئاۋغۇستتا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئىزدىنىش شېئىرلىرىدىن لەززەتلىنىش لۇغىتى» دا يەنە مۇنداق دەپ تەرغىپ قىلىندى: «بېيى داۋ كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەنقىدىي ئاڭغا ئىگە شائىر.»

«بېيى داۋ ھادىسىسى» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىمىزنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان رېئاللىق. بىزنىڭ بەزى ياخشى نىيەتلىك شېئىر ئوبزورچىلىرىمىز بېيى داۋنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ «مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى» ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ئاشىق بولۇپ كېلىمىدىمۇ؟ بىز ئىشنى مەشەدىلا توختىتىپ قويماي، يەنە بىر قېتىم كەسكىن، ئەستايىدىل تۈردە «بېيى داۋغا قايتا باھا» بېرىپ باقايلى.

2

بېيى داۋنىڭ ئەسەرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئاساسلىق ئەسەرلىرى «بېيى داۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما» (1986 - يىل مايدا نەشر قىلىنغان) تېرىلمىسىغا

كىرگۈزۈلگەن. «بەش كىشىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» (1986 - يىلى نويابىردا نەشىر قىلىنغان) دېگەن توپلامدا پەقەت «كۈندۈزدىكى چۈش» ناملىق داستانى قوشۇپ بېرىلگەن. باشقا كۆپلىگەن توپلاملارغا «بېي داۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ چەت ئەلدە نەشىر قىلىنغان «قۇياش شەھىرى خاتىرىسى» ۋە «بېي داۋ، گۇچېڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن توپلاملىرىنى مەن ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن باھا بېرەلمەيمەن.

بېي داۋنىڭ مۇنداق سۆزى بار: «مەن ئۈندىمەسلىككە ئادەتلەنگەن، پەقەت ئۆز ئەسەرلىرىم ئارقىلىقلا سۆزلەيمەن.» ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىگە ئاساسەن، بىز ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

بەزى ئوبزورچىلار بېي داۋنى «تۇتۇق شېئىر» يېزىشتىكى ۋەكىللىك شەخس دەپ ھېسابلايدۇ. دۇرۇس، بېي داۋنىڭ بەزى شېئىرلىرىدىكى شېئىردىي پىكىر بىر قەدەر يوشۇرۇن، بىراق ھەممىسىنىلا تۇتۇق دېگىلى بولمايدۇ. بىز بىر «ئوقۇپلا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى «بىلىۋالالايمىز»، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بېي داۋنى «تۇتۇق شائىر» دېگەندىن كۆرە، بېي داۋ سېپى ئۆزىدىن «سىياسىي شائىر» دېسە تېخىمۇ توغرا بولاتتى! بېي داۋنى كۆككە كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ بېي داۋ ھەققىدىكى بايانلىرىنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ھەققانىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا چەكسىز ئىنتىلىش؛

2. قەھرىمانلىقتا قارشى تۇرۇش؛

3. ئادەمگە خاس سۇبيېكتلىق ئاڭنى ئويغىتىش؛

4. يېڭى بىر دەۋر شېئىر ئۇسلۇبىنى، چوڭقۇر قاتلاملىق ئەقلىي تەپەككۇر ئېڭىنى يارىتىش.

ئالدىنقى ئۈچ ماددىدا، قارىماققا شېئىرىيەت سەنئىتى سۆزلەنگەندەك قىلسىمۇ، تۆتىنچى ماددىدىكى «ئەقلىي تەپەككۇر ئېڭى» دېگەن سۆز، ئەمەلىيەتتە، تامامەن «سىياسىي» غا ياندىشىدۇ. «تۇتۇق شېئىرلار» غا خاس «تۇتۇق گۈزەللىك» تىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكتىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ. بېي داۋنىڭ شېئىرلىرىدا يېزىۋاتقىنى «سىياسىي»، بېي داۋ شېئىرلىرىنى باھالىغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ باھالاتقىنىمۇ «سىياسىي» دىن ئىبارەت. قارىماققا، بۇ بىر خىل چۈشىنىش تەس بولغان ھادىسىدەك تۇيۇلىدۇ — بېي داۋ ئېقىمىدىكى شائىرلار ئىزچىل تۈردە سىياسىينىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئارىلىشىشىغا، شېئىرىيەت سەنئىتىگە ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ كەلمىگەنمىدى؟ بىراق، بېي داۋ ھەقىقەتەنمۇ ئىزچىل تۈردە شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن تەرغىپ قىلىپ كەلدى؛ ئۇ شېئىر يېزىش نامى ئاستىدا يەنىلا سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن ئىزچىل تۈردە كۈچەپ شۇغۇللىنىپ كەلدى! بۇ خىل «خاراكتېرنىڭ مۇجەسسەملىشىش نەزەرىيىسى» يەنى مۇشۇنداق ھەم بۆلۈنۈش، ھەم يېقىنلىشىپ بىرلىككە

كېلىشتىن ئىبارەت ھالەت بېي داۋىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغان!

بىز يۇقىرىقى تۆت ماددىلىق ئىدىيەۋى يۆنىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بېي داۋىنىڭ شېئىرلىرىنى يەنە ئوقۇپ باقايلى.

«ھەققانىيەت» بىلەن «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى» ئەزەلدىن سىياسىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىر جۇڭگو گراژدانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» تا چىڭ تۇرۇش ھەققانىيەت دېمەكتۇر، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش سوتسىيالىزمنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى» دېمەكتۇر. بىراق، بېي داۋىنىڭ قارىشىچە، ئۇ تەشەببۇس قىلىپ ئىمزا توپلىغان، جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىشىلا «ھەققانىيەت» ھېسابلىنىدۇ؛ چەت ئەلدە «جۇڭگو سەرگەردان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش ئىشىلا «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى» ھېسابلىنىدۇ! بۇ يەردە ھەق-ناھەق مۇشۇنداق ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرمامدۇ! ئەگەر بەزىلەر «ئادەم تۆپەيلى شېئىرنى يوققا چىقىرىش» قا بولمايدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرسە، ئۇ ھالدا بىز يەنىلا بېي داۋىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز.

«بارچە» — بېي داۋىنىڭ بىر مەزگىل داڭق چىقارغان ئەسىرى. بۇ شېئىردا كىشىلەرنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بولغان غەزەپ-نەپرىتى بايان قىلىنغان. بىراق، دەل مانا مۇشۇ شېئىردا بېي داۋىنىڭ ئىنتىلگىنى ئەسلا خەلق ئاممىسىنىڭ «ھەققانىيەت» ۋە «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى» ئەمەسلىكى ئايان بولغان! ئۇ ب شېئىردا كىشىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ:

بارچە ئۈمىد-ئارزۇلار ئېلىپ كەلدى ئىزاھات،
بارچە ئىشەنچ-ئەقىدە ئېلىپ كەلدى داد-پەرياد!

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى «بارچە»؛ ئۇنداق ئىكەن، سەن «ئۈمىد-ئارزۇيۇڭنى» سوتسىيالىزمغا باغلىساڭمۇ، «ئىشەنچ-ئەقىدەڭنى» ماركسىزمغا باغلىساڭمۇ، بەرىبىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «ئىزاھات» بېرىشىڭ كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى «داد-پەرياد!» بولىدۇ-دە. ئەگەر بۇنى پەقەت ئەينى يىللاردىكى بىر ياشنىڭ ئىدىيەۋى بىر تەرەپلىمىلىكى دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز ئۇنىڭدىن بۇنداق ئۇچىغا چىققان بىر تەرەپلىمىلىكنى تېزدىن يېڭىشنى ئۈمىد قىلغان بولاتتۇق. ۋەھالەنكى، بېي داۋ بۇ خىل بۇرمىلاش نەزەرى بىلەن تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە يېزىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن يېڭى ھاياتنىڭ زەررىچە پارلاق نۇرىنى تېپىشمۇ ئىنتايىن تەس، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دۆۋىلىنىپ ياتقانلىرى مانا مۇنداق نەرسىلەر:

قادالدى ئوچ بۇرجەك يەلكەن ماچتىسى
لەيلەپ ئاققان جەسەت ئۈستىگە.
(«ئاۋغۇستتا چۈش كۆرگۈچى»)

ئەجدادلار سۈرەتلىرىنىڭ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشى
ئۆمۈچۈكلەر توقۇغان دۈگلەك توردا قاپلاندى.
(«بىرلىكتە قەستلەش»)

قەرزدار ئەمەس بىز، ساتساقمۇ ھەتتا
كىيىم - كېچەكنى، ئايىغىمىزنى،
ئاخىرقى بىر كاپام نورما ئاشلىقنى.
(«قىشقا يۈرۈش»)

بۇلاردىن تاشقىرى يەنە سانسىزلىغان «خارابە»، «ئۆلۈم»، «مازارلىق»، «گۆر-قەبرە»، «ئۆلۈم بەلبېغى»، «مۇزتاغ»، «قار كۆچۈش»...دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر بار. بۇنى قانداقمۇ «پەكرى سىيما (ئىماژ) لارنىڭ سوقۇلۇپ كېتىشى» دېگىلى بولسۇن؟ پىكرى سىيما ئاخىرقى ھېسابتا سىيما ئارقىلىق پىكىرنى ئىپادىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ھەقىقەتەنمۇ بېي داۋنىڭ ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن پىسخىكىسى ئۇنىڭ باشقا بىر خىل «ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى» غا بولغان «ئىنتىلىشىنى قوزغىغان».

«قەھرىمانلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئالىيجانابلىققا (يۈكسەكلىككە) قارشى تۇرۇش» بېي داۋنىڭ يەنە بىر ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا «قەھرىمانلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئالىيجانابلىققا قارشى تۇرۇش» روھى سىڭىپ كەتكەن.

بىزگە مەلۇمكى، غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتى ئېقىمىدىكىلەر «قەھرىمانلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئالىيجانابلىققا قارشى تۇرۇش» نى ئۆزلىرىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى قىلغان. بۇ، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى پاش قىلىش رولىنى ئوينىغان. بىراق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرىدىمۇ «قەھرىمانلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئالىيجانابلىققا قارشى تۇرۇش» سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى چىرىتىش ۋە پارچىلاش رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس.

بېي داۋنىڭ «جاۋاب» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:
پەسكەشلىك پەسكەشلەرنىڭ يول خېتىدۇر ھەر قاچان،
ئېسىللىق ئېسىللارغا قەبرەتاش خەت ئويۇلغان.

ئوبزورچىلار بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى بەس - بەستە ماختىشىپ كەتتى. بىراق، مانا مۇشۇ شېئىرىدا بېي داۋ مۇنداق دەپ جار سالدى:
ئېيتىپ قوياي، ئاڭلا ئەي دۇنيا،
ئىشەنمەيمەن ساڭا مەن ئەسلا!

مانا بۇ ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسرادا ئۆزى ئېيتقان «پەلسەپىۋى قائىدە» گىمۇ «ئىشەنمەيمەن» دېگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ بېي داۋنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا يازغان مانا بۇ شېئىرىدا ئۇنىڭ «قەھرىمانلىققا قارشى تۇرۇش»، «ئالىيجانابلىققا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىجادىيەت خاھىشى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلانغانىدى،

كېيىن ئۇ بۇ جەھەتتە بارغانسېرى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى! بېي داۋ يارىتقان پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى چاكىنا، خۇنۇك شەخسلەردىن ئىبارەت.

يېتىم بالىلار مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كۆلەڭگىسى ئاپىئاق تاتارغان
يېتىم بالا بارىدۇ سەپتە.

(«يېتىم بالا»)

دېھقانلار مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئىشىك ئالدىدىكى تاش پەلەپەيدىن
سىيرىلدى بىر ئېگىز ئادەم سايىسى.
ئۇچاقتا چاقنىغان ئوتنىڭ نۇرىدا
تۇرىدۇ قىزىرىپ ئايال بىلىكى
يېنىدا پۇچۇق ساپال قاچىسى.

(«يېزا ئاخشىمى»)

ياش شائىرنىڭ سۈرىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

يالغان چىشىڭنى سۇغۇرۇۋالسا،
كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىسەن.
بىرلا بۇرۇلساڭ، تەرەتخانىنىڭ
تېمىغا دەرھال ئىسمىڭ يازىسەن.
ئوبدان تويۇنۇپ ئۆسمىگەچكە سەن،
نەچچە تال هورمۇن يەيسەن ھەركۈنى.
سېنىڭ يۇمشاتقان ئۇنۇڭ، بەئەينى
قوشنا ئۆيدىكى مۈشۈكنىڭ ئۈنى.

(«ياش شائىرنىڭ سۈرىتى»)

ئۇ «بىز» توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ:

بىز قالدۇق سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىدا
ئۆيقۇغا غەرق بولغان بېلىققا ئوخشاپ.
تۇرىدۇ يالغان چىش ئىستاكانلاردا،
بىزنى سايىمىزمۇ كېتىشتى تاشلاپ.
ئۇزۇن چىقىپ تۇرغان يەڭلىرىمىزدىن
قۇرۇغان شاخلارنى كەستۇق بىز قىرقىپ.
ئەنە شۇ شاخلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان
لېۋىدىن قىزىل قان ئاقىدۇ سىرغىپ.

(«سورىماڭلار، ياش ـ قورامىمىزنى»)

بەئەينى مەھبۇسلاردەك ئۆتۈپ باردۇق كوچىدىن،

سايىمىزنى ئۆزىمىز دەسسەپ قاتتىق غەزەپتە،
ياكى مۆكۈپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا يادلىدۇق،
ئۆلگەنلەرنىڭ سۆزىنى كېكەچلىنىپ مىڭ تەستە،
خورلانغۇچى ساراڭلاردەك ئويناپ كەتتۇق بەس - بەستە.
(«قىشقا يۈرۈش»)

مانا بۇلار قانداق غەلىتە هايات كۆرۈنۈشلىرى؟ بۇرمىلانغان روھىي هالەت مۇقەررەر يوسۇندا هاياتقا بولغان ئەقىدىنى بۇرمىلايدۇ، شېئىرىيەتتىكى چىنلىق، پاكلىق ۋە گۈزەللىكنى بۇرمىلايدۇ. هەر بىر ۋىجدانلىق كىتابخان بېي داۋ كۆتۈرۈپ چىققان بۇ بىر تەرەپلىمە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەينىكىگە قارىغىنىدا، بۇنىڭغا بېي داۋنىڭ: «مەن ئىشەنمەيمەن!» دېگەن سۆزى بىلەنلا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا كىشىلەرنىڭ «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» غا مۇراجىئەت قىلىشى تەبىئىي نورمال هادىسە. شائىرلاردا «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» نىڭ كۈچىيىشى ۋە شېئىرلاردا كىشىلەرنىڭ «سۇبيېكتىلىق ئېڭى» نىڭ توغرا يېزىلىشى، شۈبھىسىزكى، ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ۋەهالەنكى، «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» يەنىلا ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىز ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا مۇناسىۋىتىنى بىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۆزىمىزنىڭ پائالىيەتچانلىقىمىزنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۆزىمىزنىڭ هېسسىيات، تەپەككۇرىمىزنى، هەرىكەت ئۇسۇلىمىزنى ئىگىلەشتە لاتقىلارنى تازىلاپ، سۇنى سۈزۈلدۈرگەندەك ئۆز - ئۆزىمىزنى مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان ئەكس تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بېي داۋ «سۇبيېكتىلىق ئېڭى» ئىنتايىن كۈچلۈك شائىر. بىراق، ئۇنىڭ «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» دېگىنى خالىغىنىنى قىلىش دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. بېي داۋنىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن «سۇبيېكتىلىق ئاڭ» ئادەم بىلەن كوللېكتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، سۇبيېكتىلىق بىلەن ئوبيېكتىلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى توغرا هەل قىلالمىغان، شۇڭلاشقا بېي داۋنىڭ «سۇبيېكتىلىق ئېڭى» نىڭ ئىجتىمائىيلىقى سوتسىيالىستىك ئەمەس.

بېي داۋنىڭ شېئىرلىرى «تۇيغۇغا ئەگىشىپ مېڭىش» نىڭ مەهسۇلى، ئۇنىڭ «هېس - تۇيغۇسى» قەلەمنى ئېلىپلا خىيالىي يېزىۋېرىش، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىشنىڭ، مەدەنىيەت بىلەن نادانلىقنىڭ، هادىسە بىلەن ماهىيەتنىڭ، ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرماسلىق، بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا: «ئۆزۈملۈك ئاڭ» هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بەزى ئاق كۆڭۈل ئوبزورچىلار بېي داۋنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى بىلەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىشنى ئۆزئارا باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بېي داۋنىڭ

كۆپلىگەن شېئىرلىرىغا يېزىلغان ۋاقتى ئەسكەرتىلمىگەچكە، بىر نەرسە دېيىش قىيىن. بىراق، شېئىرلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بېسىمى ئاستىدىكى روھىي ھالەت يېزىلغان دېيىلگەندىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ قانداق مەيداندا تۇرغانلىقى، قانداق كۆز قاراشتا ئەكس ئەتتۈرگەنلىك مەسىلىسى بار. بېي داۋنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ نەزەرى بىلەن تۇرمۇشنى چۈشەنگەن، كۆپ بولغاندىمۇ پەقەت سوتسىيالىزم ھەمراھلىرىنىڭ نەزەرىدە تۇرمۇشنى چۈشەنگەن، دېسە بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا ئىدىيىۋى پەللىدىكى پەرقنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس! بېي داۋ پەردازلىغان «چوكقۇرلۇق» ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى كەمقانلىق كېسىلىنى يوشۇرالمىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئېغىشنى تېخىمۇ يوشۇرالمىغان. بېي داۋ «دەھشەتلىك چۈش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

دەھشەتلىك چۈش بۇرۇنقىدەك كۈن نۇرىدا يامرىدى،
ھارۋىلارنىڭ ئىزلىرىنى يول ئۈستىدە قىپقالغان
نېپىزغىنە قىراۋ يەنە قاپلىدى،
بۇندا ئېغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى ھېچبىر جان.

بېي داۋنىڭ نەزەرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق مانا مۇنداق:

ئەبەدىي مانا بۇ ئادەملەر
تەقدىرگە بويسۇنۇپ كەلمەكتە.
نەسىھەت، دوراش ۋە جاڭجالنى
ئۆز ئىززەت - نەپسى دەپ بىلمەكتە.
ئەنە شۇ كوچىنىڭ يېگانە
ئىرادىسى مەن بىلەن كەلمەكتە.
(«كۈندۈزدىكى چۈش»)

(بۇ شېئىردا «دەرىجىدىن تاشقىرى بازار» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ يېقىندا يېزىلغان ئەسەر بولسا كېرەك) بېي داۋنىڭ «سۇبيېكتىپلىق ئېڭى» بىر قىسىم ياشلارنىڭ «ئەقىدە كرىزىسى» گە ماس كەلدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ سېھىرلەش كۈچى ۋە ئەكس تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. بۇمۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، بېي داۋنىڭ شەخسەن ئۆزى سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزم بىلەن ئەزەلدىن قارشىلىشىپ كەلدى. ئۇ چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى، مانا بۇ ئۇنىڭ سىياسىي مەيدانىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بەردى. ئېلىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا (ماددىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە) قالاق تەرەپ مەۋجۇت. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، بىز ھازىر سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىمىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتمۇ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى داۋاملىق تەكىتلەۋاتقـ
دۇ. بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بىر شائىردا، ئەقەللىيسى، ئادەتتىكى بىر جۇڭگو گراژدانىدا
«دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ـ ھالاك بولۇشىدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بـار» دەيدىغـان تونـ
ۇشنى ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ھەدېسىلا يېتەرسىزلىكلەرنى
پاش قىلىش، ھەتتا ئاپەت باسقاننى كۆرسە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىش ھەرگىز
تەرەققىپەرۋەر شائىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە ئەمەس! دېموكراتىك ئىنقىلاب
دەۋرىدىمۇ بىر قىسىم شائىر، يازغۇچىلار ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ھەمراھلىرى قىياپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىققـانىدى. ئـۇلار پەقەت خەلققە پايدىلىق ئەسەرلەرنى يازسىلا، گەرچە
ئەسەرلىرىدە خىلمۇ-خىل چەكلىمىلەر بولسىمۇ، خەلق يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىـلەن
بىرلىكتە ئالغا بېسىشىنى قارشى ئالغـانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر
كۆرەش ئەمەلىيىتىدە ھەمراھلاردىن ئىنقىلابچىلارغا ئايلانـدى. ئېچىنـارلىقى شۇكى،
بېيى داۋ بۇ پارلاق يولدا ماڭمىدى.

«كۈندۈزدىكى چۈش» بېيى داۋنىڭ داشقايناق ئىدىيىسى مۇجەسسەملەشكەن داسـ
تان. بۇ داستان 23 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا ئىچكى بـاغلىنىشلـىق بىر
تۇتاش ۋەقەلىك يولمىسىمۇ، بىراق بىر مەركىزىي ئىدىيەلىنىيىسى بـار. بـېـيى داۋ:
«سەن ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىدىڭ» (داستاندا بۇ مىسرا ئۈچ قېتىم تـەكرارلىنىـ
ۇ) دېگەن مىسرا ئارقىلىق جەمئىيەتكە، ھاياتقا بولغان كۆز قارىشىنى بايان قىلىدۇ.
ۇ داستان بېيى داۋنىڭ بىر «ئىجتىمائىي خىتابنامىسى!» بېيى داۋنىڭ قارىشىچە:

كىشىلەر ئويغاندى تاش گۈمبەزلەردە.

بىراق، كىشىلەر يەنىلا:

ئايـرودرومـدا تىنىگەن بالىلارغا ئوخشايدۇ،
قالدى رۇمكا ئىچىدە بىر يىللىق قارا زۇلمەت.
سەن لايىھىلەپ چىققان قارا سايە ئىچىدە
مەن تۇرىمەن قامىلىپ ئەبەدىلئەبەد.
زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر تارلىرىنى چېكىشىپ،
چۈشۈپ كەلدى ئاسماندىن پەسكە قاراپ ئاقىۋەت.
بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولۇپ تۇرغـىنى
قۇرۇپ ـ قاغجىراپ كەتكەن مۇشۇ بىر دەريا پەقەت.
بۇندىكى ئادەملەر ھەممىسى،
تەقدىرگە تەن بېرىپ كەلمەكتـە.
نەسىھەت، دوراش ۋە ماجىرانى
ئۆز ئىززەت ـ نەپسى دەپ بىلمەكتە!

بىز سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇپ، كىشىلەرگـە پۈتمەس-
تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى دېسەك، بېيى داۋ بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلەرگـە
مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

لىزول دورا پۇرا تۇرغان بىر سەھەر پەيتى،
نۆۋەتچى دوختۇر يازدى ئۆلۈم دوكلاتىنى.
ئەپيۇنگۈلدەك خۇش بۇي ئاشۇ قىز كېزىپ چىقتى
دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ سودا بازىرىنى؛
سۇنغان پىچاققا ئوخشاش ھېسسىياتىنكى كىشىلەر
ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچتى قىشنىڭ سوغۇق نۇرىنى.
بېي داۋنىڭ ئالدىدىن:
يېڭى ئىدىيە چۇقان سېلىپ بارماقتا ئۆتۈپ،
ئۇنىڭ بېي داۋدا قالدۇرغان تەسىرى:
تامچە قېنى چىۋىننىڭ كەتتى مېنى چۆچۈتۈپ!

بىز سوتسىيالىستىك جۇڭگو خەلقى ئەركىنلىككە ئېرىشتى، دېسەك، بېي داۋ ئۇنى شېئىردىي مىسرالار بىلەن مۇنداق دەپ رەت قىلىدۇ:

ئىز قوغلىشىپ تۇتىماق بولغان ئەرسىمىز
ئىدىيىنىڭ غايىبانە ئوقىدىن
قېچىپ يۈرگەن ئەركىن ھايۋان تېرىسى.
سىلەر ھايات قالمايسىلەر ئاقىۋەت،
بارىدىغان جايىڭلار يوق تائەبەد!

بېي داۋ بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، «تۇتۇق شېئىر» دىن ئىبارەت نىقابىنى تامامەن چۆرۈۋەتتى، ئەقەللىسى، ئادەتلىنىپ قالغان «ئەگىتىپ يېزىش» نىمۇ كېرەك قىلمىدى، بەلكى كۆڭلىگە نېمە كەچسە شۇنى دېدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنى قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويدى! بېي داۋ خېلى بۇرۇنلا «سوكۇتتە تۇرۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن» ئىدى. ئۇ شېئىرلىرىدا قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشتىن تارتىپ، سىياسىي بوران - چاپقۇنلارغا ئۆزىنى ئاتقۇچە، پەردە ئارقىسىدىن پەردە ئالدىغا سەكرىگىچە بەكمۇ سەت بولغان «ئۈچ بالداق تاقلاش» نى تاماملىدى. ئەگەر بېي داۋنىڭ «سۇبيېكتلىق ئېڭى» نىڭ يەنىلا مەلۇم ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئۇ سەلبىي جەھەتتىن بىزنى تەربىيىلەيدۇ، خالاس، ئۇنىڭ «سۇبيېكتلىق ئېڭى» نىڭ خەلققە ۋە دۆلەتكە زىيىنى باركى، پايدىسى يوق! بېي داۋنىڭ شېئىرلىرىدا مەلۇم «يېڭىلىق يارىتىش» بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ «يېڭىلىق يارىتىش» ئىنتايىن چەكلىك بولدى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار:

شېئىرىيەت شەكىل كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە، تۇرغۇنلىغان قەدىمىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تەلەپتىن كۆپ ئارقىدا قالدى، ئىستىئارە، سىمۋول، ھېسسىياتلارنىڭ ئۆتۈشۈشى، كۆرۈش بۇلۇڭى بىلەن پېرسپېكتىۋنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش، زامان - ماكان تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىزگە ئىستىقبال يارىتىپ بېرىدۇ.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇلار ھېچبىر «يېڭىلىق» ئەمەس، غەرب

مۇدىرنىزمچىلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن ئالدىقاچان پىششىق تونۇش ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىمەيلا قويايلى، ئېلىمىزنىڭ 30 - ، 40 - يىللاردىكى يېڭى شېئىرىيىتىدىمۇ بۇلار ئالدىقاچان ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. پەقەت «ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق» قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەر بۇلاردىن بىر مەزگىل ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. بېي داۋنىڭ «يېڭىلىق يارىتىش» دېگىنىنى ماختاپ گويا ئاسماندا بار، زېمىندا يوق، دېگەن يەرگىچە بېرىش، روشەنكى، شېئىرىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «يېڭىلىق يارىتىش» تىن پايدىلىنىپ، يېڭى شېئىرىيەتنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى چەتكە قېقىش «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس! بىز يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، بېي داۋنىڭ شېئىرلىرىنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ «شەكىلنىڭ كىرىزىسى» ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ! ئۇ تاللىۋالغان پىكرى سىمالارنىڭ، مەسىلەن: «قار كۆچۈش»، «سۇنۇق كوزا»، «جەسەت» قاتارلىقلارنىڭ كۆپلەپ تەكرارلىنىشى ھەرگىز ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ. بېي داۋنىڭ «ئەقلىي تەپەككۇر ئېڭى» غا كەلسەك، مەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن، ئەمدى ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى ھەققىدە سۆزلىسەم، ئۇنىڭ «ئەقلىي تەپەككۇرى» نىڭ تولىسى شېئىرلارغا سىرتتىن تېڭىلغاچقا، شېئىرلارنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كېمەيتىۋەتكەن. پىكرى سىمالارنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشى، شېئىرلاردىكى ئوبرازلارنى بۇزغان ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن.

3

«بېي داۋغا قايتا باھا» بېرىش، بېي داۋنى كۆككە كۆتۈرگەن بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل ئازابلىق ئىش بولۇشى مۇمكىن. بېي داۋنى تەنقىد قىلىش، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلىش دېگەن سۆز. بىراق، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، خاتالىقنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزمچى بولغىلى بولىدۇ.

بىز قانداق چاغدا سوتسىيالىستىك شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، شېئىرىيەت بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش باشتىن ئاخىر شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشى ۋە شېئىرىيەتكە باھا بېرىشنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانىدۇر. بېي داۋنىڭ شېئىرلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشقا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە پايدىسىز. ئىجادىيەت يۆنىلىشى خاتا بولسا، بىر قىسىم ياش شائىرلار تېخىمۇ يولغا

كىرىپ قالىدۇ، شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىمۇ خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشتا بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى كىرگۈزۈش جۇڭگوچە شېئىرىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ تۈپ مەقسەتتىن ئايرىلغاندا، ئاساسلىقنى تاشلاپ، پارچە - پۇرات نەرسىگە ئېسىلىۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ. بېيى داۋنىڭ شېئىرلىرى «ئېچىۋېتىش» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزى تەنقىدچىلىرىمىز ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرمىگەچكە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىكى توغرىلىق بىلەن خاتالىقنى سۈرۈشتۈرمىگەچكە، ياكى ئۇنىڭدىكى خاتا ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا قوشۇلغاچقا، خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ بېيى داۋنى ھە دەپ ماختايدىغان «بېيى داۋ ھادىسىسى» كېلىپ چىقتى.

ئىككىنچى، شېئىرىيەت ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ سىستېمىلىق قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش مۇھىم بىر ھالقا. بىز دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى بىلەن كۆپ خىللاشتۇرۇشنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز، بولۇپمۇ كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش نامىدا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز تۈردە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى يېزىشنى ئاجىزلاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى، بېيى داۋغا ئوخشاش شېئىرلارنى يېزىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھۇلىنى بۇزماسلىق كېرەك. مۇنداق «كۆپ خىللىقلىق» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ بېيى داۋنىڭ شېئىرلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى ئېيتقاندەك «ئۆزىنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى ھېچقانداق نەتىجە- تۆھپىلەرنى ئىپادىلەشكە نەزەرمۇ سالماسلىق» دېگەننى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى، شۇڭلاشقا بېيى داۋ ھەقىقىي دەۋر كۈيچىسى بولالمىدى.

ئۈچىنچى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يۆنىلىشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى چەتنەش ياكى خاتالىقلار كۆرۈلسە، بۇنى ساغلام ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى ئارقىلىق توغرا يولغا يېتەكلەش مۇمكىن، ئەگەر بېيى داۋنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىدا خاتالىق كۆرۈلگەن ھامان ئوبزورچىلار ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان بولسا، بېيى داۋ ئۆز خاتالىقىنى ئۆزگەرتمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ياش ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنى قايمۇقۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شېئىرىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بېيى داۋنىڭ شېئىرلىرىغا خېلى بۇرۇنلا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار گېزىت - ژۇرناللاردا تەنقىد قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. بىر تۈرلۈك پىكىردىكىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: تەنقىد قىلىشقا زادى بولمايدۇ، تەنقىد قىلىش «باسقانلىق» بولىدۇ، ھەتتا «يېتەكلەش» دېگەن سۆزنىمۇ قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «سەنئەتنى يېتەكلەشنىڭ

زۆرۈرىيىتى يوق»، «ياش شائىرلارنى يېتەكلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق»، «يېتەكلەش» دېگەنلىك «قول شىلتىش» ۋە «ئۇستاز» لىق كىبىرىنى كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، بېي داۋنى ماختايدىغان شۇنچە كۆپ ماقالىلەر ئېلان قىلىندى، بۇ «يېتەكلەش» بولماي نېمە؟ قىسقىسى، بۇ خاتا يېتەكلەشكە رۇخسەت، توغرا يېتەكلەشكە رۇخسەت يوق، دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بېي داۋنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، مەلۇم «ئۇستاز» لارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن چىققان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ھازىر رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىپ، پايدىلىق قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ياش شائىرلارنى تەربىيىلەشتە، ئەمدى ھەرگىز بەدىئىي ماھارەتنىڭلا قاراپ، ئىدىيە ئەھۋالى ۋە ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ياش شائىرلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىشكە سەل قارالغاندا شېئىرىيەتنىڭ ئىقتىدارلىق يېڭى مايسىلىرى ھالاك بولىدۇ. ياش شائىرلار ئەڭ ئالدى بىلەن بەشنى سۆيىدىغان (ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى ۋە سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان) تۆتكە ئىگە (غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان) يېڭى كىشىلەردىن بولغاندىلا، ئاندىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك شائىر بولۇپ چىقالايدۇ. شائىرنىڭ پەزىلىتى شېئىرنىڭ پەزىلىتىنى بەلگىلەيدۇ. شائىرلىق پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش شائىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بۇرچى. شائىرلار ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. «بېي داۋغا قايتا باھا» بېرىپ، قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈپ نېگىزىدىن توغرىلىغاندىلا، يېڭى شېئىرىيەت توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ.

«شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 11- سانىدىن

رەخىم قاسىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدا ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

90 - يىللار ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئىلگىرىلەپ تازا راۋاج تاپىدىغان ئاچقۇچلۇق يىللار. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئورتاق كۈرىشى ۋە تۇرمۇشىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ئىپادىلەش، تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىستىك بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيىتىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

1. قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش ئەنئەنىسىنى ۋە يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئىجابىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى لازىم. رېئال تېمىلاردا بولسۇن، تارىخىي تېمىلاردا بولسۇن بولىۋېرىدۇ. لېكىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى يېڭى تۇرمۇشى، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسقانلىقىدىن ئىبارەت جانلىق رېئاللىقنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈش تەكىتلىنىدۇ.

2. بەدىئىي جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش، ئىمكان قەدەر يېڭىچە نۇقتا ھەم ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىش، چوڭقۇر قېزىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئوچېرىك قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئەسەر قوبۇل قىلىش ۋاقتى: 1992 - يىلى 5 - ئايدىن 1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىدۇ. تەۋسىيە قىلىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەر «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىلسە بولىدۇ. ژۇرنال ئۇلارنى تاللاپ ئېلان قىلىدۇ.

5. قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنى جەمئىيىتىمىز 1993 - يىلى 5 - ئايدا بىر تۇتاش باھالاپ مۇكاپاتلايدۇ. مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارغا مۇكاپات سوممىسى ۋە گۇۋاھنامە بېرىلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى**

**1992 - يىل 4 - ئاي**

# يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ۋاپات بولدى

پېشقەدەم يازغۇچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى خېۋىر تۆمۈر 1992- يىلى 1 - ئاينىڭ 29 -كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 70 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

خېۋىر تۆمۈر 1922 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللىدىكەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كۇچا، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ھەم تولۇقسىز ئوتتۇرا ئىسنىپلاردا ئوقۇغان، 1939 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، توقسۇن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى مۇشۇ يىللاردا تازا كۈچەيگەن. 1944 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ 1945 - يىلى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ يىللىرى ئۇنىڭ «بالا»، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق»، «يولۋاس ئۇخلاپ ياتتى» قاتارلىق ھېكايە، داستانلىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

خېۋىر تۆمۈر پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن جاپالىق ئىجادىي ئەمگەككە كىرىشكەن. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى، «ئابدۇقادىر داموللام» ناملىق تارىخىي قىسسىسى، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك قىسسىسى، «تاغ ئالدىدا» ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىنغان. ئۇندىن تاشقىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق تارىخىي ئوچېركى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە «خىددىسخان»، «كۆلپەتلىك يىللار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «بىر مەيدان پۇت توپ مۇسابىقىسى»، «ياقۇپبەگ ۋە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا «موللا زەيدىن» ناملىق كىنو سىنارىيىسى، «ئىككى ئانا»، «كەلدى باھار» ناملىق دراممىلىرى، «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئالتۇن ئەقىل»، «سۈرەت»، «تۇغقان»، «ۋاقتىم يوق» قاتارلىق ھېكايە، شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان.

خېۋىر تۆمۈر پەزىلەتلىك، كەمتەر، تىرىشچان يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى. ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماستىن، ئىزچىل جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىمىزگە قىممەتلىك مول مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. خەلقىمىز ئۇنىڭ بۇ تۆھپىكار يازغۇچىسىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.



مەرھۇم يازغۇچى

خېۋىر تۆمۈرنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



يازغۇچى ئائىلە


تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە .





يازغۇچى دوختۇرخانىدا

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا .




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1992 - يىل 4 - سان (374 - سان)، 42 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى: 830000